ھەببۇللا ئابلمت

# مۇز تۇتقان دەريا

(رومان)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇشبۇ رومان ئۇيغۇر پروجېكت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بېسىلدى.

# مۇز تۇتقان دەريا

**(رومان)**

**ھەبىبۇللا ئابلىمىت | Aybibulla Ablimit**

**تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى**

**2024 - يىلى يانۋار 1 - نەشرى**

ISBN: 978-1-959397-42-7



ئاپتور: ھەببۇللا ئابلىمىت

## نەشرىياتتىن

مۇھتەرەم كىتابخان قولىڭىزدىكى «مۇز تۇتقان دەريا» ناملىق رومانىنىڭ مۇئەللىپى يازغۇچى ھەبىبۇللا ئابلىمىت 1965 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە، بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1973 ـ 1983 ـ يىللىرىغىچە غۇلجا شەھەر 12 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە غۇلجا شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1983 ـ 1988 ـ يىلغىچە سانائەت ئىنستىتۇتى (2000 ـ يىللىرى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» غا قوشۇلۇپ كەتكەن) نىڭ ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ 1995 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گېرمانىيەگە ھىجرەت قىلغان.

ئۇ 1999 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە ميۇنخېن تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 2002 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە «ئىنژېنېرلار ئۈچۈن ھۈنەر ـ سەنئەت» ناملىق مەكتەپتە كومپيۇتېر تېخنىك بىلىملىرى ۋە ماشىنا ئېلېمېنتلىرىنى پىروگراممىلاش كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. ھازىر گېرمانىيەدىكى داڭلىق ئىستانوك ئىشلەپچىقىرىدىغان «سپىننېر ماشىنىسازلىق زاۋۇتى»دا مۇھەندىس بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ھەبىبۇللا ئابلىمىت بىر ماشىنىسازلىق مۇھەندىسى بولۇپلا قالماي يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يۇقۇرى شىجائىتى

ۋە ئەجىر - مېھنەت مېۋىلىرى بىلەن تونۇلۇۋاتقان ياخشى بىر يازغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە چوڭقۇر ئىزدىنىش روھى بىلەن ئۆز خىزمىتىدىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ 20016- يىلى «مۇقەددەس ۋەزىپە» ناملىق ھېكايىسىنى يېزىش ئارقىلىق رەسمىي ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم تاشلىغان ئىدى. شۇنىدىن بۇيان 60 دىن ئوشۇق ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئوبزورلارنى يېزىپ تور دۇنياسىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ يەنە جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسىرىنى تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى پارچە-پارچە ھېكايىلەرنى بىر پۈتۈن ھېكايە شەكلىگە كەلتۈرۈپ «مەسنەۋىدىن دۇردانىلەر» ناملىق كىتابىنى نەشردىن چىقاردى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «مەۋلانە دەرگاھىدىن دۇردانىلەر» ناملىق تەرجىمە كىتابى ۋە ئۆزى يېزىپ چىققان «جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرى» ناملىق كىتابلىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشردىن چىقتى. 2021- يىلى بولسا، «تاشئالما»ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى ۋە مەرھۇم لىدىرىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ پۈتكۈل ھايات تارىخىغا بېغىشلاپ يېزىلغان ئىككى قىسىملىق «يول» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشردىن چىقىرىپ، مۇھاجىرەتتىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. 2023- يىلى بولسا «مەسئۇت ئەپەندى» ناملىق تارىخىي رومانى نەشردىن چىقتى.

قولىڭىزدىكى «مۇز تۇتقان دەريا» ناملىق مەزكۇر رومان

بولسا، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ جۆملىدىن ئانا تىلىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشىۋاتقان مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ھەبىبۇللا ئابلىمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تېما قىلىپ يېزىپ چىققان ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

# مۇز تۇتقان دەريا

(رومان)

مەزكـۇر رومـان 2023.01.01 — 2023.08.19 مۇيۇنخېنــدا يېزىلـدى.

# 1

تاڭ قۇياشى ئالەمنى يورۇتۇشقا باشلىغان چاغدا، قازاغىستاننىڭ ئالماتا شەھىرىدىن تۆنۈگۈن كەچتە ئۇچقان ئايروپىلان ئالتە سائەتلىك ئۇچۇش مۇساپىسىنى تاماملاپ، گېرمانىيىنىڭ فرانكفۇرت شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. دېرىزىدىن تۆۋەنگە نىگاھىنى ئاغدۇرغان بىر جۈپ كۆل رەڭ كۆزنىڭ ئالدىدا شەرقتىن غەرب تامام ئېقىۋاتقان مايىن دەرياسى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە ئەركىن ئېقىۋاتقان ئىدى. گويا ئۇشبۇ زېمىندا ئېقىشقا مۇيەسسەر بولغان دەسلەپكى كۈندىن باشلاپ، شۇنداق ئەركىن، شۇنداق شوخ، شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق تازا، شۇنداق شېئىردەك ھېسسىياتلىق ۋە شۇنداق بەھەيۋەت تىنىمسىز ئېقىشقا ۋەدە قىلغاندەك ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بەجايىكى سامادىكى پەرىلەرنىڭ چاچلىرىدىن يېشىلىپ يەر يۈزىگە چۈشكەن ماۋى لىنتىندەك يەڭگىل تولغۇنۇپ تۇراتتى. بىر لەھزە بېقىشتىن كېيىن، سۇ سۈزۈلگەندەك كۆڭلى بىردىنلا روشەنلىشىپ قالغان ياش خانىم، خوشاللىق يۈگۈرگەن يۈزىنى ئوغلى تەرەپكە قاراتتى ۋە بېقىنىغا بېشىنى يۆلەپ، ئۇخلاۋاتقان بەش ياشلاردىكى ئوغلىنىڭ تۈنىدەك قارا چاچلىرىنى سۈتتەك ئاپئاق قوللىرى بىلەن مېھرىلىك سىلىدى. بالىنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىنى قويۇق، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يېپىپ تۇراتتى، نەشپۈت چېچەكىدىن ئەندىز ئالغان ئاپاق يۈزىدە بىر خىل خاتىرجەملىكنىڭ زەررىچىلىرى يالتىرايتى، يەڭگىل تىنىقىدىن

يېڭىلا ئۈزۈلگەن ئەتىرگۈلنىڭ ھىدى كېلىۋاتقان ئىدى. بالىنى بالدەك تاتلىق ئۇيقۇ ئۆز قوينىغا ئالغان بولۇپ، ئۇيقۇلۇق بۇ ھالى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى. بالىنىڭ قانداق بەختلىك چۈشلەرنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەنلىكى چىرايىدىكى تەبەسسۇمدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئالۇچىدەك لەۋلىرى ۋە چىرايلىق بۇرۇننى بىلەن قاشلىرى بولسا، بۇ گۈدەك بالىنىڭ چۆچەكلەردىكى پەرى قىزلارنى ئۆزۈگە مەپتۇن ئەيلەيدىغان تەڭدىشى يوق چىرايلىق يىگىتلەردىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەت بېرىۋاتقانىدى. باشقا ئىشلارغۇ بىر نۆرى، ئىككى ئايدىن بىرى بىرىنجى قېتىم ئوغلىنىڭ بۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىغانلىقىنى كۆرگەن ياش خانىم ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئانىلار قاتارىدىن چاغلاپ، خاتىرجەملىكىنىڭ قوينىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كىرىشكە مەجبۇر بولىۋاتقانىدى. يەنە شۇنداقتىمۇ «نەرسىنى كۆرگەندە ئىگىسى ئېسىگە كېلىدۇ» دېگەندەك، ئېرىنى سېغىنىپ، ئويغا تولغان كۆزلىرىنى يەنە دېرىزىگە تىكتى ۋە دەرياغا باقتى، شۇ دەمدە باشلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، جانلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئۆيدىن چىققان ئەنە شۇ تاڭ سەھەر بىلەن مۇز تۇتقان دەريادىن كەچكەن 24 سائەتلىك ئۆز ئۆمرىدىكى ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ مۇشەقەتلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىككە ئەسىر بولغان سەپەر يادىدىن مائىن دەرياسىنىڭ ئېقىشىنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا كېچىشكە باشلىدى

## 2

قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى ئاخىرلاشمىغان بولغاچقا مەھەللە

قاپقاراڭغۇ كېچىنىڭ چاڭگىلىدىن تېخى قۇتۇلۇپ چىقمىغان ئىدى، يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئېتىلداق(پوجاڭزا)نىڭ «پاڭ - پۇڭ» قىلغان ئاۋازى ئاندا-ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەھەردە سايرايدىغان شانلىق غورازلارنىڭ ئاۋازى بىلەن كېچە جىمجىتلىقىغا ئارام بەرمەيدىغان مەھەللە ئىتلىرىنىڭ قاۋۇغان ئاۋازلىرىمۇ  يوق ئىدى. ئۈستىگە ئاپاق قاردىن يېپىنچا ئارتىۋالغان ئاقتېرەكلەر بىلەن تار كوچىلار جىمجىت ئۇيقۇغا پاتقان ئىدى. بۈگۈن دەل 2018- يىلى 16- فېۋرال بولۇپ، خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋىي دېھقانلار كالېندارى بويىچە ھېسابلىغاندا يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى، تېخىمۇ ئىنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئىت يىلىنىڭ بىرىنچى كۈنىنىڭ قاق سەھەر ۋاقتى ئىدى. ئۇشبۇ كۈن خىتايلارنىڭ بايرام كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن كېچىچە ئېتىلداق ئېتىپ بەزمىگەن بەزى خىتايلارنىڭ تاڭ يورۇش ئالدىدىمۇ بىردىن - ئىككىدىن ئېتىۋاتقان ئېتىلداقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى يىراقلاردىن بۇ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى سۈكۈناتىنى بۇزماقتا ئىدى.

ياش خانىم بىلەن بالا ئۆز قورۇسى ئىچىدىمۇ قانداقتۇ بىرلىرىگە شەپە تۇيدۇرۇپ قويۇشتىن خەۋپسىرىگەندەك، ئاخشام ياغقان مامۇختەك يۇمشاق قارلارنىڭ ئۈستىگە پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى.  بالىنىڭ ئانىسى يەنى ياش خانىم قولىدىكى سەپەر سومكىسىنى، قارنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقايدىغان قاغا تۇمشۇقلۇق ئىلغۇچنى يۇقۇرغا كۆتۈرۈپ ئاچقاندىن كېيىن، ئورۇنسىز

ئـاۋاز چىقىـپ كېتىشـتىن سـاقلىنىش ئۈچـۈن تۆمـۈر ئىلغۇچنـى ئاسـتا ـ ئاسـتا تۆۋەنگـە قارىتـىپ قويـدى. يەنـە شـۇنداقتىمۇ «تىربـك» قىلغـان يەگگىـل تـاۋۇش چىقىـپ، ئانـا ـ بالىنىـڭ تىنىقىدىـن باشـقا ئـاۋاز ئاڭلانمايۋاتقـان قورانىـڭ جىمجىتلىقىغـا تـاۋۇش قوشـقانىدى. دەل مۇشـۇ چاغـدا بالىنىـڭ كۆزلـىرى ئىختىيارسـىز چەكچىيىـپ كەتتـى ۋە كۆمـۈش بالاقوشـۇقنىڭ سـپىدەك ئـوڭ بىگىـز بارمىقىنـى نىپىـز لەۋلىرىگـە تەگكـۈزۈپ تـۇرۇپ، ئانىسـنى دەرۋازىنـى تاۋۇشسـىز ئېچىشـقا ئاگاھلاندۇردى. ئانىدىـن دەرھـال ئۆزىنـى رۇسلاپ، ئىككـى قولـى بىلـەن ئۆشـنە سومكىسـىنىڭ ئىككـى بېغىنـى تۈزەشـتۈردى ـ دە، ئانىسـىنىڭ ئالدىغـا ئۆتـۈپ، نوتىـدەك قوللـىرى بىلـەن دەرۋازىنىـڭ بىـر قانىتىنـى پـەم بىلـەن ئـازراق ئالدىغـا تارتـى ۋە گويـا تۇخۇمنىـڭ شـاكىلىنى يېرىـپ، تۇمشـۇقىنى ئەمـدىلا ئەركىـن دۇنياغـا قارىتـىپ چىقارغـان چۈجىلـەردەك دەرۋازىنىـڭ يوچۇقىدىـن مـاۋى رەڭلىـك يـۇڭ يىپتىـن توقۇلغـان دوپپـا كىيگـەن بېشـىنى سـىرتقا چىقـاردى. بالىنىـڭ يۈرىكـى تۈلكىدىن قېچىپ ئۇۋۇسـىغا ئاران يېتىشـكەن توشـقانىنىڭ يۈرىكىدەك «دۈپ ـ دۈپ» قىلىپ سـوقىۋاتقان ئىـدى. بـالا يۈزىنـى گويـا ئاشـۇ قاچقۇن توشـقاندەك ئۇيـاق ـ بۇياققـا قارىتىپ، ئادەمسـىز كوچىنىـڭ ئىككى تەرىپىنى كۆزىتىـپ، ئەتراپقـا قـۇلاق سـالدى ۋە كوچىـدا ئەنسـىرگۈدەك بىر ئالامەتنىـڭ يوقلىقىنـى جەزملەشـتۈرگەندىن كېيىـن، دەرۋازىنـى شەپىسـىز ئېچىـپ سـىرتقا چىقتى. تاركوچا ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ كەتكـەن بولـۇپ، گويـا شـىمالى قۇتۇپتىكـى قار-مۇزلارغـا كۆمۈلگـەن پىنخان ماكانغا ئوشاش شـۇنچىلىك جىمجىتلىقنىڭ سـۈكۈناتى قوينىـدا تىـم ـ تىنـچ ئۇخلىماقتـا ئىـدى، پەقـەت

ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن باشقا بىر ئاۋاز ۋە ياش خانىم بىلەن بالىدىن باشقا ئىنسان بالىسى كوچىدا يوق ئىدى. ياش خانىم چاقماقتەك تېز ھەرىكەت قىلىپ، يانچۇقىدىن ئالدىن تەيارلاپ قويغان قولۇپنى دەرھال چىقىرىپ، دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىغا سالدى، بۇ چاغدا بالا دەرھال قويىنىغا تىقىۋالغان پىلجىكتورىنى چىقىرىپ ياندۇردى ۋە يورۇقلۇقىنى ئانىسى تەرەپكە قاراتتى. دەرۋازىنى قۇلۇپلاش تاماملانغاندىن كېيىن، ياش خانىم قاتناشقا قايسى تەرەپ بىلەن مېڭىش توغرىسىدا سەل ئىككىلىنىپ قالدى ۋە ئۆز- ئۆزىگە خاپا بولغاندەك ۋە يەنە بەزى بىر ئىشلارنى چالا قىلىپ قويغىنىدىن ئۆزىگە ئۆچلىكى كەلگەندەك قىلىپ «چىك» قىلغان تاۋۇشنى قاردەك ئاق چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرگەندى. ياش خانىم بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگىنىگە توپتوغرا بىر يىل بولغان ئېرىدىن بىرىنچى قېتىم مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ ئارزۇسىنى يېرىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىددى سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ بۇسىنى چىقارماي پۈتۈرگەندىن كېيىن، پىلان بويىچە بۆگۈن سەھەرنى ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ بىخەتەر ۋاقىت دەپ چاغلاپ مەزكۇر سەپەرگە ئاتلانغانىدى. ياش خانىم بىر لەھزە ئۆتە - ئۆتمەيلا كەسكىن قارارغا كەلدى - دە، ئوڭ تەرەپتىكى ئۈچ دۇكانغا تۇتاشقان تار كوچا بىلەن ماڭغاندىن كۆرە، سول تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭ كوچا بويىچە ماڭسا، جېسەكچىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتمايدىغانلىقىدىن ئەمىن بولدى ۋە ئوڭ قولىدا سومكىنى كۆتۈرۈپ، سول قولىدا

ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى تېز - تېز قەدەم ئېلىپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، چوڭ كوچا دوخمۇشىغا چىقتى. كوچىدا ھەقىقەتەن ئادەم يوق ئىدى، پەقەت ئۇدۇلدىكى تار خالتا كوچىنىڭ ئىچىدىكى ئائىلىكلەر قوراسىدا ئولتۇرىدىغان مۇشۇ مەھەللىدىكى يالغۇز بىر ئائىلىلىك خىتايلارنىڭ كېچىدە ئاتقان ئېتىلداقلىرىنىڭ قالدۇقلىرى چەيلەنگەن قارلارنىڭ ئۈستىدە چېچىلىپ ياتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قار دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە سانجىپ ئاتقان ئېتىلداقنىڭ چوكىدەك ياغاچ ساپلىرى ئۇيەر- بۇيەرلەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. تاڭ تېخى يورۇمىغان بولغانچا بۇلارنى ئىلغا قىلىش قىيىن بولۇپ، پەقەت بالىنىڭ قولىدىكى پىلجىكتورنىڭ يورۇقىدىلا ئۇلار ئەنە شۇنداق روشەن رەۋىشتە كۆرۈنۈۋاتقانىدى. دەرۋەقە، مۇشۇ تار خالتا كوچا ئېغىزىدىكى قارلارنىڭ ئاپئاق يۈزىگە چۈشكەن قارا داغلار ۋە سانجىقلىق تۇرغان چوكىدەك ياغاچلار ئەنە شۇ ئېتىلداقنىڭ قالدۇق ئەخلەت - چاۋالىرىدىن باشقا نېمە بولاتتى دەيسىز ؟ ھە راس، گويا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ۋە نەسىھەتلىرىنى ئويۇپ قالدۇرغان ئورخۇن دەريا بويلىرىدىكى مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىگە ئوخشاشىراق كۆرۈنىدىغان بىر تاش بولسا بىرچەتتە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سوغۇق يۈزىنى ئۇلارغا قارىتىپ تۇراتتى. ئۇشبۇ تاش جەنۇپ تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆنچە مەھەللىسىگە تۇتاشقان چوڭ كوچا بىلەن غەرپ تەرەپتىكى ئۈچ دوكانغا تۇتاشقا تاركوچىنىڭ دەل كېسىشكەن جەينىكىگە بېلىگىچە پاتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مەزكۇر تاش ئۆزىنىڭ بىر مېتىردىن ئوشۇقراق كېلىدىغان گەۋدىسىنى

مۇشۇ سوغۇق سەھەردە ئانا ـ بالىغا روشەن رەۋىشتە نامايەن قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزۇتىۋاتقان بىردىن ـ بىر جىسىم ئىدى. ئەينى زاماندا بىرلىرى بۇ تاشنى دوخمۇشنىڭ شىمالىدىكى تۆرەم مەھەللىسى تەرەپتىن كەلگەن بىرەر قاتناش قورالىنىڭ ئۇدۇلدىكى كوچىغا چىقىپ تۇرغان تام جەينىكىگە ئۇرۇلۇپ كېتىپ، ئۆينىڭ كوچا تېمىنى بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ ئەيتەۋۇر بىر نېمىلەرنى ئويلاپ، مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. ياش خانىم ئەنە شۇ تاشقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقاندەك مەيۇس چىراي بىلەن تىكىلىپ قارىدى ۋە ئەينى چاغلاردىكى تاشنىڭ يېنىدىكى مەنزىرىلەر كاللىسىدىن چاقماق چاققاندەك يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئېرىنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە بىر چاغلاردا بۇ تاشنىڭ يېنى مۇشۇ بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ئۈچ مەھەللىدىكى ئەركەكلەرنىڭ ئۇچرىشىدىغان ئاجايىپ ئەپلىك ماكانى ئىكەن. ئۇلار بىر كۈنلۈك مەشغۇلاتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كەچلىك تاپاقلىرىنى شاپۇر ـ شۇپۇر يەپلا، گويا بىرەر مۇھىم يىغىنغا قاتنىشىدىغان سىياسى ئەربابلاردەك، تاشنىڭ يېنىغا يىغىلىشىپ، تا يارىم كېچىگىچە كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ، چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇشىدىكەنتۇق.

## 3

ياش خانىم بولسا، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتىنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل ئەدەبىيات مۇئەللىمە بولۇپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى

ساۋاقدىشى ۋە ئۆزۈ بىلەن بىرگە ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنە ئۆزۈ بىلەن بىرگە بىر مەكتەپتە تارىخ مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن ۋە مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ مەھەللىدە ئۆسكەن، مۇشۇ مەھەللىنىڭ يېتۈك ئوغلانى ھېسابلىنىدىغان يىگىتى بىلەن توي قىلىپ، مۇشۇ مەھەللىگە ياتلىق بولۇپ كەلگىنىگە سەككىز يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ 30 ياشلاردىن سەل ھالقىغان، ئوتتۇر بوي، ئاق يۈزلۈك، بۇرۇنلىرى ئېگىز، لەۋلىرى نېپىز، كۆل رەڭ كۆزلۈك، قارا قاشلىق، قارا چاچلىق تىپىك ئۇيغۇر چوكانلىرىدىن بىرى ئىدى. ياش خانىمغا ئېرىنىڭ دوخمۇش توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرى ھەقىقەتەن توغرا ۋە بەكمۇ جەلپ قىلارلىق قىزىق ئىشلار ئىدى. دەرھەقىقەت مەزكۇر دوخمۇش ۋە ئەنە شۇ ئەتراپى قارلار بىلەن ئورالغان تاشنىڭ يېنى ئەينى چاغلاردا مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئەڭ ئاۋات جايلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئېرىنىڭ ئېيتقىنىدەك باھارنىڭ شاماللىق كەچلىرىدىن باشلاپ تا كەچ كۈز كەچلىرىگىچە ئۇشبۇ جايدا ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. ئىگەكىم ياز كۈنلىرىنىڭ سالقىن چۈشكەن كەچلىرىدە، بۇ يەرگە چوڭ - كىچىك دېمەي نۇرغۇن ئەركەك تائىپىلىرى يىغىلاتتى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئون بەش ياشتىن تارتىپ تا 50 ياشلارغىچە قەدەر ئەركەكلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياش - قۇرامىغا بېقىپ، ئۆزلىگىدىن ئۈچ - تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كاسىلىرىغا چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىۋالغان قولياغلىقلىرىنى قويۇپ ئولتۇرۇشسا، يەنە بەزىلىرى داق يەرگە كاسىسىنى قويۇپلا ئولتۇرۇپ، پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. تاشنىڭ يېنىغا توپلانغانلار ئەنە

شۇ ئۆز تەۋەسىدىكى گۇرۇپپىلاردا ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە قارىتا، پاراڭلارنىڭ تېمىسىنى تاللاپ، شۇ تېما بويىچە تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى، ھەتتا پاراڭ ئارىسىدا بىرلىرى چاقچاق قىلاتتى ۋە ھەممىسى بىردەك «ۋەيت» دەپ ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ۋاقىرىشىپ، كۈلكىدىن مۈكچەيمىگەن بىرمۇ بەدەن قالمايدىغان ئاجايىپ كەيپىيات مەيدانىدا زاھىر بولاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا بەزىلەر ھاياجاندىن ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ كېتەتتى ـ دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كاسىسىدىكى توپىنى قېقىپ، باشقىلارنىڭ تىل ـ ئاھانىتىگە قالاتتى، يەنە بەزىبىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىنغان چاقچاقتىن كۈلۈپ تىنالماي چېكىۋاتقان موخۇركىسىنىڭ ئاچچىق ئىسى ئۆپكىسىگە كېتىپ، توختىماي يۆتۈلۈپ، پوكانىدەك قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ئاچچىق ياشلارنى توپىلۇق يەرگە تۆكسە، يەنە بىرلىرى قاتتىق ۋاقىراپ كۈلۈش بىلەن تەڭ گۈرەن تومۇرلىرى كۆپچۈپ، ئىختىيارسىزلىقتىن ئارقىسىدىن يەل قىچىپ كېتىپ، ئۇسۇرۇقنىڭ سېسىقى مۇلاقاتگاھنى بىخسىتىپ، ھەممە ئادەمنىڭ چىشىنى قىرىشتۇرىۋېتەتتى ـ دە، ئاخىرى چاقچاقنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قىلىپ، سورۇننىڭ پەيزىنى يەنە بىر بالداق يۇقۇرىغا چىقىرىۋېتەتتى. ئەنە ئاشۇ زامانلاردا مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىقتىسادى شارائىتى ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ناچار بولغىنى بىلەن، تۇرمۇشتا ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە خاتىرجەم ئىدى ۋە يەنە نۆۋەتتىكىدەك مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ ئاتالمىش مەنىۋي مەدەنىيەت جەھەتتىن يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئاساسىي قاتلام (مەھەللە كومىتېت)

كادىرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىدىغان كۇرسلىرى بولمىسىمۇ، مەھەللىدىكىلەر مەنىۋى جەھەتتىن ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن روھقا ئىگە ئىدى. ھەتتا ئادەملەرلا ئەمەس ئەتراپتىكى تەبىئىي موھىتمۇ بۈرۈنقىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل ئىدى. ئەنە شۇ كوچىنىڭ غەرىپ تەرىپىدىكى قار دۆۋىلىرى ئاستىدا قالغان ئېرىق بولسا، بۇرۇنلاردا يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ھېچ توختىماي ۋە مۇز تۇتماي شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ شاقىراپ ئاقىدىغان چوڭ بىر ئۆستەڭ ئىدى. ئۇشبۇ ئۆستەڭ بولسا، غۇلجا شەھەردە خىتاي بازىرى دەپ ئاتىلىدىغان بازارنىڭ شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان لەڭزە بېشى دەيدىغان جايدىكى بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىققان سۇلاردىن ھاسىل بولغان ئۆستەڭلەرنىڭ ئەڭ چوڭ تارماقلىرىدىن بىرى ئىدى. مەزكۇر ئۆستەڭدە قىش - ياز توختىماي سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ بۇلاق سۇلىرى ئاخىرى ئېقىپ بېرىپ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. ئەينى چاغلاردا مەھەللە ئەركەكلىرى بىر كۈنلۈك ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ، ئۆيلىرىدە كەچلىك غىزاسىنى ئالدىراپ-سالدىراپ يەپلا مۇشۇ يەرگە چىقىپ ئارام ئېلىشاتتى. مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ سالقىن ھاۋاسىنىڭ پەيزىنى سۈرگەچ، ئەنە شۇ تاشنىڭ يېنىدا ئالەمنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ تەرەپتىن كېلىۋاتقان قوناقگۈلنىڭ ھىدى بىلەن سۈزۈك سۇنىڭ سالقىن ھاۋاسى كۆپچىلىككە ئارام - بەخش بېغىشلاپ تۇراتتى. يان قورانىڭ باغلىرىدىن خىلمۇ - خىل گىياھلارنىڭ ئۆزگىچە خۇش پۇراقلىرى كېلىپ دىماققا ئۇرۇلاتتى ۋە ئەتراپتىكى دەرەخلەر بىلەن ھەرخىل

مېۋە كۆچەتلەرنىڭ خىسلەتلىك مېۋىلىرىدىن كېلىۋاتقان پۇراقلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ سالقىن چۈشكەنسېرىسى كۆپچىلىكنىڭ كەيپىگە كەيىپ قوشۇپ، دوخمۇشنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋېتەتتى. بولۇپمۇ ياش خانىمنىڭ ئېرى ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ تارىخقا بۆلەكچىلا قىزىقىدىغان بولغاچقا تارىخىي تېمىلاردا قىلغان سۆزلىرى مۇلاقاتگاھتىكى ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە قارىتىدىغان پاراڭلاردىن بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ياشلار توپىدا ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئەڭ نازۇك تېمىلار ئۈستىدە پاراڭ سوقىدىغان پاراڭچىلاردىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئىگەكىم ھەپتە ئاخىرلىرى ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى تا يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلاتتى. ياش ئەدەبىيات مۇئەللىمە يېڭىدىن يادلىق بولۇپ مۇشۇ مەھەللىگە كەلگەن چاغلاردا، بۇ دوخمۇشنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۇنچىلىك پەيزى قالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاخشاملىرى ئادەم ئەكسىمەيدىغان مۇلاقاتگاھلىق سالاھىتىنى تېخى يوقاتمىغان ئىدى. ھەپتە ئاخىرلىرى كەچتە ئېرى تاماقتىن كېيىن يەنە شۇ دوخمۇشقا قاتىرايدىغان خۇيىنى تاشلىمىغان ئىدى. شۇ چاغلاردا يېڭى كېلىن يىگىتىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېيىلىپ كەتكەن كەچلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئېرى دوخمۇشتىكى پاراڭنىڭ قىزىقلىقىدىن ئۆيدە جانانىنىڭ پەرەڭ تۇۋۋار يوتقانىنىڭ ئىچىدە، قىزىل لەۋ سۇرۇھ سۈركىگەن لەۋلىرىگە تاتلىق تەبەسسۇم قوندۇرۇپ، ئۆزىنى ساقلاپ ياتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. شۇنداق كەچلىرى يىگىت جانانىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كوچا - كويلاردىكى ھەر قىسما پاراڭلارنىڭ مېغىزىنى ئېلىپ،

غەل - غەشلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىنغا يەنە گۈزەل يۇمۇرلۇق تۇس بېرىپ، يېڭى كېلىنچاققا سۆزلەپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئېلىۋالغان چاغلىرى كۆپ قېتىم تەھرارلانغان ئىدى.

مانا يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئەنە شۇنداق قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى باغرىدا ياشناتقان ئۇشبۇ تاشنىڭ يېنىدا توپلۇشۇپ ئولتۇرىدىغان ئادەم تۇرماق، يېنىغا بىرەر مۆشۈك ۋە ياكى ئىتمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. تاشنىڭ سەل نېرىدىكى قىش - ياز توختىماي شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭمۇ قۇرۇپ كەتكىلى خېلە يىللار بولدى. ھەتتا قىرلىرىدىكى ئاق تېرەكلەرگە قونىدىغان قۇشلارمۇ ئۈركۈپ كەتكەن بولۇپ، دەرەخ شاخلىرى يېتىم قالغانىدى. نۆۋەتتە بۇ يەر پەقەت كۈندۈزلىرىنى مەھەللە كومىتىت ئورۇنلاشتۇرغان بىرلىرى كېلىپ، نۆۋەت بىلەن دوخمۇشتىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۈزىتىدىغان قاراۋۇل پۈنكىتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە كۈزىتىش ئاپاراتى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىدىنمۇ مەھەللىدىكى كىشىلەر گۇمان قىلىپ، تاشنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قىلىۋاتقان سۆزلىرى توختۇتۇپ ماڭاتتى. ھەتتا بەزىلەر دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گويا پاراتتىن ئۆتكەندەك قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، قەدەملىرىنى تۈزەپ، تۈپتۈز مېڭىپ ئۆتسە، يەنە بەزىلەر گويا نامۇناسىپ ئىش قىلىپ قويۇپ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك بېشىنى قارا يەردىن كۆتەرمەي تىۋشىسىز ئۆتۈپ كېتەتتى. يەنە ئادەمنى تىرىكتۇرىدىغان شۇنداق بىر ئىش بولدىكى، تاشنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان تارخالتا كوچىدىكى

چوڭ قورادا خىتاي ئائىلىسى بىلەن قوشنا ئولتۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارلاشمىسا ئىچى سىقىلىپ تۇرالمايدىغان، ۋىتىۋالداقلىقىدىن جىنىنىمۇ ئۇسۇلغا سالىدىغان ھېلىقى يىلان تىللىق خوتۇننىڭ ئوشۇقى ئالچا قوپقانىدى. ئۇ يېقىندىن بۇيانقى سىياسەتنىڭ جىددى ئۆزگۈرىشىگە ئەگىشىپ، سىياسى سەرگۈرلىكى ناھايىتى يۇكسىلىپ، مەھەللىدىكى بولۇپ ئوتكەن بارلىق ئىشلارنى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىرىنىمۇ ئۆز پەرەزلىرى بويىچە مەھەللە كومىتىتىغا مەلۇم قىلىپ، بىر كىشىلىك مائاشلىق خىزمەتچىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەزكۇر تۇل خوتۇن سېرىق سىردا يوغان قىلىپ «دىجورنى» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل يەڭ بەلگىسىنى يوغان بۇلاپكا بىلەن سول بىلىكىگە ئېلىۋېلىپ، دوخمۇشتىكى مۇزدەك تاشنىڭ يېنىغا قىزىل سىرلانغان تۆت پۇتلۇق ياغاچ كېچىك ئورۇندۇقنى قويۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكەنكەن - كەچكەننىڭ ئۆچلىگىنى كەلتۇرۇپ، مەھەللە-كويىنى بەزدۇرۇۋېتىپبارغانلىقى بىلەن كارى يوق، مەھەللە كومىتېتىنىڭ «تونىنى سالدۇرۇپ، مالىخىيىنى ئېلىۋېلىش» خىزمىتىگە ئاكتىپ ھەسسە قوشۇۋاتقانلىقىدىن بۆلەكچىلا پەخىرلىنىپ يۈرۈۋاتقانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ياش خانىم ئۆزىنىڭ سەپىرىنى جىندىنىمۇ ساقلاپ، بۇگۈنكى ئايىسىز قاراڭغۇ تاڭنى سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى دەپ ئويلاپ، ئۆز نەپەسىدىنىمۇ ئېھتىيات قىلىپ كېتىۋاتاتتى.

## 4

ياش خانىم دوقمۇشتىن سولغا قايرىلىپ، قاتناشقا بارىدىغان چوڭ يولنى بويلاپ جۆنىدى. توساتتىن ياش

خانىمنىڭ دوخمۇشتىن سەل نېرىراق يەردىكى قىش-ياز توختىماي شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنىڭ يېنىدىكى بوش يەرگە كۆزى چۈشتى. ئېرىنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە بۇرۇن بۇ يەردە تۇربا سۈيى ساتىدىغان كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆي بار ئىكەن. ئەنە شۇ تۇربا سۈيى ساتىدىغان ئۆيدە، بىر موماي ئەتىگەندە ۋە كەچتە چىقىپ سۇ ئالغىلى كەلگەنلەرگە تۇربا سۈيى جۈمىكىنى ئېچىپ بېرىپ سۇ ساتاتىكەن. موماي بولسا، ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئوغۇل نەۋرىسى بىلەن يۇقۇرقى باياندا تىلغا ئېلىنغان ۋاتىۋات تۇل خوتۇن ئولتۇرىدىغان تار خالتا كوچىدىكى قاتار سېلىنغان ئۆيلەردە خىتاي ئائىلىسى بىلەن ئارىتام قوشنا ئولتۇرىدىكەن. مومىنىڭ ئۆزۈ مىڭبىر مۇشەققەتتە چوڭ قىلىپ يېتىشتۇرگەن يىگىرمە ياشلاردىكى نەۋرىسى 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا غۇلجىدا غوزغالغان ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش مەشرەپ ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى روياپقا چىقارغان ئىكەن. 1997 - يىلى 5 - فېۋرال كۈنى، مەشرەپ ئوينىغالىقى ئۈچۈن تۇتۇلۇپ كەتكەن ۋە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ، نامايىشقا چىققان سەۋەبلىك قولغا ئېلىنىپ، بىر ئايدىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپتۇ. بۇ شۇم خەۋەر مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە، موماي خۇدىنى يوقۇتۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. دەرۋەقە، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە مومىنىڭ نەۋرىسى قاتارلىق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يىگىتلەرنى، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ، خەلققە «ئىبرەت

ئېلىش» دەپ كۆز ـ كۆز قىلىشقاندىن كېيىن، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماچى بوپتۇ. موماي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاغرىق ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بېشىدىكى ياغلىقنىڭ ئاپاق چاچلىرىدىن سېرىلىپ چۈشۈپ قالغىنىغىمۇ قارىماي، ئالدىراپ ـ تېنەپ كەشىنىڭ سوگىنى دەسسىگەن پېتى، قىش ـ ياز توختىماي شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنىڭ قىرىنى بويلاپ سۇنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغا قاراپ چېپىپتۇ ۋە ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ بازار كوچىسىنىڭ تۆت دوخمۇشىغا يېتىپ كېلىپ، مىغ ـ مىغ ئادەملەر توپى ئارىسىغا قوشۇلۇپتۇ. موماي ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نەۋرىسىنىڭ ناتىۋان بويىنى، گۈلدەك چىرايىنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەن قوللىرىنى پىلاڭلىتىپ ئۆزۈنىڭ پات ئارىدا ئارقىسىدىن بارىدىغانلىقىنى ئىما قىلىۋېلىش ئۈچۈن نۇرسىز، ھارغىن كۆزلىرىنى نەۋرىسىنى ئېلىپ ماڭغان ھەربىي ئاپتوموبىلى كېلىدىغان تەرەپكە تىكىپ تۇرۇپتۇ. خەيرىيەت ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھەقىقەتەن ھەربىي ماشىنىنىڭ دىۋىدەك گۈكۈرگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتوموبىل ئۈستىگە تىكلەنگەن پىلىمۇتلاردىن قۇماش قورىغانىدەك ئاۋاز چىقىش بىلەن تەڭ، كوچىنىڭ ياقىسىدا تۇرغان ئاممىنىڭ يەرگە يىقىلغانلىرى يىقىلىپ، قاچقانلىرى قېچىپ، بىردىنلا جاھان جەھەنەمگە ئايلىنىپتۇ ۋە مومايمۇ يەرگە يىقىلغانلار بىلەن تەڭ قىپقىزىل قانلار ئىچىدە جان ئۈزۈپتۇ. ئەسلىدە يول ياقىسىدىكى ئەمما ئۆز باھادىرلىرى ئۈچۈن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغان،

ئـۇلار بىلـەن خوشلاشـقان، ئەنـە شـۇ سـەۋەبتىنلا ئەسـكەرلەر بىگۇنـاھ پۇقرالارغـا ئـوق چىقىرىـپ، قانلىـق قىرغىنچىلىققـا سـەۋەب بولغـان. مەزكۇرقانلىـق قىرغىنچىلىقتـا قىـش - يـاز توختىمـاي شـىمالدىن جەنۇپقا قـاراپ سۈپسـۈزۈك بـۇلاق سـۇلىرى ئېقىـپ تۇرىدىغـان ئۆسـتەڭنىڭ يېنىدىكـى تۇرباسـۇخانىدا پىنخـان ئولتـۇرۇپ، مەھەللىدىكىلەرگـە تۇربـا سۈيى سـاتىدىغان مومـاي ئـۆز نەۋرىسـى بىلـەن بىـر كۈنـدە شـېھىت بولغـان ئىكەن. بـۇ كۈنلـەردە ئەنـە شـۇ تۇرباسۇخانىسـىنىڭ ئورنىدىكـى ئاپئـاق قارلارغـا چۆككىنىـپ ياتقـان بىـر پارچـە يـەر بولسـا، بەجايىكـى توختاۋسـىز ئاپئـاق بۇژغـۇنلار چىقىرىـپ دولقـۇنلاپ تۇرغـان دېڭىزنىـڭ قىرغاقلىرىـدەك كۆرۈنـۈپ تۇراتتـى. ئۇشـبۇ بـوش يـەر مۇشـۇ سـوغۇق تاڭـدا، مۇشـۇ قارانغـۇ كوچىنىـڭ بىـر پارچىسـى سۈپىتىدە ئانـا ۋە بالىنـى ئۇزاتقـان ئىككىچى بىر جانسـىز جىسـىم بولـۇپ قالغـان ئىـدى.

## 5

يـاش خانىـم ئوغلىنىـڭ پەيـدەك يۇمشـاق قولىنـى تۇتقـان پېتـى ئارقىسـىغا بۇرۇلـۇپ، ئاپئـاق قارغـا چۈمكەنگـەن كۆنچـە مەھەللىسـىگە، ئـۈچ دۇكانغـا تۇتاشـقا تـار كوچىنىـڭ قاراڭغـۇ ئېغىزىغـا، جەينەكتىكـى تەرىنـى تـۇرۇپ تۇرغـان سـوغۇق تاشـقا، كىرىـش ئېغىزىـدا ئېتىلداقنىـڭ قالدۇقلىـرى شـىلدىرلاپ تۇرغـان تارخالتـا كوچىغـا ۋە مومايىنىـڭ تۇرباسۇخانىسـى بـار بىـر پارچـە ئـاق يەرگـە، ئەينـى چاغـدا قىـش - يـاز توختىمـاي شـىمالدىن جەنۇپقـا قـاراپ سۈپسـۈزۈك بـۇلاق سـۇلىرى ئېقىـپ تۇرىدىغـان

قۇرۇپ كەتكەن ئۆستەننىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن قار دۆۋىلىرىگە بىر قۇر قارىدى ـ دە، يەنە شاققىدە ئالدىغا بۇرۇلۇپ، تېز ـ تېز قەدەم تاشلىغان پېتى ئوغلى بىلەن بىرگە يۈرۈپ كەتتى.

ياش خانىم بىلەن بالا سۇسىز قۇرۇق ئۆستەڭنىڭ ياقىسىدىكى يالاڭاچلىنىپ قالغان قاتار ـ قاتار تېرەكلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئارقىغا قالدۇرۇپ، ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن غاراسلىغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئارقىسىغا تاشلاپ ماڭغان شۇڭلىرى ئاپئاق قارنى يېپىنچا قىلغان ھەربىر تۈپ تېرەك گويا ھازىدارلاردەك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دەممۇدەم قايغۇلۇق ئىرغاڭلاۋاتاتتى. قىشنىڭ سوغۇق شاملى كوچىلارنى سىيپاپ ئۆتمەكتە ئىدى، تاڭ سوغۇقى بولسا ئانا ۋە بالىنىڭ يۈزىنى ھەرىدەك چېقىۋاتقان ئىدى. يالاڭاچ شاخلار بىلەن ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ بەس ـ بەستە شىلدىرلاشلىرى گويا مەھەللىدىكى يىغا ئاۋازىدەك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بالا ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ئارقىسىغا تۇيۇقسىز بۇرۇلدى ۋە ئۆزى بارغانسېرى ئۇزاقلىشىۋاتقان سۇس قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان كوچىغا قارىدى. ئېھتىمال، ئەمدى ئۆزۈ تۇغۇلغان بۇ مەھەللىنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇۋاتقان بولسا كېرەك.

ياش خانىم بىلەن بالا شۇ تەرىقىدە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بۇرۇنقى غالىبىيەت ئاياق زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. كوچىنىڭ سول تەرىپى پۈتۈنلەي كېچىچە ئاتقان ئېتىلداقنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا دەل مۇشۇ يەردە بۇرۇن چوڭ بىر كۆۋرۈك بار بولۇپ، ئاستىدىن شاغىلىق ئۆستەڭنىڭ ئىككىنچى غولىنىڭ ئۇلۇغ ئېقىنى ئېقىپ ئۆتۈپ، سەل تۆۋەن تەرىپىدىكى چوڭ شاقىراتمىدىن سېرىلىپ چۈشۈپ، ئىككى تارماققا بۆلىنىدىكەن. بىر تارمىقى ئۇدۇل كۆنچە مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ ئاقسا، يەنە بىر تارمىقى ئۈچ دۇكان تەرەپكە قاراپ ئاقىدىكەن. ھەر ئىككى تارمىقى نۇرغۇن ھويلا باغلىرىدىكى مېۋە كۆچەتلىرىنى، تاللىرىنى ۋە كۆكتاتلىقلىرىنى سۇغۇرۇپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە يەنە ھەرقايسى مەھەللىنىڭ يانلىرىغا ئەھيا قىلىنغان دەل ـ دەرەخلەرنىمۇ سۇغۇرۇپ ئۆزىنىڭ سالقىن تامچىلىرىنى مەھەللە كوچىلىرىغا سېپىپ ئاققاندىن كېيىن، قىزىل بايراق كوپىراتىۋىغا تەۋە بولغان ھەرقايسى كوممۇنالارنىڭ تىرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئۇسسىزلىقىنى قاندۇرۇپ بولۇپ ئۇدۇل بېرىپ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىكەن. يازدا دەل مۇشۇ يەر ئۈچ مەھەللىنىڭ بالىلىرى توپلۇشۇپ سۇغا چۆمۈلىدىغان ۋە قورالىرىدىكى مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەچىقىپ سېتىپ، ئازراق پۇل تاپىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق جاي ھېسابلىنىدىكەن. دەرۋەقە، ئەينى چاغلاردا غالىبىيات ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنىڭ ئالدى مۇشۇ ئەتراپتىكەن ئەڭ ئاۋات جايلارنىڭ بىرى ئىدى. يازنىڭ پىژ ـ پىژ ئىسسىقىدا تەرگە چۆمۈلگەن بالىلار تۈگمەن شاقىراتمىسىدەك گۈكىرەپ سۇ چۈشىدىغان شاقىراتمىنىڭ ئاستىدا گويا تۈگمەن تېشىنىڭ توختىماي چىقارغان ئاۋازىدەك يۇقۇرى ئاۋازدا ۋاقىرىشىپ، چۇقۇرشۇپ، بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشىپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي سۇ ئۈزۈپ ئوينىسا، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە

بولسا، تىزىپ قويغان قورچاقلاردەك قاتار - قاتار ئولتۇرغان باللار، ئالدىغا قويۇۋالغان سۆگەت تالدىن توقۇلغان چىرايلىق سېۋەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ياپيېشىل چۆپلەرنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ چىرايلىق قىلىپ تىزغان، قورالىرىدىكى باغ ۋە كەيزىلىرىدىن ئۆز قوللىرى بىلەن ئۈزگەن ئالما، ئۈرۈك، ئارمۇت، شاپتۇل قاتارلىق يازلىق مېۋىلەرنى بىلەن پەمىدۇر، كۆكمۇچ، قىزىلمۇچ ۋە كۆك پۇرچا، پىدىگەن قاتارلىق كۆكتاتلارنى ساتاتتى. غالىبىيات ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنىڭ قولى چىۋەر ئىشچان ئوغۇل - قىز ئىشچىلىرى دەم ئېلىشقان چىققان ۋاقىتلىرىدا، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى بالا باققاللاردىن شىرنىلىق مېۋىلەرنى سېتىۋېلىپ يېسە، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدا ئاز دېگەندە بەشتىن باللىرى بار موزدۇز ئۇستىلار كۆكتاتلارنى سېتىۋېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشاتتى. ئەنە شۇ چاغلاردا ئوڭ تەرەپتىكى چوڭ دەرۋازىلىق قورادا ئولتۇرىدىغان ئائىلىنىڭ بۇدۇر چاچلىق قىزلىرىنىڭ سودىسى ئەڭ ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ قوراسىدىن چىققان شىرنىلىق ئارمۇت بىلەن ساغرىپ پىشقان مايلىق ئۈرۈكنىڭ بازىرى ئەڭ ياخشى بولىدىغان مېۋىلەردىن ئىدى. ۋاقىت نېمە دېگەن تېز ئۆتىدۇ ھە! تېخى تۈنۈگۈنلا كۆك ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يۈرگەن ئاشۇ بۇدرە چاچلىق قىزچاقلار، كېيىن بىردىنلا چوپ-چوڭلا بولۇپ رەڭ تۈزەپ، بوي تارتىپ، مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ھازىر ھەممىسى قەيەرلەرگىدۇر يادلىق بولۇپ، شامالدا توزىغان ئەتتىرگۈلنىڭ بەرگىلىرىدەك ئالاقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. ھازىر بۇ مەھەللىدە ھەممە نەرسە ئۆزگەردى، ئادەملەر، باغلار، ئۆستەڭلەر، قۇشلار

ھەتتا بۇرۇنقى كۆپكۆك ئاسمانمۇ ھازىر كۆرۈنمەس بولدى. يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇرىدىغان بۇرۇنقى ئاخشام بىلەن سەھەر مانا ھازىر قېنى ؟! ھازىر جىمجىتلىقنى بۇزىۋاتقان، سەھەرنىڭ تاڭ ھاۋاسىنى بۇلغاۋاتقان بىرلا نەرسە بار ۋە ئۇ نەرسە شۇنچىلىك كۆپەيدى، ئۇ بولسىمۇ ھەر يەردە پىلموتتىن ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىرىپ ئېتىلىۋاتقان ئېتىلداق ۋە ئۈزلۈكسىز ئېتىلغان مىلتىقنىڭ پىستولىدىن چىققان پۇراقنى ئەسكە سالىدىغان پارتىلىغۇچ دورىنىڭ پۇرىقى ! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالىدۇ، قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۆلۈمنى، قاننى ئەسلىتىدۇ.

مىللىي سانائېتىمىزنىڭ كۆز قارچۇغىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ئاياغ كىيىم سانائىتى مانا مۇشۇ غالىبىيەت ئاياغ كىيىم زاۋۇتىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان ھەممە يېرى ساپ خۇرۇمدىن تىكىلگەن شىپىلىت، تۇپلەي، ئۆتۈك، بەتىنكە ۋە مىقۋاي قاتارلىق ئاياغ كىيىملىرى ئارقىلىق خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە ئۆزىنى نامايەن قىلغان ئىدى. ھەتتا ياپونىيە قاتارلىق دۆۋلەتلەردىن بۇ زاۋۇتقا ئېكىسكۇرسىيەگە كېلىپ، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئەت باسقۇچلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆزارا تەرجىرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرى ئېچىلىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ چاغلاردا ياپونىيەدىن ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى كېلىدىكەن دەپ، پۈتۈن مەھەللە ئاھالىسى ئۆي - ئۆيلەردىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىللىرىغا قىش - ياز توختىماي شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۇلىرىنى چېلەك - چېلەكلەپ ئەكىلىپ ئىشىك ئالدىلىرىغا ۋە كوچىغا سېپىپ،

ئارقىدىن سۈپۈرۈپ، چوڭ كوچىنى باشتىن بويىغا پاك - پاكىز تازىلاپ، ساپ - سالقىن قىلىۋەتكەندىن كېيىن، باش كۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يولنىڭ ياقىسىدا قاتار - قاتار تىزىلىپ، ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر چۈشكەن كىچىك ئاپتوموبىلنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇراتتى. يىراقتىن ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭ، گويا رەسمىگە چۈشىدىغاندەك ئەر - ئايال، قىز - باللار ئۈستىباشلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، ئۇلار ئالدىدىن ئۆتكەندە قىزغىن چاۋاك چېلىپ، چىرايلىق تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ كۈتىۋالاتتى. ھەي ئېست! ئەنە شۇ چاغلار بولسا ھازىرقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ئېسىل زامانلار ئىدى. مانا ھازىر ئەنە شۇ ئاۋات ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنىڭ ئورنىنى ئېگىز بىنالار ئىگىلىدى، ئىچىدە كىملەرنىڭ بارلىقىدىن، نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىدىن بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ بىرسىنىڭمۇ خەۋىرى يوق. ئەينى چاغدا تازا راۋاجلانغان كۆن خۇرۇم مىللىي ئاياغ كىيىم سانائىتى بىراقلا ۋەيران قىلىۋېتىلدى. خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ۋاگون - ۋاگوندا يۆتكەپ ئەكەلگەن چاپلىما سۇنئىي خۇرۇم ئاياغلار بولسا، بازارلاردا ئەرزان باھادا تۆھمە قىلىپ سېتىلىپ، يەرلىك ئۇيغۇر قول - ھۈنەرۋەنلەرنىڭ پۇختا تىكىلگەن ئاياغ كىيىملىرىنىڭ بازىرىنى بىراقلا پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى - دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىللىي سانائىتىنىڭ ۋۇلى بولغان كۆن خۇرۇم ئاياغ كىيىم سانائىتى بىراقلا ۋەيران بولدى. ۋەيران بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبي بولسا، زاۋۇتنىڭ ئۈسكىنىلىرىنىڭ يېڭىلىشىغا دۆلەت مەغلەغ

ئاجراتمىدى. كونا ئۆسكۈنىلەر بىلەن كونا ئىشلەپچىرىش ھۈنەر باسقۇچلىرىدا يېڭىلىنىش بولمىغاندىكىن خىتاينىڭ زامانىۋى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشقان ھالدا ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلىيەلمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى ياخشى ۋە دائىرىسى چوڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ئالتۇن زېمىنغا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن چىققان يەر - مۈلۈك سودىگەرلىرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، بىر ئاماللارنى قىلىپ مەزكۇر مىللىي ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنى ۋەيران بولغان كارخانىلار قاتارىغا كىرگۈزىۋەتتى ۋە بىراقلا تاقاپ، ئورنىنى كىملەردۇر بىرلىرى قولغا كىرگۈزىۋالدى. ئاقىۋەت، مۇشۇ سوغۇق سەھەردە گۇڭگا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنالار سېلىنىپ، بۇرۇنقى قايناق مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى.

6

ئانا ۋە بالا ئەينى چاغدا قىش - ياز توختىماي شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان قۇرۇپ كەتكەن ئۆستەڭنىڭ قىرىنى بويلاپ، مۈشۈكياپىلاقنىڭ كۆزلىرىدەك قاراپ تۇرغان قاراڭغۇ بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىگە كۆز قىرىنىمۇ سالماي سىرلىق ۋە ئازابلىق ھېسلىرىنى يول - يولغا قالدۇرۇپ، مەيلى قانچە قاراڭغۇ مەزگىل بولسىمۇ ئۆزىنىڭ پاقىراق قوۋزاقلىرى بىلەن كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئاق تېرەكلەر بىلەن خوشلىشىپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. ئازاب ئاجايىپ بىر تۇيغۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئازابقىمۇ ئادەم كۆنۈپ قالىدۇ ۋە ئازابمۇ ئازاب بولماي قالىدۇ - دە، ئاخىرى ئىنسانىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئازابنى ئۆلگۈدەك تارتىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىر ئازابنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان مەھەللە ـ كوي، تېخى ئازابلىق ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى ئاچمىغان ئىدى. ئانا ۋە بالا يولدا يالغۇز كېتىۋاتاتتى. ئۇلار توشقان فىرمىسىنىڭ ئائىلىكلەر قوراسى جايلاشقان خالتا كوچا ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇشبۇ خالتا كوچا ئېغىزى پاسكىنىچىلىق بىلەن تولغان بولۇپ، يەردە ئېتىلداقنىڭ خەلدە ـ خەشەكلىرىدىن باشقا يەنە قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ سۇنۇقلىرى بىلەن بىرگە چىقىلمىغان بوتۇلكىلارمۇ تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىنى نېپىز بىر قەۋەت قار ئۇچقۇنلىرى يېپىۋالغانىدى، يەنە شۇنداقتىمۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە روشەن رەۋىشتە چېلىقىپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ، پاكار- پاكار، قاتار ـ قاتار بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردىن تەشكىل تاپقان كىچىك قورالارنىڭ ئىشىك ئالدىلىرى قاراڭغۇ ئىدى. ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىلىرىدىن يورۇقلۇق كۆرۈلمەيتتى. بۇرۇن بۇ يەرلەر قۇلۇپنەك ئېتىزلىقىنىڭ ئورنى بولۇپ، باھاردا ياپيېشىل قۇلۇپنەكلەر بىخ سۈرۈپ تۇرىدىغان، ماي ئايلىرىدا قىپ ـ قىزىل قۇلۇپنەكلەر مەي بولۇپ پىشىپ، ئۈزۈپ يىگەن ئادەمنىڭ قولىغا شىرىنلىرى يېپىشىپ، قىزىل رەڭلىرى سۈۋۈشۈپ، ئادەمگە تەبىئەتنىڭ مولچۇلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان كەڭ كەتكەن ئېتىزلىق ئىدى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا ئۇشبۇ كوچىدىن ئۆتكەن ئادەمنىڭ دىمىقىغا گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قۇلۇپنەكنىڭ مىزىلىك ھىدى سوقۇلۇپ تۇراتتى. ھازىر ئېتىلداق پارتلاتقۇچ دورىسىنىڭ پۇرىقى بىلەن، يېقىلغان كۆمۈرنىڭ ئاچچىق

ئىسسىدىن باشقا بىر نەرسە پۇرىمايدىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

## 7

ياش خانىم بىلەن بالا ئەمدى تۆرەم مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. سوغۇق ھاۋا ئۇلارنى خېلىلا ئۈزىگە ئەسىر قىلغاندەك قىلاتتى، بولۇپمۇ بالىنىڭ نازۇك بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچى مۇزلاپ قىزىرىشقا باشلىغانىدى. بالا ئانىسىغا يېتىشىپ ئىشتىك ماڭغاچكىمىكىنتاڭ، سەل ھاسىرغاندەك قىلاتتى، يەنە شۇنداقتىمۇ ئانىسىدىن قالماي شوخ بوتىلاقتەك ئۇششاق قەدەملىرىنى تىم - تىم يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. چوڭ كوچىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قاراڭغۇلۇققا چۆمۈلگەن خالتا كوچا بولسا 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرە ئولتۇرغان قورۇ جايلاشقان كوچا ئىدى. كېيىن غۇلجا خەلقى مەزكۇر خالتا كوچىنى ۋە ئەتراپىدىكى جايلارنى بىراقلا تۆرەم مەھەللىسى دەپ ئاتاشقانىدى. ياش خانىم خالتا كوچا ئېغىزىدا بىر لەھزە تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆز-ئۆزىگە نىدا قىلغاندەك ئەلىخان تۆرەنىڭ قوراسى تەرەپكە قاراپ، گويا ئەينى زاماندا ئەلىخان تۆرە شىڭ سىسەينىڭ كەچتە كېلىپ ئادەم تۇتىدىغان جاندارمىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن تام ئاتلاپ قاچقان ئاشۇ قاباھەتلىك يامغۇرلۇق كېچىنى كۆز ئالدىدىن سۈرەتتەك ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىغا تەققاس قىلدى.

ئەلىخان تۆرە شاكىرخان تۆرە ئوغلى 1885- يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ توقماق(بالاساغۇن) دېگەن يېرىدە ھاللىق ئۆزبەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەدىبىي تەخەللۇسى ساغۇنى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى شاكىرخان تۆرە چوڭ ئوغلى ئەلىمخان تۆرە بىلەن ئەلىخان تۆرەنى مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. مەدرىسىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇخارا مەدرىسىلىرىدىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1916- يىلى توقماق تەۋەسىدە چار روسسىيەگە قارشى قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندا، مەزكۇر قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەلىخان تۆرە ئۆز جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ۋە 1920- يىلى قەشقەرگە كەلگەن، كېيىن قايتىشقا مەجبۇر قالغان. 1922- يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. 1930- يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، ئون يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەمما لېكىن دوسلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. غۇلجا خەلقى ئەلىخان تۆرىگە ناھايىتى ھۆرمەت كۆرسەتكەن، ھەتتا ئۇ ئولتۇرغان مەھەللىنى ئەلىخان تۆرەنىڭ نامى بىلەن «تۆرەم مەھەللىسى» دەپ ئاتىغان ئىدى.

ئەلىخان تۆرە ئۆز قەلىمى بىلەن ۋاپاتىدىن ئۈچ يىل بۇرۇن يەنى 1973 - يىللى يېزىپ پۈتتۈرگەن «تۈركىستان قايغۇسى» ناملىق كىتابىنى ياش خانىم ئېرى بىلەن 2011- يىلى تۈركىيەگە ساياھەتكە بارغان چېغىدا بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە تەساددىبىي كۆرۈپ قىلىپ، ھاياجان ئىچىدە بىر نەپەس بىلەن ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ئىدى. شۇ چاغدا مەزكۇر

كىتابتىكى تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىمدا تۆرەم مەھەللىسىنىڭ مۇشۇ خالتا كوچىسى كۆز ئالدىمدىن سىرەتتەك كەچكەنىدى.

1937 ـ يىلى مارت ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى كەچتە يۈز بەرگەن ئاشۇ ۋەقەنى ئەلىخان تۆرە ئۆز كىتابىدا مۇنداق بايان قىلغان :

«بايقۇشنىڭ شۇم كۆزى كېچىسى ئېچىلغانىدەك، بۇ قانخور جاللاتنىڭ كۆزىمۇ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئېچىلاتتى. كۆپ كىشىلەر ئۆز ئۆيىدە ياتالماي، بالا ـ چاقىلىرى دەككە ـ دۈككىدە كۈن كەچۈرىدىغان هالغا چۈشكەن ئىدى. يەنى بۇ ئىنسان ۋەھشىيلىرى هېچ قانداق گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كېچىلەپ باستۇرۇپ كىرىپ، تۇتۇلغانلارنىڭ پۇت ـ قولىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سېلىپ قارا زىندانغا تاشلايتتى. مانا قاراڭ، 20 ـ ئەسىردە ئىنسانلار هوقۇقىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنىشىنى! تۇنجى تۈركۈمدە قولغا ئېلىنغان كىشىلەر تۈرمىگە كىرىپ، ئۈچ ـ تۆت ئايلىق قىش ئۆتۈپ كۆكلەم كەلگەندە، يېڭى قورقۇنچلۇق ئىشلار، شۇم خەۋەرلەر ئاڭلانغىلى تۇردى. ئىككىنچى تۈركۈمدە تۇتۇلغانلارنىڭ قاتارىدا مېنىڭمۇ ئىسمىمنىڭ بارلىقى ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېچىچە ئۇيقۇم كەلمەي، ئۇزۇندىن ـ ئۇزاق خىيال قىلىپ، غەم قايغۇ ۋە ئەندىشە بىلەن تاڭنى ئاتقۇزىدىغان بولدۇم. چۈنكى هەر كېچە يېتىپ ئەتىسى تۇرغىنىمىزدا: ‹بۇ باسقۇنچىلار پالانى ـ پالانىلارنى تۇتۇپ كېتىپتۇ› دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلايتتىم. ئارىدىن بەش ـ ئون كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى يېرىم كېچە بولغاندا، دەرۋازا

قېقىلغىلى تـۇردى...»

ئاشـۇ قاباھاتلىـك كېچىـدە ئەلىخـان تـۆرە تەلىيـى ئوڭدىـن كېلىــپ، تامدىــن قوشنىســىنىڭ قوراسـىغا ئاتــلاپ چۈشـۈپ ئۆزىنـى دالدىغـا ئالغـان ۋە شـۇ قاچقـان پېتـى، ياخشـى نىيەتلىك كىشـىلەرنىڭ ھىمايىسـىدە جېنىنـى سـاقلىغان. ئاخـىرى غۇلجىـدا تۇرۇۋشـىنىڭ ئىمكانىـى زىيىـز قالمىغـان چاغـدا، ئامالسـىز باشـقا يۇرتلارغـا ھىجـرەت قىلىشـقا مەجبۇر بولغان ۋە تـاغ ـ داۋانلارنى، دەشــتى ـ چۆللەرنــى كىزىــپ، ئاخــىرى كۇچانــى ئۆزىنىــڭ پانالىدىغـان ماكانـى قىلغـان. بىـراق رەھىمسـىز پەلـەك يەنـىلا ئەلىخـان تۆرەنىـڭ بـۇ يـەردە پانالىشـىغا يـول قويمايـي ئاخـىرى كۇچـاردا 1938 ـ يىلـى ئاۋغۇسـتىنىڭ باشـلىرىدا قولغـا ئېلىنىـپ، تۈرمىگـە تاشلانغـان. 1941 ـ يىلـى ئەلىخـان تـۆرە تۈرمىدىـن چىققاندىــن كېيىــن غۇلجـا شــەرىدە بىــر تەرەپتىــن تېۋىپلىــك قىلىـپ، خەلقىنىڭ جىسمانى جەھەتتىكى ئاغرىقلىرىنى داۋالىسـا يەنـە بىـر تەرەپتىـن چـوڭ مەدرىسـلەردە دىنىنـى تەبلىـق قىلىـپ، خەلقىنــىڭ مەنىــۋى جەھەتتىكــى كېســىلىنى داۋالاپ، غۇلجـا خەلقىنــى ئەركىنلىككــە، ئىلىــم ـمەرىپەتكــە، ھەقىقــي ئىــسلام ئەقىدىســىگە دەۋەت قىلغــان ۋە غۇلجىــدا مەخپــى قۇرۇلغــان ئازاتلىــق تەشــكىلاتىنىڭ ئاساسـلىق خادىمـى بولـۇپ قالغـان.

1944 ـ يىلــى 10 ـ ئاينىــڭ باشــلىرىدا نىلقىــدا ئىلــى مىللىـي ئازاتلىـق ئىنقىلابىنىـڭ بىرىنچـى پـاي ئوقـى غېنـى باتـۇر تەرىپىدىن ئېتىلدى ۋە 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتىزانلار غۇلجا شـەھىرىگە ئىككـى تەرەپتىـن باسـتۇرۇپ كىرىـپ، گومىنداڭنىـڭ ئىلـى ھەربىـي گارنىـزون قوماندانلىــق شــتابىنى، ســاقچى،

پوچتا ـ تېلېگراف، بانكا قاتارلىق ئورۇنلارنى ئىگىلەپ، غۇلجا شەھەرى ھەقىقىي رەۋىشتە ئازات بولدى ۋە بۇنىڭ بىلەن شەھەر، ناھىيىلەردىكى ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ياشلار غۇلجا شەھەرىگە سەلدەك ئېقىپ كىرىپ، پۇلى بارلار پۇلى بىلەن، كۈچى بارلار كۈچى بىلەن ياردەم قىلدى. بەزىلەر ھارۋىلارغا ئۇن ـ گۇرۇچ بېسىپ كېلىپ ئىئانە قىلغان بولسا، بەزىلەر ئاتلار يەيدىغان قوناق، بېدىلەرنى بېسىپ ئەكىلىپ ئىئانە قىلدى، يەنە بەزىلەر تەييار سويۇلغان قوي ـ كالا گۆشلىرىنى بېسىپ كېلىپ ئىئانە قىلغان بولسا، ياشلار قوماندانلىق شتابقا كىرىپ، ھەربىي سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى تىزىملاپ جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇزۇ ـ ئۇزۇن ئۆچرەتلەردە تۇرۇشتى. ئەنە شۇ خەلقنىڭ قوللىشى، پىداكارلىقى نەتىجىسىدە 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى داغدۇغۇلۇق قۇرۇلدى. ئەلىخان تۆرە بولسا جۇمھۇرىيەت رەئىسى بولۇپ سايلانغان ئىدى. «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن يەنى 1946 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن كۈنى ئەلىخان تۆرەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى مەخپىي ئىش باشقۇرۇش ئورنى ھېسابلىنىدىغان 2 ـ دومدىكى سوۋېت گېنېرالى چاقىرتىپ ئەكەلگەن ۋە «سىز بىلەن ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسى بىرىنچى سېكرېتارى كۆرۈشمەكچى» دەپ ئالداپ، سوۋېت تەرەپكە مەخپىي ئېلىپ ئەكەتكەن ئىدى. شۇندىن مۇقەددەم تاكى 1976 ـ يىلى 28 ـ فېبرال كۈنى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆز ئۆيىدە نەزەربەنت ئىچىدە ياشاپ، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ

ئارمالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي بۇ ئالەمدىن جىمجىتلا كۆچۈپ كەتكەن. بىراق ئۇنىڭ ئەينى چاغدا غۇلجا ئازات بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى ھېسابلىنىدىغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدىكى خوشاللىقلىرى، خەلق بىلەن بىرگە قىلغان تەن ـ تەنىلىرى، چىرايلىق ياستىنۋالغان كەكەساقىلى شۇنچىلىك ياراشقان نۇرلۇق يۈزىدىكى تەبەسسۇمى، ئۆزىيۇرتىدا ئېرىشەلمىگەن قانالمىغان ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنىڭ مۇشۇ يۇرتتا قانغاندىكى روھى دۇنياسىدىكى ئالەم ـ شۇمۇل ئۆزگىرىشلىرى غۇلجا خەلقىنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ كەلمەكتە ۋە ئۇنىڭ 1966 ـ 1973 ـ يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتتە يازغان «تۈركىستان قايغۇسى» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىنى ئۇيغۇرلار مەڭگۈلۈك مىراس سۈپىتىدە سۆيۈپ ئوقۇماقتا.

ئازراقلا ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان ئادەم مۇشۇ چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەلىخان تۆرە ئولتۇرغان خالتا كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاشۇ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكالىغان كۆندىكى جاراڭلىق تۇنۇقلىرى قولاق تۈۋىدە جاراڭلىماي قالمايدۇ. مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، مۇشۇ قاراڭغۇ سەھەردە، بىر قولىدا ئۇز ئوغلىنىڭ نازۇك قولىنى تۇتقان، يەنە بىر قولىدا بىر كۆنلۈك يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن سەپەرگە ئەڭ لازىم بولىدىغان نەرسە كېرەكلەر سېلىنغان چاقچاقنى سەپەر سوپكىسىنى كۆتەرگەن ياش خانىمنىڭ قولاق تۈۋىدە، يىراقلاردىن ئېتىلىۋاتقان ئېتىلداقنىڭ، سالۇتلارنىڭ ئاۋازىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان بىر يېقىملىق ئاۋاز

جاراڭلىماقتا، ئۇ بولسىمۇ رەئىس ئەلىخان تۆرەنىڭ مۇنۇ نۇتۇقلىرىدۇر: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز قېرىنداشلار! مەن بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى نامىدىن ئەسىرلەردىن بېرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قاتمۇ - قات زۇلۇمىنى چەككەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن بۇ كۈننى بارلىغىم بىلەن چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. ئەزىز قانداش - تۇققانلار! بىز نەچچە ئەسىرلەپ ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن زۇلۇم زالالەت، قاراڭغۇ جاھالىيەت قاپلىغان زامانلاردا ئاز زاھمەت، ئاز خورلۇق، ئاز كۈلپەت چەكمىدۇق ؟ زالىملار تۆگمەن تىشى، بىز بولساق سۆكەندىكى بۇغداي بولدۇق، زوراۋانلار نەيزە - قىلىچ، بىز بولساق قول - ئاياغلىرىمىز زەنجىر بىلەن باغلانغان مەھبۇس بولدۇق، ئۇلار ئاچ كۆز يىلپىز - يولۋاس، بىز بولساق قوتاندىكى قوي بولدۇق. باياشات تۇرمۇش نىمە ؟ ئەرك - ئازاتلىق نىمە ؟ قەتئىي رەۋىشتە كۆرمىدۇق. يورۇق تاڭغا، پارلاق قۇياشقا زارلىنىپ ئۆتتۇق. ئەزەلدىن ئۇيغۇر خەلقي كىم ؟ شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى ئۇل باتۇر تەڭرىقۇت ئەۋلادى ! ئۇل تۈرۈك، قىپچاق، ئۆزبەك، قازاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاتەسى ! خوش، ئاخىرقى ئەسىرلەردە ئومۇمەن بىزنىڭ بېشىمىزغا يەتكەن مۇدھىش كۈلپەتلەرنىڭ تۈرلۈك سەۋەبى نىمە ؟ ئاساسەن تاجاۋۇزچى مۇستەبىت، قانخور ھاكىمىيەتنىڭ بىزنى قۇللۇق، جاھالىيەت زەنجىرى بىلەن باغلاپ، پەن - مائارىپنى چەكلەش تۈپەيلىدىن روھىيەتىمىزگە چۈشكەن مەرەز كېسەللىرىدۇر. بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەم ئەركىن تۇغۇلىدۇ، جۈملىدىن بىزمۇ ھەم شۇنداق ئەركىن، ھۆر تۇغۇلغان.

ئەمما لېكىن مۇستەملىكىچىلەرنىڭ دەستىدىن بىزنىڭ بۇ ئەركىنلىكىمىز پولات زەنجىرلەر بىلەن كىشەنلەندى. بىز ئاخىر ئاشۇ زەجىر - كىشەنلەرنى چىقىپ تاشلاپ، ئەسلىدىنلا روھىمىزدا مەۋجۇت بولغان ئەركىنلىكىمىزگە ئېرىشتۇق. مانا بۇ ئەركىنلىك پەقەت مىڭلىغان شېھىتلىرىمىزنىڭ قانلىرىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن مۇستەققىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت دۆلىتىمىز ئارقىلىق كاپالەتكە ئېرىشىدۇ. ئەگەر بۇ دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرمىسا، بىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئەركىنلىكىمىزدىن مەھرۇم قىلىپ، قۇلدەك ياشاشقا مەجبۇر بولىمىز، بارلىق پەشكەشلىكلەرنىڭ مەنبەسى بولغان زۇلۇمنى مۇتلەق تارتىشقا مەجبۇر قالىمىز. شۇ ۋەجىدىن ئۆزىمىز قۇرغان مۇستەققىل دۆلىتىمىزنى جان تىكىپ ئەبىدىي قوغدىشىمىز مۇتلەق شەرتتۇر. دەرۋەقە، ئىنسان ئۆزۈ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىنغا ئىگە چىقمىسا، ئۇنى قوغدىمىسا، بىخۇتلۇق قىلىپ قولدىن بېرىپ قويسا، ئۇ ئېرىشكەن نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم مەڭگۈ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بىز نۆۋەتتە ئەسىرلەر بويى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىگە ئېرىشتۇق، شۇ ۋەجىدىن بىز شۇنچىلىك بەختىيارمىز. بۇندىن كېيىن ھەممىدىن مۇھىم ھەتتا جانلىرىمىزدىن مۇھىم نەرسە مۇشۇ دۆلىتىمىزنى قوغداپ قىلىشتۇر. بىزدە «ئاۋۋال جان ئاندىن جانان» دېگەن سۆز بار. بىزنىڭ جېنىمىز مۇشۇ ۋەتەندۇر، مۇشۇ قۇرغان مۇستەققىل دۆلەتتۇر. پەقەت مۇشۇ جېنىمىز ھېسابلىنىدىغان دۆلەتنىڭ بېشى ئامان بولغاندىلا ئاندىن جانانلىرىمىزنىڭ، ئانىلىرىمىزنىڭ، ئاتالىرىمىزنىڭ، قىز - ئوغۇل پەرزەنتلىرىمىزنىڭ جانلىرىنىڭ

ئامانلىقى ھەققىي تۇردە كاپالەتكە ئېرىشىدۇ. مېنىڭ بۇ يۇرت خەلقىگە خىزمەت قىلىشىم بولسا، ئۆزۈمنىڭ ئابرويۇمنى تىكلەش ئۈچۈن بولماستىن بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئابرويۇمنى، قوساقتىكى ئىلىمىمنى بۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، ھۆرلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرۇش ئۈچۈندۇر. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن مېنىڭ ئۇشبۇ جېنىمنى بۇ يۇرت خەلقىگە ۋە يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت مۇستەققىل دۆلىتىمىزنىڭ مۇشۇ تۇپراقلاردا ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ئۈچۈن پىدا قىلىشقا ھەرزامان تەييار. قەدىرلىك تۇققانلار ! مانا ئەمدى ئەسىرلەردىن بىرى تەلمۈرۈپ، ئارزۇ قىلىپ كۈتكەن قۇياش بىزگە باقماقتا. ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، ئەمدى تولۇق ئويغانمىساق، قولىمىزغا قورال ئالمىساق، ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ ؟ مەن سىلەرنى قۇتلۇق ۋەتىنىمىز، جانجان خەلقىمىزنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن قانلىق جەڭگاھقا چاقىرىمەن ! كىمكى جەڭگاھتا كۆكسىگە ئوق تېگىپ يىقىلسا ئاللا يولىدا شېھىتتۇر ! ئەزىز قېرىنداشلار ياۋۇز، قانخور تاجاۋۇزچىلارنى ئانا يۇرتىمىزدىن تەل - تۆكۈس قوغلاپ چىقىرىشقا تەيارمۇسىزلەر ؟!!!»

ئەلىخان تۆرەنىڭ ئەينى چاغدا قىلغان جاراڭلىق نۇتۇقلىرى، شۇ چاغدىكى غۇلجا خەلقىنى ئاجايىپ ھاياجانغان سالغان ئىدى. ئەنە شۇ ئازات زامانلاردا ئۆزىنىڭ مۇستەققىل دۆلىتىنىڭ رەئىسى بىلەن بۇ قۇتلۇق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە غەلبىنى بىرگە تەن - تەنە قىلىشقان ئىدى. توپ - توپ يىگىت - قىزلار، ئۇشاق باللار، ئاق ساقال بوۋالار، مۇكچەيگەن مومايلار قەددىنى رۇسلاپ، ھۆكۈمەت بىناسى

تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئاققان ئىدى. پۈتۈن مەمۇرىي ئىدارىلەرگە ئىسىلغان گومىنداڭنىڭ بايرىقى يۇلۇپ تاشلىنىپ، ئورنىغا يېشىل رەڭلىك ئاي - يۇلتۇزلۇق بايراق قادالغان ئىدى. ئەنە ئاشۇ كۈنى ئۇيغۇر مىللىتى ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ، مۇستەقىللىقنىڭ تەمىنى تېتىغان؛ ئەنە شۇ كۈنى ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ مىللىي ئىرادىسىنى، بۇ ئالەمدىكى مەھجۇتلۇقىنى ۋە ئادالەتسىزلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە بولغان قارشىلىق كۈچىدىن مەھرۇم قالمىغانلىقىنى روشەن رەۋىشتە نامايەن قىلغان ئىدى. غۇلجا خەلقى ئەنە شۇ كۈنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆز دۆلىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرەنىڭ ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدىكى بۇرۇن خىتايلار تەرىپىدىن ئورنىتىلغان تاش شىر ھەيكىلىنىڭ گەژگىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ قىلغان، ئاشۇ جاراڭلىق نۇتۇقلىرىنى، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قامىتىنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ. ئەنە شۇ سىما ھازىر ياش خانىمنىڭ دىلىنى يورۇتتى. مۇشۇ تاڭ ئالدىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ، ئەڭ سوغۇق پەيتتە، ياش خانىمنىڭ چىرايلىق يۈزىدە ئەكس ئەتكەن بۇ تەبەسسۇم، بىر يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئىللىق، ئەڭ نۇرلۇق تەبەسسۇم بولۇپ قالدى. ۋاھالەنكى، مەزكۇر تەبەسسۇم بىر لەھزە داۋام ئېتىپلا بىراقلا ئۆچتى. سوغۇق شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەكىلىپ ياش خانىم بىلەن بالىنىڭ سوغۇقتىن مۇزلاپ تارتىشىپ كېتىۋاتقان يۈزلىرىگە ئۇرۇۋاتقان ئىدى. يولنىڭ ئوڭ ياقىسىدىكى ئاق تېرەك شاخلىرىدىكى قارلار شامالدا ئەتىيازدىكى سۆگەت دەرىخىنىڭ تۇزغاقلىرىدەك تۇزۇپ، ئانا ۋە بالىنىڭ ئۈستىبېشىغا ئاقۇۋلارنىڭ تۇزىغان

پەيلىرىدەك يەڭگىل كېلىپ قوينۇۋاتقان ئىدى. دەرھەقىقەت ياش خانىم خىيال دېڭىزى ئۈستىدە چاقماقتەك چاققان ئەلىخان تۆرەنىڭ ھاياتىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولدى. دەرۋەقە، ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ زۇلۇم تېخىمۇ پەللىگە يېتىپ، قارانغۇ كېچىلىرى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ، بېشىغا قارا خالتىنى كىيگۈزۈپ ئەپچىقىپ كېتىدىغان تېرورلۇق ھەرىكەتلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئىدى. ياش خانىمنىڭ ئېرىنى يەنى بالىنىڭ دادىسىنى ئەنە شۇنداق يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەن ساقچىلار بېشىغا قارا خالتا كىيگۈزۈپ، ئىككى قولىنى ئارقىغا قايرىپ باغلاپ، ئۆيدىن ئەچىقىپ كەتمىدىمۇ.

## 8

پوكۋاي ياغلىق ئارتىۋالغان ياش خانىم بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇپ، ئالدىدا ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتقان ئۇدۇل تاشلەپكە بازىرى بىلەن خىتاي بازىرىغا تۇتۇشىدىغان چوڭ يولغا بىر كۆز ئاتتى ـ دە، ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى شاققىدە سول تەرەپتىكى تار كوچىغا  قايرىلىپ ماڭدى. ئانا ۋە بالا بۇ چاغدا دەل قىش ـ ياز توختىماي شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنىڭ قۇرۇپ كەتكەن بىلىگە دەسسەپ ئۆتۈپ، تار كوچىغا قەدەم باستى. ئەمدى ئۇلار بۇ ئۆستەڭنىڭ قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئادەمگە بۇرۇنقى گۈزەل چاغلىرىنى ئەلەددامام ئەسلىتىپ

تۇرىدىغان ھالىتىنى مەڭگۈلۈك ئارقىغا تاشلاپ كېتىۋاتاتتى ؛ ئۇلار يەنە ئاشۇ مەھەللىلەرنى، خولۇم ـ قوشنىلارنى ئارقىغا تاشلاپ ئەگىپ كەتتى ؛ ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ خاتىرلىرىنى، بالىلىقىنى، ئۆزىنى ئۆز قىلغان بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئارقىغا تاشلاپ ئەگىپ كەتتى. ئۇلار ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقان «غاراسغۇرۇس» قىلغان ئاۋازلارنى بىرگە ئەگەشتۈرۈپ، پەقەت ۋە پەقەتلا خىياللىرىنى ئۆزلىرىگە ھەمرا قىلىپ، ھەسرەت بىلەن ئەگىپ كەتتى. ئانا ۋە بالا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئارقىسىغا بىر قارىۋالغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، بەرىبىر ئەمدى مەھەللىسىنىڭ كوچىسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرىكى ئازابتىن قىمىلداۋاتاتتى. ئارقىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان كوچا ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى تۈپ ئاقتېرەك بولسا، قوۋزاقلىرىنى پوسفوردەك ياندۇرۇپ، دەممۇدەم قايغۇلۇق ئىرغاڭلاپ، ئۈستىدىكى ئاپئاق قارلارنى توزۇتۇپ، ئۇلارنى بۇ مەھەللىدىن ئۇزۇپ قويدى. ئۇلارنى تۆرەم مەھەللىسىدىن ئۇزۇتۇپ قويغانلارنىڭ بىرى ئەلىخان تۆرەنىڭ كەچمىشى بولسا، يەنە بىرى ئەنە شۇ ئىككى تۈپ ئاقتېرەك بولۇپ قالدى. ئۇلار ئەمدى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قارمىقىدىكى قازانچى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئىدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاقارتىلغان تاملىرى ئەمدى قارامتۇل كۆرۈنۈۋاتقان ئىدى، قوڭۇر سىردا سىرلانغان سۈرلۈك دەرۋازىسى يېپىقلىق تۇراتتى. سىرتقا قارايدىغان دېرىزىلەرنىڭ قاپقاقلىرىنىڭ ھەممىسى چىڭگىدە تاقالغان بولۇپ، پەقەت بىرلا دېرىزىنىڭ قاپقىقىنىڭ يوچۇقىدىن

يورۇقلۇق كۆرۈنۈۋاتقان ئىدى. بەلكى بۇ ئۆي بولسا، كەچتە دىجورنى تۇرغان رازۋېدكىچى ساقچىلارنىڭ ئىشخانىسى بولسا كېرەك. ياش خانىم بۇ يورۇقلۇقنى كۆرۈپ، ئىچىگە ئەنسىزلىك چۈشتى ـ دە، قەدەملىرىنى تېز ـ تېز ئېلىپ، مەزكۇر سۇرلۇك جايدىن تېز كېتىش ئۈچۈن ئوغلىنىڭ قولىنى تارتىپ ماڭدى، بالىمۇ دەرھال ئانىسىنىڭ نېمىنى ئويلىغانلىقىنى سەزگەندەك قىلىپ، يۈگرىگەندەك مېڭىپ ئانىسىنىڭ تاشلىغان چوڭ قەدەملىرىگە ماسلاشتى. ئۇلار شۇ ماڭغان پېتى، يىلان باغرىدەك ئەگرى ـ بۈگرى تار كوچىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قازانچى مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. قازانچى مەھەللىسى بولسا، غۇلجىدىكى ئەڭ قەدىمىي مەھەللىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇشبۇ مەھەللە نى ـ نى يازغۇچىلار، شائىرلار، زىيالىلار، ئۆلىمالار، باتۇرلار، مۇزىكانتلار ۋە مەرىپەتپەرۋەر باي ـ سودىگەرلەر چىققان غۇلجىنىڭ كۆزى ئىدى. ھازىر قازانچى مەھەللىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك قاينام ـ تاشقىنلىقى تولغان مەنزىرىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. نۇرغۇن كۆزى ئوچۇق ياشلار، كامالەتكە يەتكەن پىشقەدەملەر كەينى ـ كەينىدىن لاگېرغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئىدى، ئەڭ قورقۇنچلۇق يېرى تۇتۇلغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق ئىدى. ھەممە ئائىلىنىڭ كۆڭلى پەرىشان، تۇرمۇشى ئاستىن ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

## 9

ئەمدى ياش خانىم بىلەن بالا ئايخان مەكتۈگە تۇتاشقان

هالتا كوچا ئىغىزى بار كوچىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇشبۇ كوچا بولسا شىمالدىن جەنۇپقا سوزۇلغان ئۇزۇندىن ئۇزۇن بىر كوچا بولۇپ، شىمال تەرىپى بولسا، قازانچا مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ تونۇرچى مەھەللىسى ئارقىلىق شەھەر بازىرىغا ئۇلانسا، جەنۇپ تەرىپى ئۇچ دۇكاننى بېسىپ ئۆتۈپ، تۆت دۇكان ئارقىلىق ناماتمەن مەھەللىسگە تۇتۇشۇپ، ئاندىن سوزۇلۇپ دەريا بويىغا يېتىپ باراتتى. ياش خانىم ئوغلى بىلەن شىمال تەرەپكە قايرىلىپ مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇدۇلدىكى خالتا كوچىغا گويا ئەلىخان تۆرەنىڭ هويلىسى جايلاشقان خالتا كوچىغا نەزەر تاشلىغان بىر هېسيات بىلەن نىگاهىنى ئاغدۇردى ۋە ئەقلىدىن قايسى بىر شائىر يازغان مۇنۇ مىسرالار كەچتى.

قايسى تارانچى، قايسى قاشقالىق،
قارا دۆگدە سىغدىلىپ ياتقان.
ئايخانمۇ يوق، نازىمى ـ سادىرمۇ يوق،
قازانچىغا ئوت ـ مەشئەل ياققان!

شۇ تاپتىكى ياش خانىمنىڭ هېسىياتلىرى ئاۋۋالقى تۆرەم مەهەلىسىدىكى هېسىياتلىرىدىن پەرقلەنمەيتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئايخان ئانىنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەقلىگە دەرهال كەلتۈردى ۋە ئەينى زاماندىكى ئايخان ئانا ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرى كۆگۈل ئېكرانىدا بىر ـ بىرلەپ نامايەن بولۇشقا باشلىدى :

1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشتە شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز هاكىمىيتىنى

مۇستەھكەملەش مەخسىتىدە سىياسىي نەيراڭۋازلىق قىلىپ تاشقى جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، ھەر جەھەتتىن ھەمكارلىشىپ، ئۆزىنى ھەقىقىي ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان كوممۇنىست قىلىپ كۆرسىتىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قوزغالغان مىللىي ئىنقىلاپلارنى باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىگەن ئىدى. ئاندىن كېيىن ئولتۇرغان تەختىنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتە يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەتلىرىنى بىر قەدەر ياخشىلاپ، شەرقىي تۈركىستاندا بىر مەزگىل خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزىشكە باشلىغان ئىدى. يەنى ئاتالمىش «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش» دىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يول قويىغان ئىدى. مانا مۇشۇ مەزگىل بولسا ئۇيغۇر خەلقىي ئۈچۈن مىللىي مائارىپنى ۋە مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش پۇرسىتى يېتىپ كەلگەن چاغ بولغاچقا، غۇلجا خەلقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئوغلانى ھۆسەيىنبەگ يۇنۇسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە غۇلجىدىكى ئىلغار بايلارنىڭ، زىيالىلارنىڭ ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ يېقىندىن قوللىشى نەتىجىسىدە «مەدەنىي - مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان ئىدى. ئەينى چاغدا مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە ھۆسەيىنبەگ، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تېيىپ ھاجىم، ھەيئەت ئەزالىقىغا رەھىمجان سابىرھاجى، قاسىمجان قەمبىرى، ئوسمان ناسىروف

ۋە زىيا سەمەدى قاتارلىقلار سايلانغان ئىدى. ئۇيۇشما قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىقتىساد تولپلاش ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت پىلانلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە بىر سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇپ چىققان ئىدى. مەزكۇر سەنئەت ئۆمىكى خەلق ئىچىدە تەشۋىقاتنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن كونسېرت كېچىلىكلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. ئەينى چاغدا ئويلىنىدىغان كونسېرتلارنى ناھايىتى سۈپەتلىك سەھنىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن غۇلجا خەلقى ئىچىدە نام ئابرويى بار روزى تەمبۇر ئاكا ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا قويۇلغان بىر كونسېرتنىڭ ئاخىرقى نومۇرىدا قىز ـ ئوغۇل بولۇپ ئون ئىككى نەپەر ئۆسمۈر سەھنىگە چىقىپ، باللار نومۇرىنى ئورۇنلاپ، مۇنداق مۇڭلۇق ناخشا ئېيتقان ئىدى:

ئاتا يوق، ئانا يوق، يېتىم بىز غېرىپ،
يۈرەرمىز پەرىشان كوچىدە تەلمۈرۈپ.
يېيەرگە، كىيەرگە يوق ئاچو ـ يالاڭ،
ئۆتەرمىز جاپادا ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ.

ئوقۇر، ئوينىشار، باي ئوغۇل ـ قىزلىرى،
كىيىملەر پۈتۈن، قىپقىزىل يۈزلىرى.
لېكىن بىز يېتىملەر ساماندەك سارغىيىپ،
يۈرەتتۇق ئاچ، غېرىپ ھەم نادان قېلىپ.

بۇ ھاللارغا رازىمۇ ۋىجدانىڭىز،
ئېچىلىڭ مەكتەپلەر قالۇر نامىڭىز.
ئەگەر يەتمىسىڭىز ئەۋلادلار ھالىغا،
جاھاننى تۇتىدۇ، كېيىن پەريادىڭىز.

يېتىملارنىڭ ئاھ - زارلىرى پۇتۇلگەن مۇڭلۇق ناخشىنى ئاڭلىغان تاماشىبىنلار بولسا ئۇيۇشمىنىڭ مەكتەپ ئېچىش خىزمەتلىرىگە بەس - بەس بىلەن پۇل ئىئانە قىلىشقان ئىدى. دەرۋەقە، مائارىپنىڭ دۇشمىنى بولغان جاھالەت جەڭگاھتىكى دۈشمەندىن نەچچە ھەسسە يامان ۋە زىيانلىق. بۇلار خەلقنىڭ مېڭىسىنى ياغاچنى ئاستا - ئاستا يەپ چىرىتىۋېتىدىغان قۇرۇتلاردەك قۇرۇتىۋېتىدۇ. غۇلجا خەلق ئەنە شۇ لۆمۈلدەپ جىم تۇرمايدىغان قۇرۇتلارنىڭ دەردىنى ئۆلگىچە تارتقان. بۇ ئەزىز يۇرتتا ياشاۋاتقان نەچچە يۈزمىڭ باللار مۇشۇ كۆنگىچىلىك ۋۇجۇدىدىكى قىممەتلىك گۆھەرلەردىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت تاپالماي، مەدەنىيەت، مائارىپتىن مەھرۇم قېلىپ، نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە ھايۋانلار قاتارىدا، قۇللۇقتا، ئاسارەتتە ياشاپ كەلگەن. مانا بۇ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەردىن تەل - تۆكۈس قۇتۇلۇش مەقسىتىدە قۇرۇلغان «مەدەنىي - مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن ئوينالغان كونسېرتلارنى كۆرۈپ، يۈرىكى پۇچۇلغان مەرىپەت سۆيەر ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئاۋانگارتلىق رول ئوينىشىنىڭ تۈركىسى بىلەن نادانلىق ۋە جاھالەتلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان غۇلجا خەلقى ئويغۇنۇپ، نۇرغۇن مەرىپەتچى پىداركارلار مەيدانغا يەڭ تۈرۈپ چۈشكەنىدى. نەتىجىدە غۇلجا خەلقى ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ كۆپلىگەن ئىلغار مائارىپ ئۇسۇلىدا دەرس

ئۆتىدىغان پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ چىققانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بىرى بولسا ھازىرقى 21- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يەنى ئايخان مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى يارقىن مەرىپەتچى ئايخان ئانا ئىدى. ئايخان ئانا يولدىشىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مىراس تەئەللۇقاتلارنى سەرپ قىلىپ، ھازىر رومانىمىزنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ياش خانىم ئۇغلى بىلەن يېتىپ كەلگەن قازانچى مەھەللىسىدە مەخسۇس يېتىم باللار ئۈچۈن، ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئۆينى قوشۇپ، جەمئي ئون ئالتە ئېغىزلىق بىر مەكتەپ سالدۇرغان ئىدى. ئۇشبۇ مەكتەپ شۇ زاماندا «غۇلجا خەيرىيەت مەكتىپى» دەپ ئاتالغان. لېكىن كەڭ جامائەت بۇ مەكتەپنى «ئايخان مەكتىپى» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەنىدى. كېيىن «ئايخان مەكتىپى» بارا - بارا گۈللىنىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 300 گە يەتكەن ئىدى. ئەينى چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىق تەمىناتىنى ئايخان ئانا ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. «ئايخان مەكتىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈستىگە ئاق كۆڭلەك، چۆرىسىگە ئاق كەشتە تۇتۇلغان كۆك شىمدىن ئىبارەت بىر خىل كىيىم كىيىپ يۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلار كوچىغا چىققاندا كىشىلەر بۇ مەكتەپ فورمىسىغا قاراپلا «ئەنە ئايخان ئانىنىڭ باللىرى كېلىۋاتىدۇ» دەپ سۆيۈنۈپ سۆزلەپ كېتىشەتتى. «يېتىملارنىڭ ئانىسى» دەپ نام ئالغان مەرىپەتپەرۋەر ئايخان ئانىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى غۇلجا شەھرىدە ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بولغان ئىدى. شۇ چاغلاردا چىقىدىغان «ئىلى دەرياسى گېزىتى» دە ئايخان ۋە ئايخان مەكتىپى توغۇرىسىدا نۇرغۇن شېئىر ۋە ماقالىلارنى ئېلان قىلىنغان. ئەينى چاغدا شائىر ئىمىرخان خوجىنىڭ بىر

شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار يېزىلغان :

كۆڭلىدە نەپسانىيەتنى ئۆزىدىن جۇدا قىلغان خېنىم،
مەكتىپى خەيرىيەت ئۈچۈن قان پىدا قىلغان خېنىم.

مەرىپەتپەرۋەر ئايخان ئانا تەسىس قىلغان «خەيرىيەت مەكتىپى» هازىر 80 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇشبۇ مەكتەپ نەچچە مىڭلىغان ئوغۇل ـ قىز ئۆسمۈرلەرنى يېتىشتۈرۈپ، قاتارغا قوشتى. شېڭ سىسەي ئۆز تەبىئىيتىنى ئاشكارلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان دەۋرلەردە، ئايخان ئانا يۈز مىڭلىغان مەرىپەتپەرۋەر زىيالىلار، ئۆلىمالار، بايلار ۋە سەنئەتچىلەر، يازغۇچى، شائىرلار قاتارىدا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان ۋە تۈرمىدە ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋە شۇ قاراڭغۇ زەي زىنداندىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە ئاجىز تېنى بەرداشلىق بىرەلمەي، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان، بۇنىڭ بىلەن 1942 ـ يىلى 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ مىللەت ئۈچۈن قىلغان شۇ پىداكارلىقلىرى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى تا بۈگۈنگىچە خاتىرلىنىپ كەلمەكتە، ئۇنىۋڭ ئۆلمەس روهى ئەۋلاتلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشىماقتا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ئۈچۈن قوشقان تۆهپىلىرىنى ئۇيغۇر خەلقى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز قەهرىمانلىرى ئۈچۈن كۆز ياشلار تۆكۈشى ۋە ئۇلار ئۈچۈن كىتابلار يېزىپ، ئابىدە تىكلىشى كېرەك. ئەنە شۇ تۆككەن كۆز ياش ۋە يېزىلغا كىتابلار

ئاشۇ قەھرىمانلار روھىنىڭ ھەققىدۇر. ئۇلار ئۆچۈن كۆز ياش تۆكۈش ۋە كىتاب يېزىش ئېسىل پەزىلەتتۇر. دەرۋەقە، يازغۇچى تۇرسۇن ئەرشىدىنىدەك پىداكار يازغۇچىلىرىمىز ئۆز قەلىمى بىلەن «مەرىپەتپەرۋەر ئانا ئايخان» ناملىق كىتابلارنى يېزىپ، ئايخان ئانا روھىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى تۇۋرۈكى قىلىپ تىكلەشكە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى. ئايخان ئانىنىڭ روھىدىن ئۆلگە ئالغان مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ مەھەللىدە چوڭ بولغان نۇرتاي ھاجىم «نۇرتاي ھاجىم يېتىملار مەكتىپى» نى سالدۇرۇپ، 150 تىن ئوشۇق يېتىم ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنىلا ھەل قىلىپ قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، يېتىپ ـ قوپۇش مەسىلىرىنىمۇ بىراقلا ھەل قىلىپ، ھەر يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن بىر مىليون 150 مىڭ يۈئەن خىراجەت ئاجرىتىپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ گويا بۇندىن 80 يىل ئالدىدىكى ئايخان ئانىغا ئوخشاش يېتىملارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئۇلارغا پاشپاناھ بولغان پىداكار ئاتىغا ئايلانغان ئىدى.

## 10

ياش خانىم نىگاھىنى ئايخان مەكتىپى جايلاشقان خالتا كوچىدىن يۆتكەپ، نۇرتاي ھاجىم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قورا تەرەپكە قاراتتى. قورانىڭ كۆك رەڭلىك ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسى يىراقتىن گۈڭگا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ چاغدا قاياقتىندۇر قاغىنىڭ ئۇنلۇك «قاق ـ قۇق» ئېتىشىدىنمۇ

دەھشـەت بىـر ۋەھشـى ئـاۋاز ئاڭلانـدى ـ دە، ئانـا ـ بـالا ھـەر ئىككىلىسـىنىڭ يۈرەكلىـرى قارتتىـدە قىلىـپ، تەنلىـرى جۇغۇلـداپ، قاتتىـق چۆچـۈپ كەتتـى ۋە ھـەر ئىككىلىسـى دەرھال باشـلىرىنى ئـاۋاز بـار تەرەپكـە بۇرىـدى ۋە بـۇ يېقىمسـىز ئاۋازنىڭ نۇرتـاي ھاجىمنىـڭ ئۆيـى بـار تەرەپكـە سـوزۇلغان يولنىـڭ ياقىسـىدكى بىـر تۈپ قېـرى قارىياغاچنىڭ شـاخلىرىغا قونۇۋالغان بىـر تـوپ قارىقۇشلارنىـڭ ئارىسـىدىكى بىرسـىنىڭ ئىكەنلىكىنـى جەزىملەشـتۇردى. ئارىدىـن دەم ئۆتمـەيلا بىـر تـوپ قارىقۇشـىنىڭ ھەممىسـى دېگـۈدەك قاققىلـداپ ئادەمنىـڭ قـۇلاق ـ مېڭىسـىنى يەۋەتكـۈدەك ئاۋازلارنـى چىقىرىـپ، قاغـا پـوق يېمەسـتە كوچىنـى ساراسـىمىلىككە چۆمدۈرۈۋەتتـى ۋە بـەش ـ ئالتىسـى بىردىـنلا قاناتلىرىنـى قېقىـپ، تۇتـۇق ھـاۋادا پـەس ئۇچۇشـقا باشـلىدى. ئـۇلار قاغىنىڭكىـدەك پاقىـراق قـارا قاناتلىرىدىـن گويـا شامالدا بىـر ـ بىرىگـە سـۈركىلىپ ئۇچـۇپ يۈرگـەن غـازاڭلاردەك غىرىسـلىغان ئـاۋازلار چىقىرىۋاتقانىـدى، ئېغىزىدىـن بولسـا، گېلىغـا بەلغـەم تـۇرۇپ قالغـان بەڭگىنىـڭ گېلىنـى قىرىـپ قـاق ئەتكىنىـدەك ئـاۋازلار چىقىۋاتاتتـى. قارىياغاچنىـڭ شـاخلىرى سـىلكىنىپ، بىرچەچچـە تـال چـۈرۈك تاللىـرى قـارس ـ قـۇرس قىلىـپ سـۇنۇپ يەرگـە چۈشـتى، قارىياغـاچ دەرىخىنىـڭ ئۈسـتىدىكى قـارلار گويـا توپـان بالاسـى بولغانـدەك ھـەر تەرەپكە تـوزۇپ، ئەتـراپ بىردىـنلا قـار ئۇچقۇنلىرىغـا پۈركۈنـۈپ كەتتـى. نۇرتـاي ھاجىمنىـڭ دەرۋازىسـى كۆرۈنـۈپ تۇرغـان تـەرەپ بولسـا ئـاق تۇمـانلار بىلـەن قاپلىنىـپ، كۆرۈلمـەس ھالغا كېلىـپ قالغان ئىـدى. ئانـا ۋە بالىنىـڭ كۆزلىرىگـە بىردىـنلا ئەتـراپ جىنلارنىـڭ سـايى كۆرۈنۈۋاتقانـدەك قورقۇنچلـۇق كۆرۈنۈشـكە باشـلىدى.

ياش خانىم دەرھال ھوشىنى يىغقاندەك بولۇپ، ئوغلىنى يېتىلگەن پېتى قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ بۇ يەردىن ئاران دېگۈدەك يىراقلاشتى. ياش خانىم ئىچىدە «ھوي، شۇملۇقنى چىللايدىغان قارغىش تەگكۈر جۇۋاينىمەكلەر! ھەجەپمۇ قورقىنىۋەتتى كىشىنى» دەپ غۇدۇڭشىدى. ئۇلار ئەمدى نۇرتاي ھاجىمنىڭ ئۆيىنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ تېز ـ تېز ماڭدى. بالىنىڭ كىچىك ۋۇجۇدىنىمۇ بىر خىل غايىبانە قورقۇنچ جۇغلىۋالغان ئىدى. بالا ئانىسىدىن بەكرەك ئالدىراپ ئۇششاق قەدەملىرىنى تېزلەتتى، ئۇلار ئازراق ماڭغاندىن كېيىن دەرھال سول تەرەپتىكى قاغا پۇتىدەك قىڭغىر ـ قىيسىق كەتكەن تار كوچىغا قايرىلىپ، يولىنى بۇرۇنقى سۈرئەت بويىچە داۋام قىلدى. ئەنە شۇ قېرى قارىياغاچقىنىڭ شاخلىرىنى ماكان قىلغان «قارىقۇش» لار بولسا، ئەزەلدىن تارتىپ بۇ يۇرتتا ياشاپ باقمىغان قۇش تۈرلىرىدىن ئىدى. ئۇلار بولسا، ئادەتتە بىز «قارىقۇش» دەپ ئاتاپ كەلگەن پەي تۈكلىرى قارا كېلىدىغان چۆل بۈركۈتىدىن خېلىلا كىچىك، ئۆزى قاپقارا، قاناتلىرى قاغىنىڭكىدەك پاقىراق، ئەمما ئاۋازى قاغىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك ۋە يېقىمسىز بولغان بىر خىل قۇش ئىدى. ئۇلار ھاۋادا قالىغاچتەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا تېز ھەرىكەت قىلىپ ئۇچاتتى ؛ دەرۋەقە، ئۇلاردا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئېنېرگىيە بار ئىدى. ئون يىلنىڭ ئالدىدا غۇلجىدا «چېكەتكە كۆپىيىپ كەتتى» دېگەن باھانە بىلەن، چېكەتكىلەرنى يوقۇتۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى سۈپىتىدە مەزكۇر «قارىقۇش» لاردىن 500 دانىسىنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئەكىلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى

خەنبېلىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتسىيەسىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە قويۇۋېتىلگەن ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ قۇشلار يالغۇز چېكەتكىنىلا يەپ قالماي بەلكى يەنە بۇلبۇلنىڭ ئۆۋىسىدىكى تۇخۇملارنى چىقىپ ئىچىشكە باشلىغان ئىدى. كېيىن بۇ قىلىقسىزلىقى ئادەتكە ئايلىنىپ يالغۇز تۇخۇمنىلا چىقىپ ئىچىپ قالماي، بەلكى يەنە تۇخۇم باسۇرۇپ ياتقان كۆرۈك بۇلبۇل ئانىلىرىغا دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆۋىسىدىن سۆرەپ توقاي قىلىپ، پوكىنىغا باسۇرۇپ ياتقان يىقىدىنلا تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى يېرىپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشقا ئاز قالغان تۆكسىز بالىلىرىنى چوقۇلاپ يېيىشنى ئۆزىگە ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى. قارىقۇشلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ۋەھشىلىكىنى بىر خىل مەنىلىك ئويۇن قاتارىدا كۆرگەندەك قىلىپ، ھەر قېتىم بۇلبۇلنىڭ ئۆۋىلىرىنى توزۇتۇۋەتكەن چاغدا، شۇنچىلىك ھاياجانغا چۆشۈپ، قاق ئېتىپ سايراپ كېتىشىدىغان بولغان. ئۇشبۇ قۇشلارنىڭ ئەڭ يامان يېرى شۇكى، نەسلى شۇنچىلىك تېز كۆپىيىدىغان بولۇپ، بىر نەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەممە مەھەللىلىرىگە، باغلىرىغا، دەريا بويلىرىغا ھەتتا شەھەردىن ھالقىپ يېزا ـ قىشلاقلارغىچە شۇنچىلىك تېز رەۋىشتە تارقىلىپ كەتكەن. بۇنداق دەھشەتلىك تېز تارقىلىشقا ھېچكىممۇ ئامال قىلالمىغان. گەپنىڭ ئۇچىقىنى قىلغاندا، قارىقۇشنىڭ كۆپىيىشىگە نىسبەتەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كۆز يۇمغان. قارىقۇشنىڭ ھەممە تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشىگۇ بىر نۆۋرى، بىراق ئەڭ يامان تەرىپى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بۇلبۇل ۋە باشقا پايدىلىق

هاشارەتلەرگە تۇركۇم - تۇركۇملەپ زىيان سېلىۋاتقانلىقى غۇلجا خەلقىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ قالغانلىقى ئىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە غۇلجىدا سايرايدىغان بۇلبۇلنىڭ نەسلى قۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. گويا «قارىقۇش» خىتاي ئۆلكىلىرىدىن غۇلجىغا بۇلبۇلنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋېتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ چىققانمۇ قانداق ؟ ۋە ياكى غۇلجىغا چىققاندا بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىر چىمدىم يۈرىكىگە رەشك ئوتى تۇتاشقانمۇ قانداق ؟ ئىشقىلىپ بىرىنچى بولۇپ بۇلبۇلنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىدى. غۇلجا خەلقى ئۈنىگدەك ئاچكۆز، ئۈنىگدەك ۋەھشى، ئۈنىگدەك تەرسا بىر قۇشنى ئەلمىساقتىن هازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. قارىقۇش غۇلجىنىڭ سۈپسۈزۈك ئاسمىنى، قىزىلگۈلنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان باغلىرىنى، مول - ھوسۇللۇق ئېتىزلىرىنى، ساپ هاۋالىق دەريا بويلىرىنى ئۆزىنىڭ تەنھا ئۈچىدىغان، ياشايدىغان ماكانى قىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزىگە دۈشمەن دەپ چاغلىغان بۇلبۇلنىڭ ئۇۋىسى بار يەرنى بىلىۋالغان هامان، ئۇدۇل ئۇچۇپ بېرىپ، پۈتۈن ئاۋازى بىلەن چىقىراپ كەلىپ، چاڭگىنى تورىتۇپ قاقسەنەم قىلىۋېتىپ باراتتى. ئەزەلدىن بۇيان مۇشۇ يۇرتنى ماكان قىلىپ، مۇشۇ يۇرت خەلقىنىڭ باغلىرىغا ئۇۋا سېلىپ، مۇشۇ يۇرت خەلقى ئۈچۈن سايراپ كېلىۋاتقان بۇلبۇلنىڭ تىنىچ هايات كەچۈرىشىگە ئىمكان بەرمەيۋاتقان ئىدى. ھەتتا تىكەنلىك جىغانلارنىڭ ئارىسىغا چاڭگا قۇرغان بەزى بىر زىرەك بۇلبۇللارنىڭ تۇخۇملىرىنىمۇ، بىر ئاماللارنى قىلىپ

تېپىپ، چىقىپ ئىچىۋاتقان ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك جاھىل بىر
قۇش ئىدىكى، ئۆزىنىڭ مۇددۇئاسىغا يەتمىگىچە بولدى
قىلمايتتى، ھەم شۇنچىلىك تەرسا ئىدىكى، ھەتتا تەرسالىقى
تۇتقاندا ئۇششاق باللارغا ۋە قورادا ئىش قىلىۋاتقان ئاياللارغىمۇ
ئېتىلىدىغان خۇيى بار ئىدى. بىر كۈنى ياش خانىم
قوراسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئەپلىك قىلىپ قويۇۋالغان كىچىك
تونۇرىغا نان يېقىۋاتقاندا، قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر
قارىقۇش دەھشەتلىك ئېتىلىپ كېلىپ، ياش خانىمنىڭ
تونۇردىن ئەمدىلا قومۇرغان كىچىك مايلىق توقچىنى چوقۇلاپ
قاچقان ئىدى، دەل مۇشۇ چاغدا ياش خانىم تۇيۇقسىز
كەلگەن بۇ زەربىدىن شۇنچىلىك قورقۇپ، تونۇر بېشىدا غال
- غال تىترەپ، قولىدىكى يەڭلىكى تونۇرنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ
كەتكەن ئىدى. شۇندىن بۇيان قاچاندۇر بۇ قۇشنى كۆرسە
ۋە ياكى ئاۋازىنى ئاڭلىسا تەنلىرى سۈركىنىدىغان بولۇپ
قالغان ئىدى. گەرچە قارىقۇشنىڭ چوڭلىقى بۇلبۇلنىڭ،
قارغۇجىنىڭ چوڭلۇقىدەك بولسىمۇ، ئەمما لېكىن گېلىنى
قىرىپ چىقارغان ئاۋازى شۇنچىلىك يۇقۇرى ئىدى. تەرسالىقى
تۇتقان ۋاقىتلىرىدا چىقارغان ئاۋازى ھەتتا خىتايلار چاغانلىق
سوقۇم قىلىش ئۈچۈن، قايناۋاتقان يوغان داش قازانغا تېرىك
بېسىپ، مەقىتىگە قىزىتىلغان پولات زىقنى تىقىپ، سويۇۋاتقان
چوشقىنىڭ چىقىرغان ئاۋازىدىن قىلىشمايتتى. شۇ ۋەجىدىنمۇ
قارىقۇشنىڭ چىقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم
يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كېتەتتى.
ئانا بىلەن بالا ھازىر ئەنە شۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە قالغان
ئىدى. ياش خانىم كېتىۋېتىپ نۇرتاي ھاجىمنىڭ تەغدىرىدىن

سەل ئەنسىرەپ قالدى. ھالبۇكى، ياش خانىمنىڭ ئەنسىرەشلىرى ھەقلىق بولۇپ چىقتى. ئالتە ئايدىن كېيىن نۇرتاي ھاجىم خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئون سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. كاشكى ياش خانىمنىڭ ئەنسىرەشلىرى ھەقلىق بولۇپ چىقمىغان بولسا قانچىلىك خۇشاللىنارلىق ئىش بولغان بولاتتى ھە !. بۇرۇن شىنجاڭ شىمالىي يارىم كېچىدە قانداق قىلىپ ئۇيغۇر مەرىپەتچىلىرىنى، يازغۇچىلارنى، باي - سودىگەرلىرىنى ۋە زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىگە تاشلىغان بولسا، ھازىرقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىمۇ دەل شۇنداق سىياسەت يۈرگۈزىۋاتقان ئىدى. مىللەتنىڭ مېڭىسى، قەلبى ۋە كۆزى ھېسابلىنىدىغان ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار، يازغۇچى - شائىرلار، مەرىپەتپەرۋەر باي - سودىگەرلەر، ئەقلى زىرەك جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئارقا - ئارقىدىن لاگېرلارغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇلارغا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ھەرخىل جىنايەتلەرنى ئارتىپ، تۈرمىلەرگە تاشلاۋاتقان ئىدى، ھەتتا بەزىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئىدى. ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، تۈرمىلەرگە قامالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاتالمىش «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ خىل كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش. يەنى بۆلگۈنچىلىككە، ئەسەبىيلىككە، تېرورلۇققا زەربە بېرىش» سىياسىتىنىڭ قۇربانلىرى ئىدى. نۆۋەتتە «ئۈچ خىل كۈچ» دەپ ئاتالغانلار بولسا، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا زىكرى قىلىپ ئۆتكەن ئىلىم - پەن خادىملىرى،

مائارىپچىلار، يازغۇچى - شائىرلار، ئۆلىمالار ۋە روناق تاپقان كارخانىچىلار ئىدى. ھازىر بۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىش ئۇسۇلى كونا ئۇسۇل بويىچە يەنىلا كېچىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلغان، ھازىرمۇ دەل شۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇرۇنقى دەۋردىكى ئەنە شۇ قىرغىنچىلىقلار ھازىرقى دەۋردىمۇ ئوخشاش يۈز بېرىۋاتاتتى. «تارىخ تەكرارلىنىدۇ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۈستىدە يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەناسىنى تاپقان بولسا كېرەك. ھەمدە بۇ سۆزنى كىم دېگەن بولسا، پەقەت ئۇيغۇر مىللىتىدەك يىگانە مىللەتنىڭ ئۈستىدىن دەۋر قىلىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىرغىنچىلىق ئارقىلىق مەناسىنى تاپىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولغۇيتى ھەقاچان. دەرۋەقە، «تارىخ تەكرارلىنىدۇ» دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىر سۆز ئىدى. تارىختىن بۇيان قاراڭغۇ تۈندە ئىشىكلەر قوپاللىق بىلەن قېقىلىۋاتىدۇ. بۇلۇپمۇ ھازىر بۇنداق ئىش ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەنە شۇ كېچىسى ئۇرۇلغان ئىشىكنىڭ ئەنسىز ئاۋازى، ئادەمنى ئۇيقۇدىن ئەندىكىپ ئويغۇنىشىغا سەۋەپ بولاتتى، بۇنىسىغۇ چېچ گەپ ئەمەس، ئەسلى قورقۇنۇشلۇق ئىش، ئىشىكنى ئۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆيي ئىچىدىكىلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىسى ئىدى ؛ بولۇپمۇ ھېچقانداق سەۋەب كۆرسەتمەي تۇتقۇن بولغان كىشىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەي، يوتقانغا قانداق كىرگەن بولسا، شۇ تۇرقى بويىچە سۆرەپ چىقىپ، بېشىغا

قارا خالتا كيگۈزۈپ، قولىنى ئارقىغا قايرىپ قارا كاۋچۇك يىپ بىلەن باغلاپ ئېلىپ مېڭىشلىرى بولسا، ئۆيدە قانچە ئادەم بولسا شۇنچە ئادەمنىڭ يۈرىكىگە دەھشەت سالىدىغان، نارىسىدە باللارنىڭ خىيالدىن ئۆلگىچە كەتمەيدىغان، ئۇخلىغان چاغدىمۇ ئارام بەرمەيدىغان دەھشەتلىك بىر مەنزىرە ئىدى. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بولسا گويا بىر ئوبدان ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بىردىنلا ئۈز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ پارغا ئايلىنىپ كەتكىنىدەك، ئىز-دېرەكسىز بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇنى يوقىتىۋاتقانىدى. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئائىلە تائاباتلىرى ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. مانا مۇشۇنداق 21-ئەسىردىكى بىنورمال هادىسە بۇ يەردە ئادەتتىكى نورمال بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇنداق بىنورماللىق بۇ زېمىندا ئەسىردىن ھالقىپ كەتكەن بىنورماللىق بولغاچقا «نورمال» بىر ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە ھەر بىر ئادەم بالىسى يارىلىشىدا ئەركىن يارىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش بىلەن بىرگە تەبىئىي مەنسۇپ بولغان ئەركىنلىكىدىن بارا-بارا مەھرۇم قىلىنىپ، ھەربىرسىنىڭ ئەركىنلىكى ئاستا-ئاستا كۆرۈنمەس زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن كىشەنلىنىدۇ. بۇنىڭغا بويۇن ئەگمىگەنلەر ئەنە شۇنداق «ئۇچ خىل كۈچ» كە ئايلىنىپ يوق قىلىنىدۇ. ئەسلىدىنلا پەن-مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر-سەنئەت ئىگىلەشكە ماھىر قابىلىيەتكە ئىگە ئۇيغۇرلار، پارتىيە بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەت بويىچىلا پائالىيەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە

تەربىيەلىنىشتىن، ماددىي دۇنياغا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش كۈچىدىن، مەنىۋىي جەھەتتىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ قىممىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ جەھەتتىكى ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي قولىدىن تارتىۋېلىنغان بولغاچقا، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۆسمۈرلۈكتىن باشلاپلا خىتايلاشتۇرۇلۇپ، ئۆز كىملىكىنى يوقاتقان باشقا بىر كىملىك بىلەن ئۆسۈپ ـ يېتىلدۈرۈلىۋاتىدۇ. مانا بۇ تۈپ مەنىدىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئىدى. لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە چۈشكەنلەرنىڭ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكىنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۆلارنىڭ نېمە ئىش قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ھېساپتا يوقاپ كېتىشى، ھەممىسىنىڭ بىراقلا تارىخ دەپتىرىدىن پاك ـ پاكىزە ئۆچۈرۈلىشى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىرقى قىرغىنچىلىق ھېسابىنىلاتتى.

ياش خانىم ئۇزاق ئۆتمۈشلەردە يۈز بەرگەن ئەنە شۇ قاباھەتلىك قىرغىنچىلىقلار بىلەن ھازىرقى رېئال ۋەزىيەتتە يۈز بېرىلىۋاتقان قىرغىنچىلىق ئارىسىدا بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، روھىنى غەم ـ قايغۇ باستى ـ دە، يۈزىدە غەزەپ بىلەن ۋەھىملىك ئالامەت قېتىپ قالغاندەك بولۇپ، چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى. دەرۋەقە، ئۇشبۇ قىرغىنچىلىق ئەسىردىن ھالقىغان ئىدى، خۇددى كومپارتىيەنىڭ بۇ خىل زەربە بېرىش سىياسەتلەرنى «مەيلى جۇڭگو تارىخىدا بولسۇن، ياكى دۇنيا تارىخىدا بولسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى جاھاننى زىلزىلىگە سالغان كۆرەش تارىخي داستانى» دەپ تەرىپلىنىشىنىڭ ئۆزىلا ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىر ئەركىنلىكنى ئۆزىگە مۇقەددەس بۇرچ قىلغان ئادەمنى

چۆچۈتمەي قالمايتتى.

## 11

ياش خانىم بىلەن بالا ئەمدى ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىدى. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى سىم تاناپ تۇۋرۇكىگە قادالغان يوغان چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرى مەسچىت دەرۋازىسىغا سېلىنغان يوغان مىسرەك قۇلۇپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ياش خانىمنىڭ ئاق مەسچىتنىڭ سىرتقى تېمىغا سېمونتتىن قاپارتىپ ياسىغان يېڭى دوسكىغا كۆزى چۈشتى، دوسكا قارا سىردا سىرلانغان بولۇپ، ئۈستىگە يېزىلغان ئاق سىردىكى شوئارلار، يوغان چىراغنىڭ ئاقۇش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. بىراق دوسكىدىكى ئەنە شۇ يالتىراپ تۇرغان «دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرايلى!» دېگەن سوئارنى ئوقۇغان ياش خانىمنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئىشكى ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان جامائەتنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئېچىلمىغان بولغاچقىمىكىنتاڭ مەسچىت تاملىرىنىڭ يانلىرى ۋە ئۆگزىلىرى قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. بۇرۇن «ئوت كەتكەن مەسچىت» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەسچىتنى غۇلجىدىكى بىر ساخاۋەتچى سودىگەر قايتىدىن سالغۇزغان بولۇپ، سىرتقى تاملىرى ئاق مەرمەر تاشلار بىلەن بېزەلگەن بولغاچقا، جامائەت بۇ مەسچىتنى «ئاق مەسچىت» دەپ ئاتىغان ئىدى. مەزىنىنىڭ مەسچىت مۇنارىسىدا تۇرۇپ كۈندە بەش

ۋاخ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى، ئەنە شۇ ئاپئاق مەرمەر تاشلارغا ئۈرۈلغاندا ئاجايىپ جاراڭلىق ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، قازانچى مەھەللىسىدىن ئەتراپقا تۇتاشقان ئادەم بەدىنىدىكى قان تومۇرلارىدەك تورلىشىپ كەتكەن تار كوچىلارغا تارقىلىپ، تونۇرچى مەھەللىسى، سۇدەرۋازا مەھەللىسى، ئايدۆڭ ۋە مويىكا مەھەللىسى تەرەپلەرنى زىل ـ زىلگە سېلىۋېتەتتى. مانا هازىر ئەنە شۇ مىس قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق سادا ئاڭلانماس بولدى. جامائەتنىڭ ئايىغى كېسىلگەچكە، مەسچىت ئەتراپى چۆلدەرەپ قالغان ئىدى. كۆندۈزلىرى ئاپئاق كۆرۈنىدىغان «ئاق مەسچىت» بولسا ئاپئاق قار ئاستىدا قالغاچقا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سەلتەنەتلىك مەنزىرىسىنى يوقۇتۇپ قويغان ئىدى. مەسچىت سېلىنغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولمايلا تاقىۋېتىلگەن بولۇپ، بارلىق راسقۇتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ سالدۇرغان ساخاۋەتچى سودىگەرمۇ بىر كېچىدىلا تۇتۇپ كېتىلگەن ئىدى. كۆنلەرنىڭ كەينىدىن دەرت ـ ئەلەم، دەرت ـ ئەلەمنىڭ كەينىدىن يىللار سۇدەك ئېقىپ ئۆتتۈۋاتقان بۇ هاياتتا، مەسچىتنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلارمۇ هېچ تارالمايۋاتقانىدى. بۇرۇن ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىنىڭ نەمۇنە ئەسەرلىرىدىن بىرى هېسابلىنىدىغان، ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، پېشايۋانلىق ۋە ئاستىئۈستى تاختايلىق، شۇنچىلىك گۈزەل سېلىنغان قازانچى مەسچىتى «پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋردە، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، كىشىلەر تاشلىنىپ قالغان بۇ مەسچىتكە «ئوت كەتكەن مەسچىت» دېگەن نامنى لايىق كۆرگەن ئىدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە جامائەت

قايتا رېمونت قىلىپ، ئىبادەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، يەنىلا «ئوت كەتكەن مەسچىت» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ كېلىنۋەرگەن ئىدى. 2000 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ، قايتىدىن ياسالغاندىن كېيىن، «ئاق مەسچىت» دەپ ئاتىلىپ، قازانچى ئەتراپىدىكى جامائەتنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان جەننەت ماكانىغا ئايلانغان ئىدى. غۇلجا خەلقىنى ۋە ساياھەتچىلەرنى مىسلىسىز كۆركەملىكى ۋە بىقىياس نەپىس سېلىنغانلىقى بىلەن ھەيرەتتە قالدۇرغان «ئاق مەسچىت» بولسا، ھازىر ئىبادەت قىلىش چەكلەنگەنلىكتىن، جامائەتتىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئىشىكىگە سالغان قۇلۇپ ئەسكى تامدىن تار كوچىغا ساڭگىلاپ قالغان ئالمىدەك تۈۋەنگە ساڭگىلاپ تۇراتتى؛ دەرۋازىسى ئۈستىگە قادالغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق بولسا، ئۈستىگە ئۈستىلەپ ياغقان ئاپئاق قارنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ تەسىرىدە، بىر پارچە دەسمالدەك يەرگە قاراپ ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. ئالدىدا ئېتىلغان ئېتىلداقلارنىڭ قالدۇقلىرى ئەتراپتا چېچىلىق تۇراتتى. ئېتىلداقنىڭ تاشقى پوستىنىڭ قىزىل رەڭلىرى بولسا ئاپئاق قارنىڭ ئۈستىدە قىپقىزىل قان داغلىرىدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، تېتىلىپ كەتكەنكەن ئېتىلداق قالدۇقلىرى پارتلاپ كەتكەن ئادەمنىڭ پارماقلىرىدەك ئۇيەر ـ بۇيەرلەردەك تاشلىنىپ ياتاتتى. قۇلۇپلاغلىق دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى «ئاق مەسچىت» ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كۆركەملىكىنى يوقاتقان بولۇپ، ئاپئاق بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولسا، قار- مۇز ئاستىغا بېسىلىپ قالغان جاۋاھىراتلار ساقلانغان تاغ ئۆڭكۈرلىرىدەك سىرلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى يولدىن

ئـۇدۇل ماڭسـا ئايـدۆڭ مەھەللىسـى ئارقىلىـق دەريـا بويىغـا ۋە
شــەھەرلىك 11ـ ئوتتــۇرا مەكتەپكــە بارغىنــى بولاتتــى. يــاش
خانىـم بـۇرۇن هـەر كۈنـى مۇشـۇ يولـدا «ئـاق كەپتـە» ماركىلىـق
دامۇسـكا ۋېلسـىپىتىنى مىنىـپ، ئـۆزى ئوقۇتقۇچىلىـق قىلىدىغـان
شـەھەرلىك 11ـ ئوتتـۇرا مەكتەپكـە ماڭاتتـى. ئـۇ چـاغلاردا بـۇ
كوچـىلار شـۇنچىلىك ئـاۋات، شـۇنچىلىك چىرايلىـق ئـىدى ؛ تـاڭ
سـەھەردىلا كوچـىلار ئۇياقتىـن ـ بۇياققـا ئۆتۈشـۈپ كېتىۋاتقـان
ئادەملـەر بىلـەن تولـۇپ كېتەتتـى. مەھەللـە مەزىنىنىـڭ مۇڭلـۇق
توۋلىغـان ئـەزان ئـاۋازى بىلـەن تـەڭ پۈتلىرىغـا مەسـە ـ كالاچ
كىيگــەن بــوۋايلار مەچىتكــە ئالدىرشــىپ مېڭىشـاتتى. بېشــىغا
گۈللـۈك ياغلىقلارنــى چېكىلـەپ تېڭىۋالغــان قىــزـ چــوكانلار
بولســا، ھەرھويلىدىـــن چىقىـــپ، دەرۋازا ئالدىلىرىغــا ســۇ
ســېپىپ سـۈپۈرەتتى ۋە بىــردەم دەم ئالغــاچ گۇڭگــۇرـ مۇڭگــۇر
ئۆزئـارا پاراڭلىشـاتتى، ھـويلا باغلىرىدىــن بــەس ـ بەسـتە
سـايراۋاتقان كاككـۇك بىلـەن بۇلبۇلنىـڭ شـۇنچىلىك مۇڭلـۇق،
شــۇنچىلىك جەزبىــدار، شــۇنچىلىك يېقىملىــق ئــاۋازى بــۇ
كوچىلاردىـــن ئۆتكــەن ھەرقانــداق ئادەمنىــڭ روھــى دۇنياسـىنى
زىـل ـ زىلگـە سالاتتى، دەريـا بويىغـا كېتىۋاتقان هارۋىكەشـنىڭ
ئـات ـ ئېشـەككە قىلغـان تاپـا ـ تەنىلىرىنىـڭ ئـاۋازى بىلـەن
ۋېلسـىپىت قوڭغۇراقلىرىنىــڭ چىرىڭلاشــلىرى بىــرـ بىرىگــە
ئارلىشـىپ كېتەتتـى ؛ يـاش خانىـم قانچىلىغـان تـاڭ سـەھەردە،
شـۇ دەمـدە كـۆز ياشـلىرى قـار ئۇچقۇنلـىرى بىلـەن قۇچاقلاشـقان
مۇشـۇ كوچـىلاردا ئىشـقا ماڭغـان ! مۇشـۇ ئـاق مەرمـەر تـاشلار
بىلـەن بىزەلگـەن «ئـاق مەسـچىت» نىـڭ ئالدىدىـن «ئـاق
كەپتـەر» ماركىلىـق دامۇسـكا ۋېلسـىپىتىنىڭ پىدالىنـى تېپىـپ

ئۆتكـەن ھـە ! ئەنــە شـۇ چـاغلاردا «ئـاق مەسـچىت» نىـڭ ئاپئـاق مۇنارلىـرى تاقاشـقان كـۆك ئاسـماندا، تـوپ ـ تـوپ بولـۇپ ئۇچـۇپ يۈرگـەن ئـاق كەپتەرلـەردەك ئاپئـاق پارچـە ـ پارچـە بۇلۇتلارنىـڭ ئـۈزۈپ يۈرگەنلىكىنـى كۆرگـەن ؛ يەنـە شـۇ چـاغلاردا مەسـچىتنىڭ ئۇدۇلىدىكـى ئۆيلەرنىـڭ دېرىزىلىرىنىـڭ پەردىلىرىنـى سـىرىپ ئاچقـان قىزلارنىـڭ تەغدىـر ئاقـۋىتىنىـڭ ياخشـى نەتىجىلىنىشـىنى «ئـاق مەسـچىت» تەرەپكـە بۇرۇلـۇپ تـۇرۇپ تىلىگـەن ئىـدى.

## 12

يـاش خانىـم ئەمـدى ئـوي ـ پىكىرلەردىـن ئۆزىنـى تارتىـپ، ئوغلـى بىلـەن ئىغىـر قەدەملەرنـى ئېلىـپ، «ئـاق مەسـچىت» نىـڭ ئالدىدىــن ئاقىدىغـان ئۆسـتەڭنىڭ ئۇسـتىگە سـېلىنغان كۆۋرۈكتىــن ئۆتــۈپ، ئـۇدۇل ماڭــدى. گەرچـە ئۆسـتەڭ ئاسـتا ـ ئاسـتا تىنىــپ، كىچىــك بىــر ئېرىققــا ئايلىنىــپ قالغــان بولسـىمۇ، يەنـىلا سـۇ ئۆكسـمەي ئېقىـپ تۇراتتى. قىشـنىڭ چىلە كۈنلىرىدىكـى بـۇ قاتتىق سـوغۇقتا ئېرىقنىڭ ئۇسـتىنى مۇز تۇتقان ئىـدى. ئۇسـتىگە سـالغان كـۆۋرۈك سـەل ئولتۇرۇشـۇپ كەتكـەن بولـۇپ، يــاش خانىــم بىلــەن بــالا ئۇســتىگە دەسســگەندە، ياغاچلىرىدىـن ئازابلىـق ئىڭراۋاتقـان بىمارنىـڭ ئاۋازىـدەك تاۋۇش چىقىـپ كەتتـى. كۆۋرۈكتىـن ئۆتكەندىـن كېيىنكـى يـول بولسـا دىلمـۇك تاغلىرىنىـڭ يوللىرىـدەك قىڭغىـر ـ مايمـاق بىـر يـول بولـۇپ، ئۇشـبۇ يـول سـۇدەرۋازىنىڭ چوڭ كوچىسـىغا تۇتىشـاتتى. ئـۇلار بـۇ يولـدا ئىلـدام قـەدەم تـاشلاپ مېڭىـپ مەسـچىتنىڭ

ئارقا تەرەپتىكى ئۆستەڭنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ چاغدا ياش خانىم نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئېسىغا ئالغاندەك قىلىپ، شاققىدە سولغا تولغۇنۇپ، يېپيېغىلىق تۇرغان ئىككى قاناتلىق دەرۋازىغا بىر كۆز ئاتتى. مەزكۇر دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ھويلىدا ئاتاغلىق ئەل نەغمىچى ۋە چاقچاقچى ساتتار داۋۇت ئولتۇراتتى. ئۇ مۇشۇ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ۋە مۇشۇ مەھەللىدە پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا پىششىقلىقى، مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئورۇنلاش ماھارىتىنىڭ يۇقۇرلىقى بىلەن ئەلگە تونۇلغان، «تەلكە تاغلىرى»، «سايرا تەمبۇر- دۇتتارىم» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجات قىلغان مۇزىكانت ئىدى. ھازىر ئوغلىنى يېتەكلەپ ئەركىنلىككە قاراپ قېچىۋاتقا ياش خانىم بولسا بۇ نەغمىچى ئۇستازنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىرلا كۆرگەن ئادەمنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان چىراي ئىپادىسىنى كۆز ئالدىدىن لاپپىدە قىلىپ ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ساپسېرىق چىرايى، ئېگىز بۇرۇنلىرى، نېپىز لەۋلىرى، چىرايلىق قاي - كۆزلىرى، بېشىغا ئىلى مالخېيىنى كېيىپ، ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك، كۆك شىم، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، بېلىغا پوتا باغلاپ، مۆرىسىگە سۇ قاپىقىنى ئېسىپ، قولىغا مۇسانىڭ ھاسىسىدەك تاياقتىن بىرنى ئېلىپ  چۆللەرنى كېزىپ كېتىۋاتقا قىياپىتى ۋە ئېيتقان ناخشا تېكىستلىرى يادىدىن كەچتى.

بارايغا يوللىرىڭ بولسۇن،
يانارغا ھەمرىيىڭ بولسۇن.

سىنىگدەك نازنىمى يارغا،
مىنىگدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.

ساتتار داۋۇتنىڭ ناخشىنى ئەسلى ئاھاڭىنى بۇزماي ئىيتىۋاتقان ۋە تەمبۇرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىۋاتقان مەغرۇر قىياپىتى ياش خانىمنىڭ دىلخەستىلىرىگە ئارام بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ۋە قەلبىدە شادىيانە مۇزىكا ئورۇنلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ۋاقىت ھەقىقەتەن توختاۋسىز ئالدىغا قاراپ چاپىدىغان ئۇچقۇر ئات. ئۇنىڭ چېپىشىنى ھېچكىم توسىۋالالمايدۇ. ئۇ ئارقىغا يانمايدۇ، توختاپ قالمايدۇ، ھارمايدۇ، تالمايدۇ، دەم ئالمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئېقىۋاتقان ئۆستەڭلەرنى قۇرۇتۇپ، ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەرنى توزۇتۇپ ماڭىدۇ. ئەنە شۇ ئۆستەڭلەردەك، گۈل - چېچەكلەردەك ئىنسانلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، چىرىتىپ، قۇرۇتۇپ، توپا - توزانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. دېمەك ۋاقىت دېگەن بۇ كاساپەتكە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ياش خانىم ئاتاغلىق نەغمىچى ساتتار داۋۇتنىڭ دەرۋازىسىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئاق مەسچىتنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان تەل - تۆكۈس قۇرۇپ كەتكەن ئۆستەڭنىڭ ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتىۋېتىپ، ئوغلىنىڭ قولىدىكى پىلجىكتورنىڭ ئۈزۈن تومۇ نۇرىدا يورۇغان قانغا ئوخشاش توگلاپ قالغان قىپقىزىل رەڭلەرگە كۆز تاشلىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەر بولسا ئېتىلداقنىڭ ئېتىلغاندەن كېيىن، تىتىلىپ كەتكەن سىرتقى پوستىدىكى قىزىل رەڭلىك قەغەزلەرنىڭ يەر يۈزىدىكى قار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ئېرىپ، ئاپئاق قارنى

قىزىل رەڭگە بويىغاندىن كېيىنكى مۇز تۇتقان ھالىتى ئىدى. ئۇشبۇ مەنزىرە ياش خانىمغا قاننى ۋە قانغا بويالغان ناخۇننى ئەسلەتتى. كوچا ھەم جىمجىت، ھەم پىلجىكتورنىڭ يورۇقى چۈشكەن يەردىن باشقا يەرلەر بىر نەرسىنى ئىلغا قىلغۇسىز قاراڭغۇ ئىدى. ئازاب ۋە تەشۋىش ئىچىدە كوچىغا يەر تېگىدىن قاراپ كېتىۋاتقان ياش خانىمنىڭ قەلبىدە تەمبۇرنىڭ زىل ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. كۆز ئالدىدا تەمبۇرنىڭ سىم تارىسىغا ئۇرۇلۇۋاتقان ناخۇننىڭ قانغا بويالغان سىياقى ئەكس ئېتىۋاتاتتى، يادىدىن ئاتاغلىق شائىر تۇرسۇنجان ئەمەتنىڭ «قانغا بويالغان ناخۇن» ناملىق شېئىرىنىڭ ھەربىر مىسراسى بىرمۇ- بىر ئۆتمەكتە ئىدى.

ناله‌ڭدىن خىجالەت ئىلكىدە قۇياش،
ناخۇندىن تۆكۈلدى پەلەكتىن قان ياش.
مۇڭ بىلەن خۇن بولدى زاماننىڭ باغرى،
نە تەندە جان قالدى، نە جانغا چىداش.

ئىڭرىدى ئۇيغۇرنىڭ باغرىدا نالە،
كۆيلىرىڭ پىغانى ئالالاھقا سىرداش.
چېكىلگەن تار ئەمەس تاڭدىكى يىغا،
باغرىڭدا ئوت يانسا ئېرىپ كىتەر تاش.

قانداقمۇ سىغقاندۇ كۆكسىڭگە شۇ مۇڭ،

ئېيتقىنىكى، باغرىڭ كىم بىلەن مۇڭداش.
بېسىلغان پەدەڭگە باش قۇيغۇم كېلۇر،
تووۋا دەي يىغلىماي تۇرۇپتۇ قۇياش.

چىتىلغان زەنجىردۇر ئەجداد ۋە ئەۋلاد،
تەشۋىشلەر سىياقى قان بىلەن رەڭداش.
نۇرلىنىش مۇمكىنغۇ ئەجرىڭدىن دۇنيا،
سەنئەتتۇر ئەمەسكى، ۋىجداننى بوياش.

كۆرىمەن خىيالەن تىرناقلىرىڭ قان،
بىر تەنها سىياقىڭ تاڭدىكى ئىڭراش.
تىترەيدۇ سىملاردا ھەسرەتىنىڭ ئۈنى،
بۇ مۇڭغا كىملەر يات كىملەر تەغدىرداش.

ساناقسىز سىملارنى خەلقىڭ ئۈچۈن چەك،
بىلىپ قال ئەي دۇنيا، مانا بۇ ياشاش.

ھازىر بۇ شېئىرنىڭ قەلەم ئىگىسى بولغان ئوت يۈرەك شائىر تۇرسۇنجان ئەمەتمۇ تۈرمىگە قامالغان ئىدى. مەزكۇر شېئىر مىسرالىرىنىڭ ياش خانىم روھىدىكى تەسىر كۈچى پەللىگە يەتكەن ئىدى؛ ياش خانىمنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان نەپرەت بىلەن ھەسرەتمۇ، يۇقۇرى پەللىنىڭمۇ يۇقۇرى پەللىسىگە يۈكسەلگەنىدى. ياش خانىمنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ، قەدەم ئېلىشتىن توختاپ قېلىۋاتقانىدى. زىرەك

بالا ئانىسىنىڭ روھى دۇنياسىدىكى بۇ خىل ئۆزگۈرۈشلەرنى دەرھال پەرق ئېتىپ، ئانىسىنىڭ قولىنى تارتىپ، ئۇنى خىيالىي تۈيغۇدىن سۆرەپ چىقىپ، يولىنى داۋام قىلىشقا ئۈندىدى. ياش خانىم ئوغلىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان پېتى، بۇرۇنلاردا شىلدىرلاپ سىرغىپ ئاققان سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئىزنالىرىنى ئاتلاپ، ئاتاڭلىق نەغمىچى ساتتار داۋۇتنىڭ مۇڭلۇق كۆيلىرى بىلەن، شائىر تۇرسۇنجان ئەمەتنىڭ بارلىق ئىزتىراپلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئۆز - ئۆزىنى بىلىش تۈيغۇسى ۋە ئۆز روھىيىتى مۇجەسسەملەنگەن «قانغا بويالغان ناخشىلار» ناملىق شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىغا يۇتۇلگەن قەسىدىلەرنىڭ ئىلھامى ئاستىدا يولىنى داۋام قىلىپ، تار كوچىنىڭ قاراڭغۇ قوينىغا شۇڭغۇپ كەتتى. تار كوچا بىر تال پاشىنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، ئەتراپتا ياش خانىم بىلەن بالىنىڭ ئىشتىك - ئىشتىك نەپەس ئېلىشى بىلەن بىرگە قونچلۇق مامۇق ئاياقلىرىنىڭ قار ئۈستىدىكى غاراسلىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئاۋاز يوق ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇ جىمجىتلىق ئىچىدە قەدەم ئېلىپ، سۇدەرۋازا مەھەللىسىنىڭ چوڭ كوچىسىغا بىردەمدىلا چىقىپ قالغان ئىدى. دەرۋەقە، ئۇلار تا ئۆيدىن چىققانىياقى بىر كوچىدىن يەنە بىر كوچىغا قايرىلىپ، بىر كوچىدىن چىقىپ يەنە بىر كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە سۇدەرۋازا مەھەللىسىنىڭ چوڭ كوچىسىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

## 13

شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سوزۇلغان چوڭ كوچىنى چىراغلار يوپيورۇق يورىتىۋەتكەن ئىدى. بىراق يورۇق كوچىلاردا ئادەم يوق بولۇپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭغان ماشىنىلارنىڭ چاق ئىزلىرى روشەن رەۋىشتە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. يول ياقىسىدا ئادەم ماڭمىغاچقا، ئاپئاق قارلا ئۈستىدە ئاياغ ئىزلىرى يوق ئىدى. ئەتراپنىڭ ئۆيەر- بۇيەرلىرىدە ئادەم بويى قار دۆۋىلىرى تۇراتتى، ئەنە شۇ ئەتراپتىكى قار دۆۋىلىرى بىلەن دەرەخلەر، ئىستىلبۇلار ۋە تاملارنىڭ ئۈستىدىكى قارلار ھەممىسى بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، گويا سۇدەرۋازا مەھەللىسى بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان غازىدار مومايغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

ياش خانىم بىلەن بالا يولنىڭ يۇقۇرىسىغا قاراپ يەنى شىمال تامام يول ئالدى. يوللار ياش خانىمغا تونۇش ئىدى. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ياش خانىم بۇ يەرلەرگە كۆندە دېگۈدەك كەلگەن بولغاچقا، ئۇشبۇ يەرلەردىكى ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تېزلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. يول بويىدىكى بەزى نەرسىلەر بۇرۇنقىدەك تۇرغان بولسىمۇ، بەزى نەرسىلەر پۈتۈنلەي ئۆزگۈرۈپ كەتكەن ئىدى. مەسىلەن ئۇدۇلدىكى سۇدەرۋازا دوختۇرخانىسى يەنى شىنخۇئا دوختۇرخانىسى بولسا ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. چوڭ يولنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «بىلال نازىم كۇتۇپخانىسى» پېچەتلەنلەنگەن ئىدى. كۇتۇپخانىنىڭ تاملىرىغا قارا دوسكىلار ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە يېزىلغان

خەتلەر شۇنچىلىك ئىنىق، شۇنچىلىك چىرايلىق يېزىلغان ئىدىكى، قوناق دانچىلىرىدەك دانە ـ دانە ھەرپلەر يول بويىدىكى ئىستولبۇغا قادالغان يوغان چىراغنىڭ سارغۇچ نۇرىدا يالتىراپ كەتكەن ئىدى. ئۇشبۇ خەتلەر بولسا، پارتىيە ۋە دولەتنىڭ باش سېكرېتارى ۋە رەئىسىنىڭ «تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقى بىر كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر يېڭى دۇنيا قۇرۇشقىمۇ ماھىر، كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى چەكسىز گۈزەل» دېگەن پاقىراق ئالتۇن رەڭ بىلەن يېزىلغان سۆزلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. «تەربىيەلەش مەركىزى» يەنى جازا لاگېرىنىڭ ئېگىز تاملىرى ئۈستىدىكى تىكەنلىك سىملارنى قار باسقان بولۇپ، بىرلا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە گويا قاتار ـ قاتار تىزىۋەتكەن چىقىق ئەينەك پارچىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئەنە شۇ يالتىراپ تۇرغان «ئەينەك پارچىلىرى» نىڭ ئۈستىنى بىرقانچە قاغا قونداق قىلىپ پوكىنىغا بېسىپ ياتقان ئىدى. ھەممە جاھاننى قار باسقان بولغاچقا قاغىلار يىگۈدەك بىر نەرسە تاپالماي ئاچ قالدىمۇ قانداق، ئاچلىقتىن ھالىدىن كەتكەندەك شۇنچىلىك جانسىز، شۇنچىلىك جىمغۇر كۆرۈنەتتى، ئاندا ـ ساددا چىقىرىۋاتقان ناۋۇشلىرىمۇ شۇنچىلىك زەئىپ ئىدى. ئەنە شۇ زەئىپ ناۋۇشلار ياش خانىمغا بەجايىكى ئېگىز تاملار ئىچىدىكى بىگۇناھ ياتقان نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ نالىسىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئاچ قالغان قاغىلارنىڭ ناۋۇشى قانداقلا بىر ئاۋازغا ئوخشىتىلسا ئوخشىتىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى

يېقىمسىز قاققىلداشلىرىدىن پەرقلىق ئىدى، تاۋۇشلاردا ھەقىقەتەن كىشىنى ئويغا سالىدىغان، يۈرەككە دەرت ـ ئەلەمنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدىغان بىر خىل ئاۋاز دولقۇنى بار ئىدى. بەلكى قاغىلار ئۆزلىرىنىڭ قونغان جايىنىڭ قانداق بىر جاي ئىكەنلىكىنى كۆڭۈللىرىدە ھېس قىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك. ياش خانىم قاغىلارنىڭمۇ مۇشۇنداق كىشىنى كۆڭۈلنى غەم ـ ئەندىشىگە سالىدىغان تاۋۇش چىقىرالايدىغانلىقىغا بىر جەھەتتىن تەئەججۈپلەندى ۋە ئەنە شۇ ئېگىز تاملارغا ۋە يوغان دەرۋازىغا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ قالدى. لاگېرنىڭ يوغان تۆمۈر دەرۋازىسى بولسا تاقاقلىق بولۇپ، ئالدى يوپيورۇق ئىدى. شۇ دەمدە مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىدە نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ۋە قازاق قېرىنداشلار سولىنىپ ياتاتتى. ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك يولدىشى، يېقىندىكى نارسىدە ئوغلىنىڭ دادىسى ئەنە شۇ يوغان تۆمۈر دەرۋازا بىلەن ئېگىز تاملار ئۈستىدىكى تىكەنلىك سىملارنىڭ ئارقىسىغا بەنت قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ گۇناھى يوق ئىدى، پەقەت ياخشى بىر مائارىپچى ۋە ياخشى بىر ئەر، ياخشى بىر دادا بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە يەنە ئۇيغۇر تارىخىنى ياخشى بىلگەنلىكى ۋە بۇ تارىخلارنى مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتابلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق «گۇناھكار مەخبۇس» قا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ھەتتا نېرىراقتا چۆلدەرەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان «بىلال نازىم كۇتۇبخانىسى» نىڭ قۇرغۇچىسى، پىشقەدەم پېداگوگ ۋە مائارىپ تەتقىقاتچىسى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمان، جامائەت ئەربابى ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئەپەندىمۇ لاگېرغا

قامالغان ئىدى. ئەينى چاغدا يەنى 2016 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «بىلال نازىم كۇتۇپخانىسى» نىڭ ناھايىتى ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشى تاماملانغان ئىدى. كۇتۇپخانىنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 500 كۇۋادىرات مېتىر بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 200 كىشى بىمالال كىتاب كۆرەلەيدىغان چوڭلۇقتا قىلىپ ياسالغان ئىدى. ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بارلىق ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلار بىلەن كىتاب تىزغۇچلار ۋە كىتاب ئىشكاپلىرىنى قولى چىۋەر ياغاچچى ئۇستىلار بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ يۈكسەك ئېستېتىك گۈزەللىكىنى نامايەن قىلغان ئاساستا ناھايىتىمۇ چىرايلىق ھەم ناھايىتى چىداملىق قىلىپ، ساپ ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن ياساپ چىققان ئىدى. كۇتۇپخانىغا 30 مىڭ پارچىدىن ئوشۇق كىتاب سىغىدىغان بولۇپ، شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جامائەتكە ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەن ئىدى. ئەينى چاغدا ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئوبلاست ۋە شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ھەمدە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتلارنىڭ پىروفېسسورلىرى، يازغۇچىلار، شائىرلار، ئاخپاراتچى خادىملار بولۇپ نۇرغۇن كىشى قاتناشقانىدى ؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئېچىلىش مۇراسىمىغا يەنە مۇشۇ كۇتۇپخانىنىڭ قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن كارخانىچىلار، باي ـ سودىگەرلەر ۋە كۇتۇپخانىغا ھەقسىز مەلۇم مىقتاردا كىتاب سوغا قىلغان مەرىپەتچىلەرمۇ داخىل بولغان ئىدى. ئەينى چاغدا گۈلدۈر ـ قاراس تەنتەنىلەر ئىچىدە مۇنبەرگە سۆزگە چىققان ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئەپەندى ئېچىلىش نۇتقىدا ئۆزىنىڭ ناتىقلىق تالانتىنى

تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، غۇلجا شەھەرىدە بۇنداق بىر بىر قەدەر زامانىۋىلىشقان كۇتۇپخانىنىڭ ئېچىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى تىلغا ئېلىپ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن مۇنداق دېگەن ئىدى : «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ‹ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش› چاقىرىقىنىڭ ئىلھامى بىلەن مۇشۇنداق بىر كۇتۇپخانا قۇرۇپ چىقىپ، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز. غۇلجا شەھىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە شەھەرلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى يەنى، 1914 ـ يىلى پازىلجان ئاقساقالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشلەپكە بازىرىدا ‹نۇر كۇتۇپخانىسى› قۇرۇلغانىدى. بۇ كۇتۇپخانىغا قويۇلغان بىر نەچچە مىڭ پارچە كىتاب ئەينى يىللاردىكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ كىتاب ئىئانە قىلىشى بىلەن توپلانغانىدى. شۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە غۇلجىلىقلارنىڭ ئەنە ئاشۇ ئېسىل ئەنەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇشۇ كۇتۇپخانىنى قۇرۇپ چىقتۇق. ئۇشبۇ غەلىبە ۋە شان ـ شەرەپ بارلىق غۇلجا خەلقىگە مەنسۇپ، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزنى يېقىندىن قوللىغان بارلىق مەرىپەت سۆيەرلەرگە، جۇملىدىن بىزنى قوللىغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، كارخانىچىلارغا سەممىي رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز ۋە مۇشۇ كۇتۇپخانىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھەقسىز كىتاب سوغا قىلغان بارلىق كىتاب خۇمار مەرىپەتچى قېرىنداشلىرىمىزغا چىن يۈرىكىمىزدىن تەشەككۈرلىرىمىزنى بىلدۈرىمەن». ئەنە شۇ ئېچىلىش

مۇراسىمغا ياش خانىممۇ سۆيۈملۈك يولدىشى بىلەن بىرگە قاتناشقان ئىدى. بۇلارمۇ ئۆز يۇرتىدا بۇنداق بىر چوڭ كۇتۇبانىنىڭ ئېچىلدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ ياخشى ئىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئاز - تولا ھەسسىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، كۇتۇبخانىغا 110 كىتاب ئىئانە قىلغان ئىدى. ئەينى چاغدا شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ باش بېتىگە «بىلال نازىم كۇتۇبخانىسى» نىڭ ئېچىلىشى ھەققىدە بىر ئاخپارات ماقالىسى بېسىلغان ئىدى، ماقالىنىڭ ئاپتورى ئابدۇۋەلى مۇقيىت ئەپەندىنىڭ ئۆز خەلقىدىن كۇتىدىغان ئارزۇلىرىغا قوشۇپ كۇتۇبخانىغا كىتاب ئىئانە قىلىش توغرىسىدا ئۆز خەلقىگە قىلغان چاقىرىقىنىمۇ قوشۇپ يازغان ئىدى. يەنى ئابدۇۋەلى مۇقيىت ئەپەندى ئۆزۈ تەشەببۇسلىرى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

1. بىز «بىلال نازىم كۇتۇبخانىسى» غا كىتاب ئىئانە قىلىشنى خالىغان بارلىق كىشىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ئىئانە قىلىنىدىغان كىتاب - ژۇرناللارنىڭ سانى، كونا - يېڭىلىقى، قايسى خىل تىل - يېزىقتا بولۇشى، قايسى دۆلەتتە نەشر قىلىنغانلىقى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. (ئەلۋەتتە، قانۇنلۇق نەشر قىلىنغان بولۇشى، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - تۈزۈملىرىگە زىت كەلمەسلىكى شەرت قىلىنىدۇ).

2. شەخسىي ئىئانە قىلغان كىتابلىرىنىڭ سانى 100 دىن ئاشسا، كۇتۇبخانىمىزدا شۇ كىشىنىڭ نام شەرىپى ۋە سۈرىتى ئېسىلغان ئايرىم كىتاب ئىشكابى تەسىس قىلىنىدۇ. كۇتۇبخانىمىزغا كىتاب ئىئانە قىلغۇچىلار كۇتۇپخانىمىزنىڭ

«مەڭگۈلۈك ئەزىز مېھمىنى» ھۆرمەت كېنىشكىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

مەزكۇر تەشەببۇسقا ئاۋاز قوشقان ياش خانىم يولدىشىنىڭ قوللىشى بىلەن 110 كىتاب ئىئانە قىلغان ۋە ئېچىلىش مۇراسىمى بولىدىغان كۈنى ئەر- ئايال تويغا بارىدىغاندەك چىرايلىق ياسىنىپ، شەرەپ بىلەن ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشىپ، ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ بەختلىك بىر كۈننى ئۆتكۈزگەن ئىدى. مىڭ ئەپسۇس ئارىدىن بىر يىل ئۆتە ئۆتمەيلا، ئاشۇ خوشاللىق كۈنلەرنىڭ ئىزناسى تېخى يۈزىدىن سېلىنمەي تۇرۇپ، پۈتۈن جاھان كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، بارلىق ئىشلار بىراقلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاشۇ كۈندىكى «بىلال نازىم كۇتۇبخانىسى» نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقا كىشلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى جازا لاگېرلارغا قامالدى. ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئەپەندىمۇ بۇ قارا بوراندا ساق قالمىدى. ھازىر ئۇمۇ ئەنە شۇ ئۈستى تىكەنلىك سىملاردا قاپلانغان ئېگىز تام بىلەن ئاۋۇ ئالدىدىكى قارلار تېخى ئادالانمىغان چوڭ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر قاراڭغۇ كامېردا، دائىم ئارقىسىغا تاراپ يۈرۈيدىغان ئاق چاچلىرى چۇشۇرۈۋېتىلگەن، نۇرلۇق كۆزلىرى تورلاشقان، بارلىق ھەۋەسلىرى، ئارزۇ - ئارمالىرى بىر بارچە مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان مۇزدەك، مەڭگۈ چىقىلمايدىغان ئۇيۇل تاشتەك ئىچىدە قېتىپ قالغان ھالەتتە ياتاتتى. ئۆزى ياشىنىپ قالغاچقا سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەس بولىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن بۇ يۇرت ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ھەتتا مائارىپ ئىدارىسىدىن

پېنسىيەگە چىققان دەسلەپكى يىللىرى «نۇرتاي ھاجىم يېتىملار مەكتىپى» نىڭ مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ھالسانە ئۈستىگە ئېلىپ، مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى، يېتىم سەبىيلەرنىڭ ياخشى تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. بۇ مۇھتەرەم زات شۇ دەملەردە چوقۇم كۆپ زۇلۇم ئۇچرىغان بولۇشى ئېنىق، ئۇ چارچىدى، ھەۋەسلىرى سوپۇن كۆپۈكلىرىدەك تۇيۇقسىزلا بىتچىدە بولدى، پۇت - قوللىرى ماغدۇردىن قالدى، چاچلىرى بىلەن قاشلىرى تۆكۈلدى، يۈزلىرىدىكى قورۇقلارنىڭ ئارىلىرى قاردى، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، تاماقلىرى قۇرىدى، تولا ئوي ئويلاپ باشلىرى تاشتەك قاتتى، كۆڭلى ئۈمىدسىزلىككە تولۇپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ئۇ غۇلجا خەلقىنىڭ قۇياشى ئىدى، قۇياش يورۇتمىسا غۇلجا خەلقى قاراڭغۇلۇقتا قالاتتى. مانا ئەمدى ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئەپەندىمنىڭ يۈزىنى راستىنلا پولات رىشاتكىلار، تىكەنلىك سىمتوساقلار، ئېگىز تاملار تورىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزىنى غۇلجا خەلقى كۆرەلمەيدىغان، ئۇ بولسا غۇلجا خەلقىنى كۆرەلمەيدىغان بولدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېگى كۆرۈنمەس قاراڭغۇ ئوپقان پەيدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئارزۇ- ئارمانلىرى بار ئىدى، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرغىچە بۇ يۇرت ئۈچۈن قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلىرى بار ئىدى، بىراق رەھىمسىز پەلەك، رەھىمسىز كومپارتىيە، ۋاپاسىز ھايات ھەممىنى بىراقلا يوق قىلدى. ھەممە ئىش تۇيۇقسىز بولدى، بولغاندىمۇ شۇنداق تېز بولدىكى، كىشىلەر يەتتە ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان

ئۆزگىرىش بىراقلا بولىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئىشەنگەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قىلىدى، ئەنە شۇ «بىلال نازىم كۇتۇبخانىسى» نىڭ ئېچىلىشىنىمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ئەمەسمىدى، ئۇلارنىڭ تەستىقسىز سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە قىل تەۋرىمەيدىغۇ ؟ بۇلارنى ئويلىسا ئادەمنىڭ ئەقلى ئېلىشىپ قالىدۇ، بۇ مىللەت، بۇ يۇرتنىڭ ئەقلى قاچانمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى تولۇق چۈشىنىشكە يېتەر ؟ قاچانمۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ تېگىگە يېتەر !؟ ئەمدى مۇشۇ ئۈستى تىكەنلىك سىملار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تام بىلەن ئاۋۇ ئالدىدىكى قارلار تېخى ئادالانمىغان چوڭ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئەپەندىدەك مۇختەرەم زاتلارنىڭ، ياش خانىمنىڭ يولدىشىدەك پىداكار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىك چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى جەسىتىمۇ چىقماسلىق مۇمكىن. خۇدايىم ئۇ كۈنلەرنى غۇلجا خەلقىگە كۆرسەتمىسۇن ! ھازىر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھېچكىم ئۈستى تىكەنلىك سىملار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاملارنىڭ، يوغان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. پەقەت ئاشۇ كۆرۈشكە ئىمكان بولمىغان مەخپۇسلارنىڭ ئەھۋالىنى سىرتىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىنسانلارنىڭ ھالىغا قاراپ قانچىلىك قىيىن شارىتتا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش قىيىن ئەمەس. مۇتلەق ئاشۇ ئۈستى تىكەنلىك سىملار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاملارنىڭ، يوغان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىدە خۇددى تۈرمىدىكىگە ئوخشاش ھەرخىل

قىيىن ـ قىستاق، نېرۋا ئىنكاسلارنى خاتىرلەيدىغان ئۈسكۈنە، ئۇزاق ئۇيقۇسىزلىق، يالغۇزلۇق، كۈچلۈك چىراغ يورۇقى، قاراڭغۇ كامېر ۋە ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىلىدىغان سوراقلارنىڭ بولۇشى مەقەقرەر. ئىشقىلىپ، ئۇلارنى هامان يوشۇرۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەتەن بىز قىياس قىلغان يۇقارقى قورقۇنچلۇق ئىشلار ئاشۇ ئۈستى تىكەنلىك سىملار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاملارنىڭ، يوغان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان بولسا ۋە ئاشۇ بىز ساناپ ئۆتكەن ئادەم تېنىنى سۈركەندۈرىدىغان قىيناش ئۇسۇللىرى بىلەن سوراق قىلىپ، ئۆزلىرى ئېرىشمەكچى بولغان ئاتالمىش پاكىتقا ئېرىشىشنى ئويلىسا، ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەلىشىمۇ مۇمكىن. بىراق ئۇلار ئاشۇ ئىقرار قىلغۇچىنىڭ تۇيغۇلىرىنى، ئەركىنلىككە بولغان كۈچلۈك ئىرادىسىنى، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇلارنى بىر قوشۇق سۇ بىلەن تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۋېتىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. سوراق قىلغۇچى بۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتەلمىگىنىدەك سوراق قىلىنغۇچىمۇ ئۆزىنىڭ ھېسلىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك بولغان يەردە مۇھەببەت، سۆيگۈ بولمايدۇ. ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ تېرەن يەرلىرىگىچە كىرگەن نەپرەتنى ھەر ئىككىلا تەرەپ ھەرقانچە ياسالمىلىق قىلىپمۇ مۇھەببەتكە ئايلاندۇرالمايدۇ. بۇنىڭغا كومپارتىيەنىڭ كۈچى مەڭگۈ يەتمەيدۇ. مۇشۇ ماكان ۋە زاماندا سۇدەرۋازا دوختۇرخانىسىدا تارىخنىڭ ئەڭ چوڭ جىنايەتلىرى ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇ جىنايەتلەرنىڭ سەۋەبكارى مۇشۇ شەھەر

خەلقى بولماي، بەلكى دەل كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيتىدىكى دۆلەت. قاراپ بېقىڭ، ئەسلەپ بېقىڭ، ئەسلىدە ئىنسانلارنى داۋالايدىغان، ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنىڭ شىپالىق تېپىشىغا ۋەسىلە بولىدىغان، ئۇلارغا يېڭى بىر ھايات ئاتا قىلىدىغان ۋە بۇ دۇنياغا يېڭى ئەۋلاتلارنى كۆز ئاچقۇزىدىغان سۇدەرۋازا دوختۇرخانىسى بوگۈنكى كۈندە، كۆزى ئوچۇق ئىنسانلارنى كور، سۆزلىيەلەيدىغان تىلسىز، مېڭىسى سەگەكلەرنى خامۇش، بىجىرىملارنى پالەچ قىلىدىغان تېررورلۇق جىنايەتلەرنى ئىشلەيدىغان بازىسقا ئايلىنىپ قالغان. تېخىمۇ يامان يېرى شۇكى، بۇ دوختۇرخانا يەنە ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇپ، ماگقۇرتلاشتۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان «مەكتەپ» كە ئايلانغانلىقىدۇر. مەزكۇر «مەكتەپ» كۆرۈنۈشتە باللارغا سوتسىئالىستىك مەنىۋى ـ مەدەنىيەت دەرسلىرى بىلەن ئاتالمىش جۇڭخۇئا مىللىتىنىڭ روھىنى سىڭدۈرىدىغان دەرسلىكلەرنى ئۆتكىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىنسان مېڭىسىنى يۇيۇپ، ماگقۇرتلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تەجرىبىخانىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا ئەنە شۇ جازا لاگېرىنىڭ قارا يۈزىنى ئاق قىلىپ كۆرستىشىنى مەخسەت قىلغان يەنە بىر يۈزىدىن ئىبارەت. دۇنيانىڭ ھېچقاندا بىر يېرىدە بىر دوختۇرخانىنى جازا لاگېرىغا ئايلاندۇرىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك. بۇ دۇنيادا ئەڭ چوڭ جىنايەت ئىنساننىڭ كەچمىشىنى ئۇنۇتتۇرىدىغان، ئىنساننىڭ ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان جىنايەتتۇر. يەر شارىدا بۇنىڭدىن قەبىھ ئىككىنچى بىر جىنايەت بولمىسا كېرەك ؛ ئۇشبۇ جىنايەت ئىنساننى ئۆلتۈرگەندىنمۇ بەتەر ئازابلايدۇ. كومپارتىيە مۇشۇنداق

جىنايەتلەرنى ئىشلەيدىغان لاگېرلارنى شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا ۋە مەركىزىگە كۆپلەپ قۇرۇش ئارقىلىق پۈتۈن بىر مىللەتنى ئۆز كەچمىشىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇلغۇزۇتۇپ، ئۆز تىلىنى يوقاتقۇزۇپ ۋە ئەركىن، ھۆر ياشاش مۇھىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ماڭقۇرتلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز ئىرادىسىغا زىت بولغان باشقا بىر ھاياتنى مەجبۇرى تېڭىش ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ھاياتنى ئۇلارنىڭ خالاپ ياشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەخسەت قىلغان. مانا بۇ ئاتالمىش يېڭى ھايات شۇ كىشىنى ۋە شۇ مىللەتنىڭ يەر شارىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ھېچقانداق بىر قورال ۋە ياكى زەھەرلىك گاز قوللانماي تۇرۇپ، پەقەت ۋە پەقەتلا ئىنساننىڭ مېڭىسىدىكى بارلىق خاتىرلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، قۇپ - قۇرۇق بولۇپ قالغان بىر مېڭىگە كومپارتىيەگە پايدىلىق بولغان، مۇشۇ ھۆكۈمران كۈچكە ياردەمچى بولىدىغان ئۇچۇرلارنى قاچىلاپ، بىر ئادەمنى ۋە بىر مىلەتنى ئۆز ئۆزىگە پۈتۈنلەي يادلاشتۇرۇپ، باشقا بىر ئادەم ۋە باشقا بىر مىللەت قىلىپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن مۇشۇداق لاگېرلارنى ئىنشا قىلىش ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ 21- ئەسىردە قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئىشى ئەمەس. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مانا بۇ قىلمىشلىرى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ جىنايەتتۇر. ھەمدە يازغۇچى چىڭگىز ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومانىدا قەيت قىلىنغان سارى ئۆزەكتىكى «ئانا بېيىت» مازارلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتتە بايان قىلىنغان كاتتا يايلاق ھېسابلىنىدىغان سارى ئۆزەككە تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن

جۇرجانلارنىڭ ئاشۇ زېمىنىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان قازاقلارنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياش ھەم قاۋۇل يىگىتلەرنى قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ماڭقۇرتلاشتۇرغىنىدىنمۇ قەبىھ ۋە رەزىلدۇر. ئەينى زاماندىكى ۋەھشى تاجاۋۇزچى جۇرجانلار سارى ئۆزەكنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەر ئىچىدىكى ئەسىرگە ئېلىنغان يىگىتلەرنىڭ پۈت - قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ، باشلىرىدىكى قاپقارا قويۇق چاچلىرىنى ئۇستۇرا بىلەن پاك - پاكىز قىرىپ چۇشۇرۋەتكەندىن كېيىن، يېڭى سويۇلغان ھۆرى چىقىپ، لىغىرلاپ تۇرىدىغان تۆگىنىڭ تازا قېلىن بويۇن تېرىسى شىرىسىنى قاپلاپ كىيدۇرۇپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزمەسلىكى ئۈچۈن بويىنىغا قوۋغا سالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئادەم زات يوق بىر يەرگە ئاپىرىپ تاشلاپ قويىدىكەن. ئەسىرلەر ئەنە شۇ چۆللىكتە تۆت -بەش كۈننى تاماقسىز، سۇسىز ئۆتكۈزىدىكەن، بۇ جەرىيانىدا بېشىغا كەلگەن بۇ زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي تولىسى ئۆلۈپ كېتىدىكەن، پەقەت بىر ئىككىسىلا ساق قالىدىكەن. ئۇلارنى ئازاپقا سالىدىغىنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن بەتەر تۆگىنىڭ تېرە شىرىسى ئىچىدىكى بېشىنىڭ ئاغرىقى ئىكەن. قاقاس چۆلدىكى كۈننىڭ چىدىغۇسىز ئىسسىق ھارارىتى ئاستىدا ئەسىرلەرنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈلگەن شىر ئاستا - ئاستا قۇرۇپ، قورۇلۇپ، تارىيىدىكەن ۋە چاچسىز باشنى ئامبۇردەك قىسىپ، ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىتىدىكەن، بۇنىسىغۇ بىر نۆۋرى ھەممىدىن يامان يېرى شۇكى، باشتىكى تىكەندەك ئۈنۈپ چىققان چاچلار، تۆگىنىڭ تېرە شىرىنى تېشىپ سىرتقا

چىقالماي، ئامالسىز ئارقىغا يېنىپ، باشىنىڭ ئىچىگە قاراپ سانجىلىشقا باشلايدىكەن. قاتىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان ئەسىرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆلۈپ كېتىدىكەن؛ هوشسىز تىرىك قالغانلىرىنى شۇ پېتى جۇرجانلار ئېلىپ كېتىدىكەن. ئەمما، ئۇ ساق قالغانلىرى هوشىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، يا قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى، يا دادىسىنىڭ، يا ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىكەن. ھەتتا بۇرۇنقى بارلىق كەچمىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئەسلىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىكەن. ئەڭ يامان يېرى شۇكى، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قىلىشىدۇر. بۇنداق ئادەم مەخلۇقلار پەقەت ئۆز خوجايىنىلا تونىيدىكەن، خوجايىنى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدىكەن، نېمە بەرسە شۇنى لام - جىم دېمەي يەيدىكەن، بۇنداق ئادەم مەخلۇقلارنى «ماڭقۇرت» دەپ ئاتىغان ئىكەن. مانا مۇشۇنداق ماڭقۇرتلىشتۇرۇلغان ئادەملەر ئۆز خوجايىنلىرىغا سادىق بولىدۇ، خوجايىنلىرىنىڭ بارلىق ئىستەكلىرىنى شەرتسىز، ھېسابسىز ئورۇنلاشتىن باشقىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ، ئەڭ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ماڭقۇرتلار ئويلاش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ماھرۇم قالغان بولىدۇ. ئۇلار ئاغزى بار تىلى يوق، مېڭىسى بار ئەقلى يوق، ئىتائەتلىك بىر مەخلۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، دەل ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ ساداقەتمەن قۇللىرىغا ئايلانغان ئىنسانلاردۇر. قۇل بولغاندىمۇ شۇنداق بىر قۇل ئىكەنكى، ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا ھېچ بىر زامان قارشى چىقمايدىغان، ھەتتا قارشى چىقىش ئېڭىمۇ يوق ماڭقۇرتلاردۇر. ھەتتا ئىتمۇ ۋاقتى سائىتى كەلگەندە ئۆز

ئىگىسىگە قاراپ قاۋايدىغان چاغلىرى بولىدۇ، ۋاھالەنكى، ماگقۇرتلار ئىتتىنمۇ بەتەر ئۆز خوجايىنىغا سادىق بولغانلىق ئۈچۈن، خوجايىنىنىڭ سۆزىدىن زىنھار چىقمايدۇ ۋە بارلىق بۇيرۇقلىرىنى دەرھال بەجا كەلتۈرىدۇ. تاجاۋۇزچى جۇرجانلار ئەينى زاماندا ئەنە شۇنداق ئىنسانىيەت ئالەمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇللار ئارقىلىق، يەرلىك خەلقلەرنى ماگقۇرتقا ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ رەزىل جىنايەتنى سادىر قىلغان ئىكەن. بىراق ئۇلار مەخسەتككە يېتىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىسى ئىنسانغا جىسمانى جەھەتتىن زۇلۇم سېلىشتىن ئىبارەت بولغان ۋە بۇ جىسمانى زۇلۇم ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان ماگقۇرتلاشتۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسا، نۆۋەتتە خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنى ماگقۇرتلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەنىۋى ئۇسۇلنى ۋاستە قىلىپ تاللىغان ئىدى. مەنىۋى جەھەتتىكى ئۇسۇل ئەينى چاغدىكى جۇرجانلارنىڭ ماگقۇرتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن نەچچە ھەسسە ۋەھشى ھېسابلىنىدۇ. جۇرجانلارنىڭ زۇلۇمى بىر ئادەمنى ماگقۇرتلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەقەت تۆت - بەش كۈن داۋام قىلغان بولسا، كومپارتىيەنىڭ زۇلۇمى نەچچە ئون يىللاپ داۋام قىلماقتا. كومپارتىيە ئۇيغۇر قاتارلىق مۇشۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرىنى ماگقۇرتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللىق پىلانلارنى تۈزگەن، سەۋر قىلىپ پەيت كۈتكەن. پەقەت ھازىر كومپارتىيەئىنىڭ شەرت - شارائىتى تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ زۇلۇمنى تېزلاشتۇرغىن خالاس. يەنە شۇنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ تەكىتلەپ ئۆتۈش ھاجەتكى، مەنىۋى زۇلۇم

شۇنداق بىر زۇلۇم ئىدىكى، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى كىچىكىدىنلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىپ، ئۇلارنىڭ ئاق قەغەزدەك پاك ـ پاكىز مېڭىسىگە ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىستىك ئېدىئولوگىيەسىنى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، ئاستا ـ ئاستا سەۋر بىلەن ئۇلارنى ئۆز ئانا تىلىدىن، ئۆز دىنىدىن، ئۆز كىملىكىدىن ئايرىپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان، ئۆز ئىختىيارى بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى جان ـ دىلى بىلەن ھىمايە قىلىدىغان، پۈتۈن خىتاي مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى مەدەنىيىتى دەپ ئۆزلىگىدىن ئىتتىراپ قىلىدىغان، پۈتۈنلەي ئۆزگە يات بولغان تەپەككۇر ئۇسلۇبى بىلەن مەسىللەرگە مۇئامىلە قىلىدىغان يوچۇن بىر يەرلىك مىللەتنى زاۋۇتتىن ياساپ چىققاندەك، ئاشۇ ئاتالمىش قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا ياساپ چىقماقچى بولۇۋاتقان ئىدى. ئۇشبۇ لاگېردىكى ئۇيغۇرلار كومپارتىيەنىڭ تارىخىنى، ئىدېئولوگىيەسىنى، باش سېكرېتارىنىڭ ئاتالمىش دانە يول ـ يورۇقلىرى يېزىلغان كىتابلارنى ئۆگىنىدۇ. كومپارتىيە تەرىپىدىن مەخسۇس تۈزۈلگەن ئۇشبۇ كىتابلىرىنىڭ ھەربىر بېتىگە، ھەربىر جۈملىسىگە، ھەربىر سۆزىگە كومپارتىيەنىڭ زەھىرى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ ھەم چاكىنا، ھەم يۈزە، ھەم بىمەنە ئىدىيەلىرىنى تەرغىپ قىلىدىغان مۇشۇنداق كىتابلارنى ياش ـ ئۆسمۈرلەر نائىلاج ئۆگىنىشكە مەھبۇر بولىدۇ. ھەتتا ئۇلار خىتاي مىللىتىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىدىن تارتىپ، تا يۈرۈش تۇرۇشلىرىغىچە بولغان بارلىق ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىشكە زورلىنىدۇ. بۇنىڭغا

قارشى كەلگەن ياشلار دۆلەتنىڭ ئەدلىيە، قانۇن ئورگانلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئېچىلغان سوتلار ئارقىلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار مەڭگۈلۈك نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئاشۇ زىندانلاردا چىرىپ تۈگەۋاتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە - قانۇن ئورگانلىرى، بۇ قېتىم پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۈستىدىن ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىيەسىنى ئاساس، پاكىتنى توقۇلما قىلىپ، كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىۋاتقان ئىدى. يەرلىك مەمۇرىي ئورۇنلارمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، بۇلارنىڭ ئەدلىيە - قانۇن ئورگانلىرىغا ماسلاشمايمۇ ئامالى يوق ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا كومپارتىيە تۆمۈرنى قىززىقىدا سوقۇپ، ئاتالمىش مەسىلەرنى تېز بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتى. نۆۋەتتە يۈرگۈزىۋاتقان بۇنداق بىر مەنىۋىي ۋە جىسمانىي زۇلۇمغا تەڭرىمۇ تاقابىل تۇرالمايدىغاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، كومپارتىيە غالجىرلاشقان بولۇپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى، كۈلتۈرى ۋە تارىخىغا ئائىت بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ۋە ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قانداقتۇر ئالىلقاچان مودىدىن قالغان قالاق نەرسىلەر قاتارىدا كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىپ باراتتى. كومپارتىيە ئەنە شۇ ئۇيغۇرلار ئەلمىساقتىن بۇيان توغرا دەپ قاراپ كەلگەن ۋە شۇ بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتلىرىگە بىراقلا ھۇجۇم قوزغىغان ئىدى. ئاشۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتلەر بەلگىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش قارىشى، دىنىي قارىشى، پەلسەپە قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى

ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرى جۇملىدىن ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىراقلا مەجبۇرى ئۆزگىرىۋاتقانىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئېغىر بۆھرانغا دۇچ كەلگەن ئىدى. نۆۋەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان تىراگېدىيەلەرنى كۆرگەن ۋە مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلگەن كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ مىللەتكە ئائىت بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ۋە بۇ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ياشاۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يۇرتىنىڭ ئېرىقىنى چاپماي، ياتنىڭ دېپىنى چالىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ خېلە كۆپىيىپ قالغان ئىدى، ئۇرۇق - تۇقانلىرى ئارىسىدا لاگېرغا كىرىپ كېتىۋاتقانلار نۇرغۇن تۇرۇقلۇق، چېقىمچىلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ تۇتقۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىۋاتقانلار ئاز ئەمەس ئىدى. ناۋادا ئىككى غورازنى بۇغۇزلاشقا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۇنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرسا، چوقۇم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان غوراز خوشاللىقىدىن چىللاپ كېتىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، ئىنتايىن ئەقىللىق يارالغان ئىنسان، ھەمدە دىلىغا ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان مۇھەببەت ئاتا قىلىنغان ئىنسان، ئاشۇ غورازچىلىك بولالمايۋاتاتتى. ئەگەر ئاشۇ غورازلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ئىككى ئىنساننىڭ بېشىغا كەلسە، قۇتۇلۇپ قالغان ھەمرايى ئۈچۈن خوشال بولۇشنىڭ ئورنىغا، نېمە دەپ ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دەپ شىكايەت قىلىشى مۇتلەق. مانا بۇ ئىنساننىڭ لەنەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. ۋاھالەنكى، سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە مۇشۇنداق لەنەتلىك

خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىنسانلار تارىختىن بۇيان چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا زور كۆپچىلىك خەلق ئۆزىنىڭ مەھەللىسىگە، ئۆزىنىڭ يۇرتىغا ۋە ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە سادىق ئىدى. ھەتتا سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە ئۆتكەن خېلە داڭقى چىققان لۇكچەكلەرمۇ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىدەك، نۆۋەتتە كەلگەندە ئۆز خەلقى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پىداكارلىقنى ساداقەتمەنلىك بىلەن روشەن رەۋىشتە كۆرسەتكەن ئىدى. دەرۋەقە، ئىشىكنىڭ ئىلغۇچى ئەگرى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئىشىككە چىڭ مىخلانغان ۋە ئىشىكنى چىڭ تاقاپ، ئوغرىنىڭ كىرىشىنى چەكلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ھالبۇكى، سۇدەرۋازا مەھەللىسىدىمۇ نۇرغۇن ئەگرى يوللاردا ماڭغان ئادەملەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەنە شۇ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىغا ئوخشاش مۇشۇ مەھەللىگە، مۇشۇ يۇرتقا پۈتۈن ساداقىتى بىلەن باغلانغان ۋە مۇشۇ يۇرتقا كىرگەن يادلارغا ئۆز قارشىلىقلىرىنى نۆۋىتى كەلگەندە بىلدۈرۈشتىن يانمىغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەنە شۇ مەرىپەتچى سەرخىللاردەك جازا لەگېرلىرىغا قامالغان ئىدى. گەرچە ئۇلار مۇشۇ ئىجتىمائىي جەمىيەتتە، قارىماقىنىڭ ئۇچىدىكى لەيلىمە بەلگىگە ئوخشاش لەيلەپ يۈرگەندەك قىلغىلى بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە ئاشۇ لەيلىمە بەلگە مىدىرلاپ قارماققا ئىلىنغان بېلىقتىن شەپە بەرگىنىدەك، ئۇلارمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھەرىكەت قىلىپ، مۇشۇ يۇرتقا تىنىمسىز كۆچۈپ كېلىۋاتقان كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، قارىقۇشلارنىڭ باغلارىدىكى بۇلبۇلنىڭ ئۇۋۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، تۇخۇملىرىنى چىقىپ ئېچىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت

بېرىپ، ئۇلار ئۆستىدىن شىكايەت ۋە قارشىلىق ھەركەتلەرنى قىلىشتىن يانمىغان ئىدى. ھەقىقەتەن، ئۇلار تەگسىزلىكنى كۆرەلىگۈدەك پەرق ئېتىش تۇيغۇسىغا ئىگە تۇغما ئەقىللىقلار تايىپىغا مەنسۇپ مەھەللە نوچىلىرىدىن ئىدى. مانا ھازىر سۇدەرۋازا مەھەللىسى ئاشۇ نوچىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. سۇدەرۋازا مەھەللىسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ياش خانىمنى شۈنچىلىك بىئارام قىلماقتا ئىدى، سۇدەرۋازدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن نەملەنمىگەن بىر تال قىلچىلىكمۇ نەرسە قالمىغان ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ھېچكىم ئۆزىنىڭ كاللىسى بىلەن ئويلۇشۇپ ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ۋە ئۇنداق قىلىش ھوقوقىمۇ يوق. پەقەت كومپارتىيەنىڭ يول - يورۇقى بىلەنلا ئىش قىلىشقا بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلغان ئادەم ئامان قالىدۇ. ئەركىن تەپەككۇر قىلغان كىشى يوق دېيەرلىك، قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى لاگېردا. دېمەك ھايات سۇدەرۋازدا شۇنچىلىك قىيىن ۋە ئۆلۈكتەك تىمتاس. لاگېرغا كىرىپ كېتىشتەك قورقۇنچلۇق قاباھەت ھەممە كىشىنىڭ يۈرىكىگە دەخشەت سېلىۋاتاتتى. ھەممە ئادەم بۇنىڭدىن چۆچۈيدۇ؛ ھەممە ئۇيغۇر بەختسىز، ھەممە ئۇيغۇر بۆلگۈنچى، ھەمما ئۇيغۇر دىنىي ئاشقۇن، ھەممە ئۇيغۇر تېرورچى، ھەممە ئۇيغۇر ئاشقۇنلۇق جىنايىتى بىلەن قارىلىنىپ سولۇنۇپ كېتىۋاتاتتى. زادى بۇ جاھان نېمە بوپ كەتتى؟ سۇدەرۋازنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەر كېلەر؟ ئەگەر مۇشۇنداق قىرغىنچىلىق داۋام ئەتسە، ئۇيغۇرلار مۇزدەك ئېرىپ تۈگىمەمدۇ؟! ئۇيغۇرنىڭ بۇ دەرتلىرىگە ئۆكۈنمىگەن يۈرەك يا ساراڭنىڭ يۈرىكى ياكى بولمىسا ئۆلۈكنىڭ يۈرىكىدۇر.

## 14

ياش خانىمنىڭ «دۈك، دۈك» قىلىپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ تىۋىشى ئۆزىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوغلى بىلەن بىرگە قارنى دەسسەپ ماڭغاندا چىقىۋاتقان «غاچ ـ غۇچ» قىلغان ئاۋاز قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ياش خانىم بالىسىنى يېتىلەپ، لاگېر دەرۋازىسى ئالدىدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يولدىشى كۆرۈشكە شۇنچىلىك ئىنتىزار ئىدى، مۇشۇ دەقىقىلەردە يولدىشىنىڭ مەسىلەھىتىگە، ياردىمىگە شۇنچىلىك ئېھتىياجى بار ئىدى. ئەگەر مۇمكىن بولسا مۇشۇ تۆمۈر دەرۋازىنى چىقىپ كىرىپ، ئوغلىنى يېتەكلىگەن پېتى، يولدىشى ياتقان كامېرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئىسەدەپ تۇرۇپ قانغىچە يىغلىغۇسى بار ئىدى ۋە ئىچىگە تىنىپ كەتكەن بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكىۋالغاندىن كېيىن، يولدىشى بىلەن شۇ كامېرنىڭ ئىچىدە بىر ئۆمۈر ياشاشقا رازى ئىدى. ئەپسۇس ئىشلار ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس، يولدىشىنىڭ مۇشۇ تۆمۈر دەرۋازىدىن مىگبىر مۇشەققەتتە چىقارغان مەكتۇبى بولسا ياش خانىمنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ، دەرھال ئەركىنلىككە قاراپ قېچىشقا مەجبۇرلىغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ياش خانىم دەرۋازا تەرەپكە قاراپمۇ قويماي، ئىشتىك ـ ئىشتىك مېڭىپ، بۇ يەردىن قانچە تېز كەتكىلى بولسا، شۇنچە تېز كېتىشكە تىرىشىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا كوچا چىراغلىرى بىراقلا ئۆچتى، جاھان بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قىلىپ، يول گۇگۇگالاشتى. ئاسماندا نە ئاي، نە يۇلتۇز يوق ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئاسماندىكى

يۇلتۇزلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇستىدىن يېراقلىشىپ كەتكەندەك، ئايمۇ ئۆز جامالىنى كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك، قۇياشمۇ بۇ يۇرتنى يورۇتۇشقا ماجالى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئاسماندا دائىم ئۇزۇپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلار كىشى كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. شۇ تاپتىمۇ ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا شەرق تامام قاردۆڭ تەرەپتە شەپەقتىن ئەسەر يوق ئىدى. يوللاردا ئادەم يەنىلا كۆرۈنمەيتتى. جەزملەشتۈرۈشكە تامامەن بولىدىكى، چاغاننىڭ بۇنداق بىرىنچى كۈنىدە ۋە سودەرۋازا مەھەللىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتقان بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە كوچىدا ئادەملەرنىڭ بولماسلىقى نورمال ھادىسە ئىدى.

ياش خانىم بىلەن بالا قاتناشقا قاراپ كېتىۋاتاتتى، بالىنىڭ ئۇششاق قەدەملىرى ئانىسىنىڭكىدىن تېز ئىدى. چىگىچ ئوي - خىياللارنىڭ قويۇق تۇمانى ئىچىدە قالغان بالىنىڭمۇ، ئانىسىدىن بەتەررەك قاتناشقا چاققانىراق يېتىپ بېرىشقا ئالدىراۋاتقانلىقى مۇتلەق ئىدى. ئۇ بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرىدا دادام بار دەپ ئويلايتتى. ھالبۇكى، دادىسىنىڭ ئارقىسىدا قالغان ئاشۇ ئۇستى تىكەنلىك سىملار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تامنىڭ ئارقىسىدا ۋە چوڭ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى، پەقەت دادىسىنى يىراق بىر يەرگە ئوقۇشقا كەتتى دەپلا بىلەتتى. دەرۋەقە، ئۇ بۇ يولچۇلۇقنى دادىسى ئوقۇۋاتقان يىراق يەرگە قاراپ چىققان سەپەر دەپ چۈشەنگەن ئىدى. ياش خانىم ئوغلىنىڭ شۇنداق مەنىدە سورىغان سوئالىغا ئۇنىنى چىقارماي، بېشىنى لىڭشىتىپلا جاۋاب بەرگەن ئىدى. ياش خانىم بۇنداق قىلماي قانداق قىلسۇن دەيسىز، ئۇ بالىسىغا يالغان سۆزلەشنى

خالىمايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە راس گەپنى قىلىپ، بالىسىنىڭ سەبىي قەلبىنى رەنجىتىشىنى، ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۈمىدىنىڭ يوقۇلۇشىغا سەۋەبكار بولۇپ قىلىشىمۇ رايى بارمايتتى. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن ئوغلىنىڭ دادىسىنى كۆرۈش ئىستىكىنىڭ تۈركىسىدە ئۆزىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بوي سۇنۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇ سەپەرگە ئىشەنچ باغلاپ، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئۆزى بىلەن بىرگە كېتىۋاتقانلىقىدىن ئالامچە رازى ۋە ھەتتا ئوغلىنىڭ روھى ھالىتىدىن ئىلھام ئېلىۋاتقان ئىدى. ياش خانىمنىڭ سوغۇق تاڭدا بۇنداق بىر سەپەرگە چىقىشىنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ سەبىي ئوغلىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئەمدى يولدىشىنىڭ ئاشۇ ئۈستى تىكەنلىك سىملار بىلەن تورالغان ئېگىز تام ۋە چوڭ تۆمۈر دەرۋازا ئىچىدىن مىڭبىر مۇشەققەتتە چىقارغان مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىنى يادىغا ئالدى. مەكتۇپ بۇنداق جۈملىلەر بىلەن باشلانغان ئىدى: «دۇنيادا ئەركىنلىكتىنمۇ بەتەر قۇتسال نەرسە بارمۇ ؟! گۈلۈم سەن مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، مېنى ساقلىما. سۆيمەك سەۋر بىلەن ساقلاش بولماستىن بەلكى جاسارەت بىلەن بىر ئىش قىلماقتۇر. شۇ ۋەجىدىن سەن مېنىڭ ئۈچۈن، ئوغلىمىز ئۈچۈن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن بىر ئىش قىل. سەن قىلىدىغان ئۇشبۇ ئىش بولسا، ئەركىنلىككە قاراپ قېچىشتۇر. سەن ئەنە شۇ ئەركىنلىك بار ماكانغا يەتكەندە، مېنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق پاجىئەلەرنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتالايسەن. پۈتۈن جاھان نۆۋەتتىكى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى زۇلۇمنى بىلسە، چوقۇم بىز ئۈچۈن بىر ئىش

قىلىدۇ. ئۇ چاغدا سىنىڭ قىلغان ئەجرىڭ مىۋە بەرگەن بولىدۇ. گۈلۈم، مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ دېگەن مانا مۇشۇ! بىز ئوغلىمىزنىڭ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىشىغا قاراپ تۇرالمايمىز. باللارنىڭ ئەركىنلىكى پەقەت ۋە پەقەتلا ئۆزىگە مەنسۇپ. ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق بىر كۈچ بۇ ئەركىنلىكنى باللارنىڭ ئىلكىدىن تارتىۋېلىشقا ھەققى يوق. گەرچە مەن ئۆز ئەركىنلىكىمدىن مەھرۇم قالغان بىر مەھكۇم بولسامۇ ۋە بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا چارىسىز بولسامۇ، بىراق سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈننىڭ كېلىپ قىلىشىغا چارىسىز قاراپ ئولتۇرالمايمەن. مۇشۇ سەۋەبتىن جېنىمنى تىكىپ بولسىمۇ سىنى ۋە ئوغلۇمنى قوغداشقا مەجبۇرمەن. ئوغلۇمنىڭ كېلەچىكى سىنىڭ ئىلكىڭدە، سىلەر خاتىرجەم نورمال بىر ھاياتقا ئېرىشسەڭلار مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ كۆزۈم ئارقىدا قالمايدۇ. ئوغلۇم بۇ دۇنياغا ئەركىن كەلگەن ۋە دۇنيادىكى بارلىق باللاردەك ئۇنىڭمۇ ئەركىن ئۆسۈشكە، ئەركىن بىر ھاياتنى كەچۈرۈشكە ھەققى بار. دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر كۈچ ئوغلۇمنىڭ ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلىش ھەققي يوق، بۇنىڭغا سەن ۋە مەن يول قويماسلىقىمىز لازىم. شۇ ۋەجىدىن سەن ئوغلۇمنى ئېلىپ بۇ يەردىن دەرھال كېتىشىڭ كېرەك، كېتىدىغان يەر قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى. ئاشۇ قىچىپ بارغان جايىڭدا چوقۇم ئەركىنلىك بولۇشى كېرەك. دېمەك سەن ئوغلۇمنى ئېلىپ ئەركىنلىككە قاراپ قېچىشىڭ مۇتلەق شەرت. شۇ مۇناسىبەت بىلەن بۇ مەكتۇپنى تەۋەككۇل قىلىپ ساڭا يەتكۈزۈشكە ئۇرۇندۇم. مەكتۇپ قولۇڭغا تەككەن ھامان بارلىق ئىقتىساتنى ئېلىپ،

ئوغلۇمنى ئېلىپ قاچ. سەن قانداق قېچىشنى مەندىن ئوبدان بىلىسەن. نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەندىڭ ھەقاچان، زاتەن بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە قېچىپ تا بۈگۈنگىچە ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالغان. سېنىڭ بوۋاڭ بۇ ئىشلارنى ئوبدان بىلىدۇ. سېنىڭ بۇ يولۇڭ ھەقىقەتەن خەتەرلىك، لېكىن خەتەرلىك دەپ تەۋەككۈلچىلىك قىلماي ئۆلۈمنى كۈتۈپ جىم ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆز ئەركىنلىكىنى ۋە ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا ھەقلىق. ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەردىن قېچىپ «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ ئۆزىنى قىيادىن ئاتقان ئادەمنى «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دەپ ئەيىپلىسەك بولامدۇ ؟ ئىلى دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ ئېقىنغا ئۆزىنى ئېتىپ ئوينىغان ‹ كەپسىز › بالىلارنىڭ بىرەسى سۇنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈزىگە ئۈزۈپ چىقالمىسا، بۇ بالىنىمۇ يۇقارقىدەك گۇناھنى ئارتىپ، ئەيىپلىسەك بولامدۇ ؟ بۇلار قانداقلا بولمىسۇن بۇ ھاياتتا ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ۋە ئەركىن ياشاش ئىستىكى ئۈچۈن ھەمدە ئۆزىدە ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولغان تەبىئەت ئاتا قىلغان يۈكسەك روھنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەۋەككۈلچىلىك قىلغان. تەۋەككۈلچىلىك قىلىشنىڭ ئۆزى ھەربىر ئادەمنىڭ تەبىئيتىگە ئۇيغۇن بىر خىل تەبىئىي ئەركىن پائالىيەت شەكلىدۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ھەققىي بار. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا سېنىڭ ئوغلۇمنى ئېلىپ، تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىڭ تامامەن ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر ھەرىكەت. سەن مەكتۇپنى ئوقۇغان

ھامان تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا تەييارلىق قىل. قانداق تەۋەككۇلچىلىك قىلىشنى ۋە قانداق قېچىشنى ئۆزۈڭ مەندىن ئوبدان بىلىسەن. مەن يۇقاردا ئېيتقاندەك سېنىڭ ۋە مېنىڭ ئەجداتلىرىم داۋاملىق ئۇياقتىن بۇياققا قېچىپ كۆنۈپ كەتكەن. بۇ يوللارنى تەپسىلى يازمىساممۇ، سەن بۇ توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە. يولغا كېرەكلىك نەرسىلەرگە راسقۇت قىلىشتىن ھېچ قاچما. ئوغلىمىزنى چەتئەللەردىكى داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم تەسىس قىلىش ئۈچۈن ئىقتىسات قىلىپ يىغقان دوللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ماڭ. تاغنىڭ ئۇياقىدا دوللارنىڭ تىلىدىن باشقا بىر تىل ئەسقاتمايدۇ، بۇ ئىشلار ساڭىمۇ ئايان، ئىككىمىز تۇققان يوقلاپ چىققاندا بۇنداق ئىشلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ئۇلار دوللارنىڭ تىلىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، دوللارنىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى، چاقمايدىغان قۇلۇپى، بىلمەيدىغان تىلى، تونىمايدىغان ئادىمي يوق. ھە راس ئۆزۈڭ پۇختا ئىش قىلىدىغان ئايال، مەن دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ ئىشلارنى پۇختا قىلىپ ئادەتلەنگەن، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئىنچىكىلىكىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، شۇڭا يەنە تەكىتلەپ ئۆتۈشنى ھاجەت دەپ بىلدىم، يولدا كېيىش ئۈچۈن تاغقا يامىشىش ماھىرلىرىنىڭ كېيىدىغان قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىدىن سېتىۋال. بۇلار مەخسۇس تەن - تەربىيە بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ماگازىنلاردا سېتىلىدۇ. ئالغاندىمۇ ئەڭ ياخشىسىنى ئال، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىغۇچى بولما، بۇ سىلەرنىڭ ھايات - ماماتىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك. سېتىۋالغان كىيىم - كېچەكلەر سۈپەتلىك بولسۇن، ھەم سوغۇق ھەم سۇ ئۆتمەيدىغان بولسۇن، ئاياقنىڭ قونچلۇقى ياخشى، ھەم

يەڭگىل ھەم پۈتنى ئىسسىق تۈتىدىغانلىرىدىن سېتىۋال. يەنە تەكتىلەپ قويىاي پۇلنىڭ كۆزىگە قارىما، باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەر بولسا ئۆزۈڭ بىلىپ سېتىۋال. ئايال كىشى ئەركىشىگە قارىغاندا ئەتراپلىق ئويلايدۇ، ئويلىغاندىمۇ توغرا ئويلايدۇ. بۇلارنى بۇنداق تەكىتلەپ يېزىپ كېتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئەسلىدە، پەقەت سىلەرنى بەك ئويلاپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈنلا مۇشۇنداق ئىنچىكىرەك يازدىم، كەچۈرگىن. دەرۋەقە، ئوغلىمىزمۇ جەسۇر بالا، يولدا چوقۇم ساڭا يار- يۆلەك بولىدۇ، ئۆزىنىڭ جەسۇرلىقىنى چوقۇم نامايەن قىلىپ، سېنى تاڭ قالدۇرىدۇ. مەن بۇنىنغا ئىشىنىمەن. بۇ ھاياتتا بەزى نەرسىلەرنى قوغداش ئۈچۈن يەنە بەزى قىممەتلىك نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قالىمىز، مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئەڭ قىممەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى قۇربان قىلىشنى بىلىشىمىز لازىم. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇربان بېرىشنىڭ ئۆزى مۇقەددەستۇر. مەن قۇربان بولۇشتىن قورقمايمەن، سەنمۇ تەۋەككۇلچىلىك قىلىشتىن قورقما ! سەن تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ يېتىپ بارغان يەردە چوقۇم ئەركىنلىك بار. سىلەر ئاشۇ يىراق جايدا بىز ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، مىليونلىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەغدىرى ئۈچۈن، جىملىدىن پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن چوقان كۆتەر، قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ ياز، مېڭەڭنى يېڭى پىكىرلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇر. ئەسلىدە ئادەم يۈرىكىنىڭ سوقۇشى توختىغاندا ئەمەس، بەلكى مېڭىسى يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرغا قويۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان چاغدا ئۆلىدۇ. ھەر زامان

ئۈمىدۋار بول، بۇ ھايات سىنىڭ قەلبىڭنى تولدۇرغان ئۈمىدلەر بىلەن گۈزەلدۇر. ئۈمىد ئەسلىدە سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىنىڭ مۇتلەق ئەمەلگە ئىشىشىغا بولغان ئىشەنچە بولماستىن، بەلكى شۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك، قانچىلىك زۆرۈر، قانچىلىك گۈزەل، قانچىلىك ئەھمىيەتلىك، قانچىلىك مۇھىم بىر نەرسە ئىكەنلىكىگە بولغان مۇتلەق ئىشەنچىدۇر. مۇشۇ ۋەجىدىن ئارزۇ قىلغان نەرسەڭ مەلۇم زامان ۋە ماكان ئىچىدە ئەمەلگە ئاشمىسا ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە، ئۈمىدسىزلىك بۇ ھاياتنى ساڭا ئوغا تېتىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىدنى مەن دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ، ئاشۇ ئارزۇ- ئىستەكلىرىنىڭ قىممىتىنى بىلىپ ياشا. سېنىڭ ئۈمىدلىرىنىڭ يۈكسەك بولسۇن ! ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام سېنىڭ ئۈمىدىڭ ئەركىنلىك، ئازاتلىق، مۇستەقىللىق بولسۇن! ئىگەكىم سەن مەن دېگەندەكلا ئويلىساڭ، ئۈمىد قىلغان نەرسەڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر مېھنەت قىلغان بولساڭمۇ ھېچ پۇشايمەن قىلمايسەن، ھەتتا جان ھەلقۇمغا كەلگەندىمۇ ئاشۇ گۈزەل ئارزۇ ۋە ئۈمىد ئۈچۈن بىر ئۆمۈر مېھنەت قىلغانلىقىڭنى ئويلاپ تەبەسسۇم بىلەن ئامانەتنى ئېگىسىگە تاپشۇرىسەن. ئۇشبۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، ئىپادىلەۋاتقان مەنالارنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي بىلىپ، بۇ يولغا ئۆزۈڭنى ئاتىساڭ، سېنىڭ ۋە ئوغلۇمنىڭ ھاياتى ئەڭ گۈزەل ھايات بولغان بولىدۇ. سەن يېزىشنى ياخشى كۆرۈسەن، مانا ساڭا پۇرسە، ئەمدى يازماي قاچان يازىسەن. سېنىڭ ياخشى بىر ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىسى بولۇش ئارزۇيۇڭ بار ئەمەسمىدى، ئەگەر قەتئىي ئىرادە بىلەن قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ، ئىزچىل

يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانساڭ، چوقۇم ياخشى بىر يازغۇچى بولالايسەن، ئۆزۈڭگە ئىشەن. يازغۇچى ۋە مۇتەپەككۇرلار ئويغاتمىغان خەلقنى، نەپسانىيەتچى سىياسەتچىلەر ئالدايدۇ. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن سەن قولۇڭغا قەلەم ئال. سېنىڭ يازغانلىرىڭ ئۇيغۇرنى ئويغاتسۇن، خەلقىمىزگە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە ئىرادە ئاتا قىلسۇن. سېنىڭ ئۈمىدلىرىڭ خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى بولسۇن. سەن ئاشۇ ئۈمىدلىرىڭنى ياز، يېڭى پىكىرلىرىڭنى ياز، ئۈمىدلىرىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدا دېيىلگەن سۆزلەردىكىدەك بولسۇن ۋە يېڭى پىكىرلەر بىلەن جۇلالانسۇن! يەنە سېنىڭ يازغانلىرىڭ ئارقىلىق، ۋەتەندىكى ئىشلارنى پۈتۈن جاھان بىلسۇن. بىزدەك لاگېر قۇربانلىرىنىڭ ئاۋازىنى پەقەت سەنلا ئەركىن دۇنياغا ئاڭلىتالايسەن. سەن پەقەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق زۇلۇم ئاستىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن ياز ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېھتىرام بىلەن ئېگىل. شۇنداق قىلالىساڭ مەن ئۆلسەممۇ روھىم دۇنيادا يەنىلا ئادالەتنىڭ بارلىقنى تۇيىدۇ ۋە يەنە نۇرغۇن لاگېردىكى قېرىنداشلىرىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزالايسەن. سەن پەقەت مېنى يولدۇشۇم، ئېرىم دەپ ئەمەس، پەقەت بىر ئۇيغۇر دەپ بىلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ داۋاسىنى قىلىشقا ئاتلان. سەن بىزگە گۇۋا بول. مۇشۇ زۇلمەتلىك لاگېردا ئۆز - تىنىمىزدۇنيادىن كېتىشىمىزگە يول قويما. سەن خىتاي كومپارتىيەنىڭ ھەرقانداق تەھدىتىگە بويسۇن ئەگمە، سەن چوقۇم يالغۇز ئەمەس، دۇنيادا يەنە ئىنسانلىقنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەن، سەن ئىشەنسەڭلا ساڭا ئاۋاز قوشۇدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇيغۇر بولۇپ

تۆرەلگەننىڭ ئۆزۈ بىر گۇناھ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلا. ئوغلۇم ئەركىن دۇنيادا ئەركىن يېتىشىپ، مۇشۇ ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلسۇن. ناۋادا سەن ئەركىنلىككە قاراپ قاچمىساڭ ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئوغلىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى رەت قىلىپلا قالماستىن بەلكى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئەركىنلىكىنى رەت قىلغان بولىسەن. بۇ دېگەنلىك ئىنسان بولۇش قابىلىيىتىڭنى يوقاتقان، ئىنسان ھەقلىرىڭنى قولۇڭدىن تارقۇزۇپ قويغان، ھەتتا ئىنسانلىق مەجبۇرىيىتىڭدىن باشتارتقان بولىسەن. ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كەچكەن ئادەمدە ئۈمىد بولمايدۇ، ئىشەنچە بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، مەن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكەن بولسامۇ، ئوغلۇمنىڭ ئەركىنلىكىدىن ۋاز كەچمىدىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىدىمنى ۋە ئىشەنچەمنى تېخى يوقاتمىدىم، ساڭا بولغان ئىشەمچەم شۇنچىلىك يۈكسەككى چوقۇم ئۈمىدىمنى يەردە قويمايسەن، چوقۇم ئوغلۇمنى ئەركىنلىككە مۇيەسسەر قىلىسەن. ئەڭ ئاخىردا يەنە تەكىتلەيمەن تەۋەككۇلچىلىك قىل ! ئۇلۇغ پەرۋەردىگار يولۇڭلارنى ئوچۇق قىلسۇن، قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا مۆجىزىلىرى بىلەن سىلەرگە يول كۆرسەتسۇن، مېنى قەلبىڭدە مەڭگۈ ساقلا، ئوغلۇمغا مەن توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەپ بەر، ئوغۇل بالا دېگەن دادىسىنى ئەندىز قىلىدۇ، ئۇ مېنىڭدىن پەخىرلەنسۇن !...» ياش خانىم مەكتۇپتىكى مەزمۇنلارنى ئەسلەپ، كۆزىگە ياش ئالدى ۋە قەلبىدىكى تىراگېدىيە تۈسىدىكى ھەم ئىللىق ھەم مۇھەببەتلىك مەيىن دولقۇننى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندەك بولدى. ئۇ بېشى تىك تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا، ئوغلى يەنە پىلجىكتورىنى چىقىراپ ياندۇردى، ئەمما

يـوللار بۇرۇنقـىدەك قاراڭغـۇ بولمىغاچقـا پىلجىكتورنىـڭ يورۇقـى گويـا ئەتراپقـا يېيىلـىـپ كېتىۋاتقانـىـدەك ئۇنچىلىـك روشـەن رەۋىشـتـە رولىنـى جـارى قىلدۇرالمايۋاتاتتـى، شـۇنداقتىمۇ بـالا پىلجىكتورنـى يانـدۇرۇپ، گويـا قولىـدا مەشـئەل تۇتـۇپ جەڭگـە كېتىۋاتقـان جەڭچىـدەك چەبـدەس قـەدەم تـاشلاپ كېتىۋاتاتتـى. ئەمـدى يـوللاردا ئانـدا ـ سـاندا ئادەملەرنىڭ قارىسـى كۆرۈنۈشـكە باشـلىغانىدى، ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشـۈپ كېتىۋاتقان ماشـىنلارمۇ بـار ئىـدى. يـاش خانىمنىـڭ پەرىشـان كۆڭلـى ئەركىنلىـك چىرىغىنىـڭ يورۇقـىـدا يـورۇپ، ئوغلىغـا يانـداش مېڭىـپ ئەندىشـىدىن سـەل خالـى بولغـان بولسـىمۇ، يەنـىلا چىگىـچ ئـوي ـ خىيالدىـن تولـۇق ئـازات بولالمىغانـىـدى. ئۇشـبۇ ئـوي ـ خىيـاللار بولسـا، تېـرە ئاسـتىدىكى قىلـدام قـان تومۇرلارنىـڭ ئۆزئـارا گىرەلىشىشـىدىنمۇ تۈمـەن ھەسسـە مۇرەككـەپ ۋە شـۇنچىلىك ئۆزگىرىشچان، شـۇنچىلىك تۇراقسـىز، شـۇنچىلىك ئېقىشـچان ئىـدى. بـىـراق ئەنـە شـۇ ئېڭىدىكـى بـۇ ئـوي ـ خىيـاللار يـاش خانىمنـى بىـر جەھەتتىـن ئازابلىسـا، يەنـە بىـر جەھەتتىــن ئىرادىسـىنىڭ پولاتتـەك تاۋلىنىشـىغا تۈركـە بولىۋاتقانلىقـى ئېنىـق ئىـدى. يـاش خانىم ئىچىـدە: «ئانـا ۋە بالا بـۇ دۇنيـادا يالغـۇز ياشـاش ئۈچـۈن يولغـا چىقتـۇق، مـەن ئەرسـىز، بـالام ئاتىسـىز قالـدى. بىزباردىغـان ماكانـدا يـا دوستىمىز، يـا ئـۇرۇق ـ تۇققانلىرىمىـز يـوق، ئەممـا لېكىـن ئـۇ يـەردە ئەركىنلىـك بـار. بـۇ ھەممىگـە تـەڭ، ھەممىگـە تەققـاس ! ئەركىنلىـك مۇقـەددەس ! مەھكۇملـۇق قورقۇنچلـۇق ! سـېتەمكار پەلـەك بىزنـى بـۇ يولغـا سالدى، ۋەتـەن ۋە خەلقىمىزگـە باغلىـق بولغـان بارلىـق باغلاردىـن بىزنـى ئۈزۈشـكە مەجبـۇر قىلـدى.

دەرۋەقە، بىزنىڭ بۇ يۇرتىن قانداقمۇ ئايرىلغىمىز كەلسۇن؟!
ئەپسۇس بىز بۇنىڭغا مەجبۇر، ئېرىمنىڭ لاگېردىن چىقارتقان مەكتۇبى بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەنمۇ خۇددى ئېرىمگە ئوخشاش تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك، ئۆز خىزمىتىنى سۆيىدىغان بىر مۇئەللىمە بولغانلىقىم ئۈچۈن، مېنىڭمۇ لاگېرغا تاشلىنىشىم قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش. ئەگەرئوغلۇم بىلەن يۇرتۇمدىن ئايرىلمىسام، مېنىڭمۇ ئاقىۋىتىم ئېرىمنىڭكىدىن قىلىشماسلىقى مۇتلەق. ئېرىمنىڭ مەكتۇبىدىن مەلۇم بولدىكى مېنىڭ كەلگۈسۈم ۋە بالامنىڭ ئىستىقبالى ھەقىقەتەن قاباھەتلىك. مېنىڭ بالامدىن ئايرىلىپ قېلىشىم بېشىمغا كېلىدىغان ھەرقانداق پالاكەتنىڭ ئەڭ چوڭى. بۇ جاھاندا بىر ئانىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان پالاكەتلەر ئىچىدە ئۆز پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قىلىشىدىنمۇ دەخشەت پالاكەت بارمۇ ! شۇ ۋەجىدىن مەن بۇ يولدىن ۋاز كەچمەسلىكىم كېرەك، ھازىر ھەرگىز ئىككىلىنىپ ئولتۇرىدىغان چاغ ئەمەس. بىز ھەممە نەرسىدىن ئايرىلدۇق ۋە ئايرىلىۋاتىمىز، ئەمدى ئۆز يۈرەك پارەمدىن قانداقمۇ ئايرىلىپ قالاي، بېشىمىزغا قانداق قاباھەتلىك كۈن كېلىشتىن قەتئىي نەزەر، بالامدىن ئايرىلمايمەن. مۇبادا مەن مۇشۇداق جاسارەتلىك بولسامىلا قاباھەت ۋە ئەندىشىلەردىن پۈتۈنلەي قۇتۇلالايمەن. مۇشۇنداق ياخشى تەرەپنى چىقىش قىلىپ ئويلىسامىلا بالامنى مۇشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالايمەن ۋە بۇ ئارقىلىق، ئازراق بولسىمۇ يول ئۈستىدە تەسەللى تاپىمەن. ئەمدى مەن ئۆز يۇرتۇمدا خەلقىم بىلەن، ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن بىرگە ياشاش ئىستىكىنى

يۈرىگىمدىن يۇلۇپ ئاتتىم. بىراق ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىم بولسا، ئۈمىدىم بىلەن بىرگە مەڭگۈ ياشايدۇ. بۇ ھايات ئارزۇلار بىلەن ئەمەس، بىزنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرىمىز بىلەن گۈزەلدۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتىم ۋە ماڭغان يولۇم بىلەن يولدۇشۇم تەرەپتە تۇرغانلىقىمنى ئىسپاتلايمەن، يولدىشىم ئادالەت تەرەپدارى، مەنمۇ مۇتلەق ئادالەتنىڭ ھىمايىچىسى. ۋىجدانىم دەل مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا، دېمەك مەن ۋىجدانىپ تەرەپتە. مۇبادا مەن ئىككى سائەت ئىچىدە مۇشۇ شەھەردىن ساق چىقىپ كېتەلىسەم ۋە كېيىنكى بىر سوتكىدا ۋەتەندىن ئوغلۇمنى ئېلىپ ئايرىلالىسام، غۇلجىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىمەن. بۇ مېنىڭ ۋىجدانىمنى راھاتلەندۈرۈشىمگە يېتىپ ئاشىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئېڭىمدىكى دۇرۇسلۇق ۋە ئادالەت تۇيغۇسى، شۇنىڭدەك ئۆز خەلقىمنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان مەنىۋى كۈچىدۇر، ھەمدە ئېرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسىدۇر. مەن ئۆزۈم ئىگە بولغان ئىقتىدارىمنى جارى قىلدۇرۇشۇم كېرەك، مانا بۇ ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇش كۈچى ماڭا خوشاللىق، يۈرىكىمگە ئىللىق ھارارەت ئاتا قىلىدۇ. مۇشۇ گۇڭگا كوچىلاردا، مۇشۇ قەھرىتان سوغۇقتا بېشىمنى تىك تۇتۇپ، ئوغلۇمنىڭ يۇمران ئىسسىق قولىنى چىڭ تۇتۇپ يېتەكلىشىمگە سەۋەب بولىۋاتىدۇ. ھەمدە ئۆزۈمگە ناتونۇش بولغان، بىراق ئاخىرىدا بىزنى ئەركىنلىككە ئىگە قىلىدىغان يېڭى ھايات يولىدا ئالغا قاراپ مېڭىشقا ۋەسىلە بولىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ بولىۋاتىدۇ.» ئانا ئەنە شۇ ئويلار بىلەن بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ

تۇيمايلا قالغان ئىدى.

## 15

شــەھەرنىڭ مەركىزىــدە قــەت كۆتــۈرۈپ تۇرغــان بەيتــۇللا مەســچىتى بۇرۇنقــى ئورنىنــى ئاســاس قىلىــپ يېڭــى ســېلىنغان بولســىمۇ، ئەممــا ئالدىدىكــى گــۈڭگا كۆزگــە چېلىقىــپ تۇرىدىغان راۋاق چىقىۋېتىلمىگــەن ئىــدى. راۋاق گويــا قۇياشــنىڭ يۈزىنــى تــوراپ تۇرغــان بىــر پارچــە قــارا بۇلۇتتــەك، ئۇيغــۇر بىناكارچىلىق ســەنئىتىنىڭ ســەلتەنەتىنى نامايــەن قىلىــپ تۇرغــان ئاپئــاق بەيتــۇللا مەسچىتىنىڭ يۈزىنــى تــوراپ، تــۆت كوچــا دوخمۇشــىنىڭ گــۈزەل مەنزىرىســىگە قــارا كۆلەڭگــۈ تــاشلاپ تۇراتتــى. گەرچــە خىتــاي كومپارتىيەســى چــوڭ كوچىغــا تۇمشــۇقىنى ســوقۇپ تۇرغــان راۋاقنــى جۇڭخۇئــا مەدەنىيەتىنىڭ نامايەندىســى سۈپىتىدە ســاقلاپ قالغــان بولســىمۇ، بىــراق ئۇشــبۇ قارامتــۇل راۋاق مۇســتەملىكىچىلەرنىڭ ســىمۋولى ســۈپىتىدە تارىختىــن گــۇۋاھ بېرىۋاتقــان ئىــدى. يــاش خانىــم ئەنــە شــۇ راۋاققــا بىــر لەھــزە قارىغىنىــدا، خىيــال كەپتەرلىــرى ئــۇزاق تارىخقــا قــاراپ ئۇچــۇپ كەتكــەن ئىــدى:

18 - ئەســىرنىڭ ئوتتۇرىســىدا مەنچــىڭ خانىدانلىقــى جۇڭغارلارنــى مەغلــۇپ قىلىــش بىلــەن بىرگــە، شــەرقىي تۈركىســتاننىڭ جەنۇبىــدا قوزغالغــان چــوڭ - كىچىــك غوجىــلار قوزغىلاڭلىرىنــى تىنجىتىــپ، شــەرقىي تۈركىســتاننى تولــۇق ئىســتىلا قىلغاندىــن كېيىــن، بــۇ گــۈزەل زېمىننــى قولدىــن چىقىرىــپ قويماســلىق ئۈچــۈن لەشــكىرى كــۈچ بىلــەن ئىــدارە

قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان ئىدى. ئەينى زاماندا ئىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتە مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە تەبىئىي مەركەز بولغانلىقتىن، جياڭجۈن مەھكىمىسىنى ئىلىدا قۇرغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى مەزكۇرھەربىي بازىسقا تايىنىپ، ئىلىنى مۇستەھكەم تايانچ بازىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى مۇستەملىكە قىلىش ستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشماقچى بولغان ئىدى. يەنە مەزكۇر جياڭجۈن مەھكىمىسى ئارقىلىق ئەلنى مەمۇرى جەھەتتىن باشقۇرۇش ئۈچۈن، چىڭ خانىدانلىقى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان ھاكىم بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىشىغا تولۇق كۈچ چىقارغان تۇرپانلىق ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇساگۇڭنى ئىلىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ھاكىم بەگلىك مەنسىپىنى بېرىپ، ئۆز يىغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش تاكتىكىسى بىلەن، ئىلى خەلقىنى ئىدارە قىلغان ئىدى. ئەينى زامانلاردا خۇددى ئاپئاق غوجا جۇڭغار خانى غالدانغا يالۋۇرۇپ، ياردەم تىلەپ سەئىدىيە خانىدانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا سەۋەبچى بولغىنىدەك، تۇرپانلىق ئىمىن غوجمۇ جۇڭغارلار ئۈستىدىن چىڭلۇڭ خانغا شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ، ئىلى ۋادىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا ۋە ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنىڭ مۇستەملىكە بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن چيەنلۇڭ خان ئىمىن غوجىنىڭ ئوغلى مۇسا غوجىنى ئىلىغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

ھاكىمبەگ غوجا مۇسا گۇڭ ئىلى خەلقىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن غۇلجىدا تۇنجى مەھكىمە شەرئىنى قۇرۇپ چىقىپ، تۇرپانلىق موللا روزى ئاخۇننى ئەلەم قىلىپ تەيىنلەيدىغانلىقىنى ۋە غۇلجا خەلقىنى «يۇمشاق ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى قوللىنىش ۋەجىدىن كاتتا بىر جامە سېلىشنى ئويلىغان ئىدى. لېكىن ئىقتىساد يېتىشمەسلىك ۋە ئۆمرىنىڭ قىسقا بولۇپ قىلىشى سەۋەبىدىن مۇرادىغا يېتەلمەي، 1766 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆز ئۆمرىدە ئىلى خەلقى ئۈستىدىن تۆت يىللا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە نايىل بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئىنىسى ئورانزىپ گۇڭ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ خانى چيەنلۇڭ خان بەرگەن بىر تۈمەن سەر كۈمۈش ۋە ھەر يۇرتتىن ئېلىنغان يىمەك ـ ئىچمەك، ئەمگەك كۈچى بىلەن 1773 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە بەيتۇللا جامەسىنى سالدۇرغان ئىدى. سالدۇرغاندىمۇ شۇنداق بىر پاسۇندا سالدۇرغان ئىدىكى، ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە لايىق قىلىپ، راۋاق بىلەن قوشۇپ تۇرۇپ سالدۇرغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سىرتتىن قارىغان ھەرقانداق بىر كىشىگە جامە بەجايىكى خىتايلارنىڭ بۇتخانىسىنىلا ئەسلىتەتتى.

ياش خانىم ئەنە شۇ خىياللار بىلەن كېتىۋاتقاندا، راۋاقنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىن پىلموتتىن ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، بالىسى بىلەن بىرگە شۇنچىلىك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. بۇ دەھشەتلىك ئاۋاز ئەسلىدە خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمىنى تەبرىكلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتقان ئېتىلداق بىلەن بىرگە ئاسماندا ئېتىلغان

ساليوتنىڭ ئاۋازلىرى ئىدى. ئۇشبۇ ئاۋازلار جاھاننى دەھشەتكە سالغان بولسا، ئۇلاردىن چىققان يورۇقلۇق ئاسماننى بىر پەس بولسىمۇ يورۇتۇپ، يۇلتۇزلاردەك چاقنىغان نۇرلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلغان ئىدى. ئۇلار گويا ئاقار يۇلتۇزلاردەك تۇتۇق ئاسماننى بىر مەھەل يورۇتۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن گۈگگا راۋاق بىلەن ئاپئاق بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئۈستىگە ساقىپ چۈشتى. بىر لەھزە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئەتراپ يەنىلا بۇرۇنقىدەك گۈگگالىققا قايتتى. ياش خانىم ئوغلىنى يېتىلەپ تۆت كوچا كېسىشكەن دوخمۇشقا كەلگەندە، ئىككىلىنىپ بىر دەم تۇرۇپ قالدى، ئۇ چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەر تاكسىنى توراپ ئۇدۇل قاتناشقا مېڭىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ ۋە لېكىن قول سائىتىگە بىر كۆز ئاتقاندىن كېيىن قارارىدىن دەرھال ۋازكېچىپ، داۋاملىق پىيادا مېڭىش قارارى كەلدى. دەرۋەقە، ھازىر تېخى بالدۇر ئىدى، قاتناشقا بارغان بىلەن بەربىر ئۇ يەردە ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىشىنى كۈتۈپ ساقلاشقا توغرا كېلەتتى ۋە بۇ جەرياندا قاتناشنى چارلاپ يۈرگەن جىسەكچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرگەنىدى. يەنە بىر جەھەتتىن پىيادە مېڭىپ غۇلجىنىڭ چوڭ كوچىلىرى بىلەن بىرگە ئۆزۈ ئوقۇغان ئانا مەكتىپىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىپ كۆرۈۋېلىش ئىستىكى قەلبىنى چۇلغىۋالغان ئىدى. ئەنە شۇخىل ئوي ـ ھېسياتلار سەۋەبىدىن، ھەمدە ئوغلىمۇ ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئۆزى بىلەن تەڭ مېڭىۋاتقاندىنكېيىن بۇنداق بىر قارارغا كېلىشى تەبىئىي ئىدى.

## 16

ياش خانىم ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى تۆت كوچىنىڭ دوخمۇشىدىن غەربىپ تەرەپكە قايرىلىپ، بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ شىمالى پاسىلىنى ياقىلاپ يولغا راۋان بولدى. مانا بۇ يوللاردا چورۇق ھېكىم، سادىر پەلۋان، بىلال نازىمدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يول باشچىلىرى، باھادىر ئوغلانلىرى، شائىر ۋە يازغۇچىلىرى ماڭغان ۋە ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالغان يوللار ئىدى. ياش خانىم، ئوغلى بىلەن بىرگە قول تۇتۇشۇپ مەسچىتنىڭ شەرقتىن غەرب تامام سوزۇلغان تۆمۈر رېشاتكىسىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ، مەسچىت ئىچىگە قاراپ - قاراپ قويدى. ئەينى زاماندا سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە مۇشۇ جامەنىڭ ئىچىدىكى مەدرىسەدە ئوقۇغان چورۇق ھېكىم، بىلال نازىملارنىڭ سىماسى كۆز ئالدىدىن بىر- بىرلەپ ئۆتتۈشكە باشلىدى. چورۇق ھېكىم سۇدەرۋازلىق بولۇپ، ئىمىن ۋاڭنىڭ چەۋرىسى خۇشىنىزات گۇڭنىڭ يالغۇز ئوغلى خالزاتخان 1818- يىلى چىڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقى بىلەن دادىسىنىڭ ئورنىغا گۇڭ - بەگلىككە تەيىنلەنگەن زاماندا يۈز بېشى بولغان ئادەم ئىدى. ئۇ خەلقپەرۋەر، ھەققانىيەتچى، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان، ناھايىتى ئاددىي - ساددا يۈرۈيدىغان ئادەم بولۇپلا قالماي يەنە بەكمە ئەقىللىق، پەم - پاراسەتلىك كىشى ئىدى. بولۇپمۇ ئۆستەڭ ۋە سۇ ئىشلىرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا خۇشىنىزات گۇڭ زامىنىدا «جىغىرلاڭ ئۆستىڭى» نى چېپىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۆستەڭنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىتا چېپىپ

تاماملىنغان ئىدى. خالزاتخان ھاكىم بەگ بولغاندىن كېيىن،
جىياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن «ئاقئۆستەڭ»
چېپىش قۇرۇلۇشىنى باشلىغانىدى. بىراق خالزاتخان گۇڭ
ئۆستەڭ ۋە سۇ ئىشلىرىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن
ۋە ئەتراپىغا ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدىن خەۋىرى بار پەم -
پاراسەتلىك ئادەملەرنى توپلىمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆستەڭ
قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي، ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتكەن
ئىدى. 1820 - يىلىغا كەلگەندە ئىلى جىياڭجۈن مەھكىمىسى
خالزاتخان گۇڭنى شاغبەگلىككە (مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىككە)
چۈشۈرۈپ، باقى ئاخۇننى ئورلاڭ ھاكىمبەگ (ۋاقىتلىق
ھاكىمبەگ) لىككە تەيىنلىگەن ۋە بۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن
كېيىن، دۆلەت ئاتلىق كىشىنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىگەن
ئىدى. بىراق دۆلەت ھېكىمنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغانلىق
سەۋەبىدىن ئورنىغا مۇھەممەت ئىمىننى ھاكىمبەگلىككە
تەيىنلىگەن ئىدى. مانا بۇ مۇھەممەت ئىمىن دېگەن كىشى
دەل چورۇق ھېكىمنىڭ ئۆزى ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن ھېكىم
دائىم پۇتىغا چورۇق تارتىپ، ئۈچىسىغا شالۋۇر بىلەن
ماتا كەمزۇل كىيىپ، بېلىنى تاسما بەلباغ بىلەن باغلاپ
يۈرۈيدىغان ئادەم بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ
«چورۇق ھېكىم» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئەينى زاماندا ئەنە
شۇ چىڭ خانىدانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئوپقاندەك قارنىنى
تويغۇزۇش ئۈچۈن زور مىقتاردىكى ئاشلىق تەمىن ئېتىشقا توغرا
كېلەتتى، شۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى
ھەرقايسى جايلاردىن زور كۆلەمدە ئادەم يۆتكەپ ئەچىقىپ،
ئىلى ۋادىسىدە بوز يەر ئاچقۇزغان ۋە كەڭ كۆلەملىك ئۆستەڭ

چاپقۇزۇش ئىشلىرىنى يولغا قويغان ئىدى. شۇ زاماندا غۇلجىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى كەڭ مۇنبەت تۇپراقلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن 40 تىن ئوشۇق ئۆستەڭ قازدۇرغان ۋە يەنە ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كەڭ مۇنبەت زېمىنلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ تېرىلغۇ يەرلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھېساپسىز يېڭى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئاچقان ۋە بۇ يەرلەرنى ھوسۇللۇق ئېكىنزار قىلىپ ئۆزلەشتۇرۇش ئۈچۈن 40 تىن ئارتۇق ئۆستەڭ قازدۇرغان ئىدى. ئەنە شۇ ئۆستەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى ۋە قىزىش ئىشلىرى ئەڭ قىيىنغا توختىغان ئۆستەڭ بولسا ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئىدى. چورۇق ھېكىم ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاخىرى 1825 ـ يىلى ئۆستەڭنى غەلبىلىك پۈتتۈرگەندى. بىراق ئاتا مىراس ھاكىمبەگ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ ھاكىمبەگ بولغان، ئۆمرۈنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، مەردانە ۋە غورۇرى بىلەن ياشىغان، ھەمدە ئۆز خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆڭلىگە ئۈلۈغ ئارزۇ ـ ئارمانلار پۈكۈپ ئەل ـ ئاۋامغا ئاسايىشلىق يارىتىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ مېھنەت قىلغان ھېكىم بولغاچقا، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىچتارلىق قىلغان خالزاتخان «چورۇق ھېكىم باش بولۇپ چاپقان ئۆستەڭگە سۇ چىقمايدۇ» دەپ، چاپارمەنلىرى ئارقىلىق ئۆسەك سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ، چورۇق ھېكىمنى قارلىغان ۋە بۇ سۆز ـ چۆچەكلەر تا جياڭجۈن مەھكىمىسىگىچە يېتىپ بارغان. ۋاھالەنكى، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دەپ، چورۇق ھېكىم بۇ يالغانچىلارنى

ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق مات قىلغان. چورۇق ھېكىم ئۆزى ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم بولغاچقا «سۇ دېگەن قانچىلىك ئېگىز يەردىن باشلانسا، شۇنچىلىك ئېگىزلىككە ئېقىپ چىقالايدۇ» دەپ سۇ تۇغىنىنى ئېككىلەنمەستىن ئاچقان ۋە ئۆزى قولۋاقلىق ئۆستەڭ سۈيىدە بىللە ئاققان. ئەينى چاغدا دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدا تۇرغان خەلق ئاممىسى قىقاس - چۇقان كۆتەرگەن پېتى، چورۇق ھېكىمنىڭ قولۋېقىغا ئەگىشىپ «ئاق ئۆستىڭىم ئاق، ئاق ئۆستىڭىم ئاق !» دەپ ئۆستەڭ ياقىلاپ توۋلاپ چاپقان. چورۇق ھېكىم بولسا قولۋاققا چۈشۈپ «ئاق ئۆستىڭىم ئاق، ئاق ئۆستىڭىم ئاق !» دەپ ئابرال تېغى ئېتىكىدىكى قاش دەرياسىدىن باشلانغان ئۆستەڭدىن تاكى بايانداي قەلئەسىنىڭ جەنۇبىغىچە غەلىبىلىك ئېقىپ بارغانىدى. شۇنىڭدىن مۇقەددەم بۇ ئۆستەڭ «ئاقئۆستەڭ» دېگەن مۇبارەك نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان ئىدى. ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، خالزاتخان يەنە ھېلە مىكىر ئىشلىتىپ، چورۇق ھېكىمنى جىياگجۈن مەھكىمىسىگە چىقىشنى داۋاملاشتۇرغان. باھانا تاپالماي ئاران تۇرغان جىياگجۈن مەھكىمىسى بولسا، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆستەڭ چېپىلىشتىن بۇرۇن چورۇق ھېكىمگە بەرگەن ۋەدىسىدىن بىراقلا يېنىۋالغان. ھەمدە بۇرۇنقى دېھقانلاردىن ئالدىغان خوسۇلنى بىراقلا بىر ھەسسە كۆپەيتىۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا بۇ ناھەقچىلىكنى، ئادەلەتسىزلىكنى، نامەرتلىكنى قوبۇل قىلالمىغان چورۇق ھېكىم جىياگجۈن مەھكىمىسىگە قارشى چىققان ئىدى. دەرۋەقە، ئەينى ۋاقىتتا جىياگجۈن مەھكىمىسى «جىرغىلاڭ ئۆستىڭى» بىلەن «ئاقئۆستەڭنى»

چېپىشقا قانچە يىل ۋاقىت كەتكەن بولسا، ئۆستەڭ پۈتۈپ، سۇ باشلىغاندىن كېيىن شۇنچە يىل دېھقانلاردىن ئۆستۈرمە سېلىق ئالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. «جىرغىلاڭ ئۆستىڭى» نى چېپىشقا ئالتە يىل، «ئاقئۆستەڭنى» نى چېپىشقا ئون بەش يىل كەتكەن بولۇپ، ھېسابتا ئىككى ئۆستەڭ يىگىرمە بىر يىلدا پۈتكەن ئىدى. مانا بۇ يىگىرمە بىر يىل جەريانىدا دېھقانلار كۆرمىگەننى كۆرگەن، ھەر يىلى ئۆستەڭ چېپىش ھاشاسىغا تۇتۇلۇپ، نۇرغۇن جەبىر - زۇلۇملارنى تارتقان، نۇرغۇن ئادەم قازا بولغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۆستەڭ چېپىش قۇرۇلۇشى غەلىبىلىك تاماملانغاندا، جياڭجۈن مەھكىمىسى يىگىرمە بىر يىل ئۆستۈرمە سېلىق سالماسلىق ۋەدىسىدىن دەرھال يېنىۋېلىپ، سېلىقنى بىر ھەسسە ئۆستۈرگەن. بۇ ناھەقچىلىككە چىدىمىغان چورۇق ھېكىم ئاچچىغىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، بۇ خەۋەرنى دەرھال پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە ۋە بەگلەرگە يەتكۈزگەن. خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن خەلقنىڭ پەريادى كۆچىيىپ، غەزىپى 40 گەز ئۆرلىگەن ئىدى. چورۇق ھېكىم بولسا، خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان. دەل مۇشۇ چاغدا پەيت كۈتۈپ ياتقان خالزاتخان دەرھال جياڭجۈن مەھكىمىسىگە چورۇق ھېكىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ «چورۇق ھېكىم خەلقنى كۈشكۈرتىپ، مەنچىڭ خانىدانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى» دېگەن. بۇ مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا جاھانگىرخان قوزغىلاڭ كۆتەرگەن چاغ بولغاچقا، جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇنداق نازۇك ۋەزىيەتتە ئىلىدا قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دەرھال

چورۇق ھېكىمدىن گۇمانلانغان ۋە ئۇنى ھېكىملىكتىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا خالزاتخاننى تەيىنلىگەن. خالزاتخان ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، يەنىلا جىم تۇرماي، چورۇق ھېكىم ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت سۇنۇپ، ئاخىرى چورۇق ھېكىمنى ئاقسۇغا ئون يىللىق پالاتقۇزنۇەتكەن. چورۇق ھېكىم ئاقسۇدىكى سۈرگۈن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئىككى يىل ئۆتكەندە يەنى 1837 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەينى چاغدا چورۇق ھېكىمنىڭ جىنازا نامىزى دەل مۇشۇ بەيتۇللا مەسچىتىدە چۈشۈرۈلگەن ئىدى. شۇ چاغدا چورۇق ھېكىمنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىغان غۇلجا خەلقى تەۋرەپ كەتكەن ئىدى، ھەتتا غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى بارلىق يېزا قىشلاقلاردىن كەلگەن خەلق بىلەن، مۇشۇ بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدى - كەينى لىق تولۇپ كەتكەن ئىدى. پۈتۈن ئىلى خەلقى ئالى ئېھتىرام بىلەن بۇ مۆھتىرەم زاتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مۇشۇ ئانا ۋە بالا كېتىۋاتقان يولنىڭ ئاخىرىغا جايلاشقان خەلپەم بۆزىرىكۋا مازارلىقىغا دەپنە قىلغان ئىدى. مەرھۇم چورۇق ھېكىمنىڭ ئارقىسىدىن خەلق «ئاھ ھېكىم» دەپ قوشاق قېتىپ، قان - زار يىغلاپ، نىدا قىلغان ئىدى.

ئاھ ھېكىم، قىلدى پەلەك،
بىر شەھرىيارىمدىن جۇدا.
كۆڭلۈمنىڭ مۈلكىدە بولغان،
تاجدارىمدىن جۇدا.

ئاھ، ئىچۇك باشىمدا تاغ،
بۇ جۇدالىق كۈنلىرىم.
كۆيدۈرۈپ قىلغاچ خازان،
بولدۇم باھارىمدىن جۇدا.

ئەنە ئاشۇ «ئاھ ھېكىم» نامىدىكى ناخشىلار تا ھازىرغىچە ئىلى خەلقىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي ئېيتىلىپ كەلمەكتە، مانا بۇ ناخشىلار ئارقىلىق ئىلى خەلقى ئۆزىنىڭ يول باشلىرىغا بولغان مۇھەببىتىنى، سېغىنىشىنى، ھىجران ئازاپلىرىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تاجاۋۇزچىلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى، قارشىلىقىنى ۋە چوقانلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە.

ياش خانىم قاتناش تەرەپكە ماڭىدىغان يولنىڭ بۇرۇلۇش ئېغىزىغا يەنى بېدە بازىرىغا كېلەي دېگەندە، بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يوللىرىدا سادىر پەلۋاننىڭ ئىزلىرى، ئۇنىڭ مۇشۇ مەدرىسەدە ئوقۇغان ۋە مۇشۇ مەدرىستە مۇدەررىس بولغان موللا بىلال نازىمنى ئىزدەپ كەلگەن چاغلاردىكى ئۆز ھېسياتلىرىنى ئىپادىلەپ ئوقۇغان قوشاقلىرىنى ئەسكە ئالدى.

موللا بىلال ئۆز باغرىم،
گېپىم بار ئاكا ئايرىم.
يۈزمۇ ـ يۈز سۆزلەشكىلى،
بەيتۇللاغا ئۈچ باردىم.

موللا بىلال تەقۋادار،
نەگە بارسام يولۇم بار.
موللا بىلال ئالدىدا،
ئوڭ كۆكسۈمدە قولۇم بار.

موللا بىلال خاتىپنى،
جاڭجۈن تۇتىمەن دەپتۇ.
بەردەڭگىلىك سادىر بار،
جاڭجۈن هۆل تېزەك يەپتۇ.

ئەينى چاغدا سادىر پەلۋان مەنچىڭ خاندىلانلىقىنىڭ زۇلۇلىمىغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋە مەنچىڭ خاندانلىقىنى مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئازات بىر ۋەتەندە ياشاش ئىستىكى بىلەن ئەتراپىغا ئۆزىگە ئوخشاش باھادىر ئەزىمەتلەرنى توپلاش بىلەن بىرگە يەنە، شائىر موللا بىلالدەك زىيالىلارنىدىنمۇ مەسلىھەت ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىدىن پايدىلىنىش ۋە يول كۆرسىتىشىگە ئېرىشىش يۈزىسىدىن شائىر موللا بىلال نازىمنى ئىزدەپ بەيتۇللاغا كەلگەن ۋە جياڭجۈن تۇتماقچى بولغان شائىرنى جېنىنى تىكىپ قوغدىماقچى بولغان.

ياش خانىم ئەينى زاماندا مۇشۇ يەرلەرنى كەزگەن، مۇشۇ ماكاندا ئۆتكەن چورۇق ھېكىم، سادىر پەلۋان ۋە موللا بىلال

نازىمىدەك ئۇلۇغ زاتلارنى ئەسكە ئېلىپ، كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى. دەرۋەقە، ياش خانىمنىڭ ئۆز مىللىتىدىن چىققان تراگېدىيەلىك قەھرىمانلىرى ئۇچۇن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشكە ھەققىي بار. ئەنە شۇ تراگېدىيەلىك قەھرىمانلار دۇنيادىكى بارلىق دەرد ـ ئەلەملارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، پۈتۈن دۇنيادىكى ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەردىن ۋازكەچكەن، ھەممە نەرسىلەرنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئۆزىگە ئەڭ كېرەكلىك بولغان ئەركىنلىكنىڭ قانچىلىك بەدەل كەتسە كەتسۇن قولغا كەلتۈرۈشكە ئىرادە قىلغان باھادىر ئەزىمەتلەردۇر. دېمەك، ئۆتمۈش ئاجايىپ بىر نەرسە داۋاملىق سىز بىلەن بىرگە، سىزگە داۋاملىق يول كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

## 17

ياش خانىم يەنە ئۆز خىيال دۇنياسىغا بەنت بولۇپ، يولدا كېتىۋاتاتتى، بالا ئانىسىغا يېتىشىپ تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ مېڭىۋاتاتتى، بىراق ئانىسىنىڭ كاللىسىدا كېزىۋاتقان خىياللىرىدىن بىخەۋەر ئىدى، پەقەت قاتناشقا ئىشتىكرەك يېتىپ بېرىۋېلىشىنى ئويلاپ، بار كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئانىسى بىلەن تەڭ يول ئېلىۋاتقان ئىدى. ياش خانىم يەنە كەچمىشنى ئويلاپ، ئىچىدە مۇنداق خىتاپ قىلدى: «مېنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىمگە ئىشىنىڭ، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە 10 ـ 15 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارنى ئويلاپ، ھازىرقى ھالىتىڭىزگە بىر كۆز ئاتسىڭىز، ھازىر ئۆتكۈزىۋاتقان كۈنلىرىڭىزنىڭ قانچىلىك قاباھەتلىك كۈنلەر ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلمـاي قالمايسـىز. دەل مۇشـۇ ۋەجىدىـن ئـادەم دائىـم ئۆتمۈشـنى ئەسـلەپ تۇرۇشـى، ئەجداتلىرىنىڭ باسـقان ئىزلىرىنى بـويلاپ مېڭىشـى لازىـم. ھـەر بىر ئـادەم ئۆتمۈش بىلـەن بىرگە بۇ كۈنلـەر ئۈسـتىدىن غەلبـە قىلىشـنى ئويلىغىنىـدىلا، ئىختىيارسـىز ئۆزىـدە ئىزدىنىـش ئىسـتىكى، تىرىشـىش ئىسـتىكى ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇسـى تۇغۇلـىدۇ. بولۇپمـۇ مۇسـتەملىكە ئاسـتىدىكى خەلقلـەر ئەتراپىدىكـى ھەربىـر نەرسـىگە كـۆز قىرىنـى سـالغىنىدا، بۇرۇنقى ئەسـلى ھالىتـى كـۆز ئالدىـدا نامايـەن بولـۇپ، ئىختىيارسـىز ئۆتمۈشـكە قايتىـدۇ ۋە بۈگۈنكـى كۈنلەرنىـڭ ئاشـۇ ئۆتمۈشـنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى روشـەن رەۋىشـتە تونـۇپ يېتىدۇ. كەچمىشـتە ئۆتكـەن ئەجداتلىرىنىـڭ قانچىلىـك ئىرادىلىـك، قانچىلىـك ئۈمىـدۋار روھقـا ئىگـە ئىكەنلىكىنـى ھېـس قىلىـدۇ. ھەمـدە ئۇلارنىـڭ كەلگۈسـىدە قانـداق ئىشلارنىـڭ يـۈز بېرىدىغانلىقىنـى ئـويلاپ قورقمايدىغانلىقىنـى، ئۆزىـدە ئەنسـىرەش كەيپىياتىنىـڭ يوقلىقىنـى، ئەنـە شـۇ تەنھـا بىـر كـۈن ئىچىـدە ياشاشـنى ئۆزىگـە مىزان قىلىپ، كۈندىلىك ئىشـلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشـقا دىققىتىنـى مەركەزلەشـتۈرگەنلىكىنى بىلەلەيـدۇ. ئەمەلىيەتتـە بۇنـداق بولۇشـى ئۇلارنىـڭ تۇرمۇشـتىكى مەسـىللەرنى ھـەل قىلىشـنىڭ ھازىرقىدىـن ئاسان ئىكەنلىكىدىـن دېـرەك بەرمەيدۇ ؛ دەرۋەقـە، ئـۇلار ھازىرقىدىنمـۇ كـۆپ ئىشـلىگەن، كـۆپ ئەمگەك قىلغـان، كـۆپ زۇلۇمغـا ئۇچرىغـان، ھازىرىقىـدەك ئـۇزۇن ئۆمـۈر كۆرەلمىگـەن. ھەتتـا ھازىرقىـدەك قوسـىقى تويغـۇدەك تاماقمـۇ يېيەلمىگـەن، ئۇچىسـىدىككى كىيىـم - كېچەكلىـرى يىرتىلىـپ جـۇل - جـۇل بولـۇپ كەتكىچە كىيگـەن. ھالبۇكـى، ھازىرقىدىن ئۈمىـدۋار، ھازىرقىدىـن جەسـسۇر ياشـىغان. مۇشـۇ ۋەجىدىـن

ئۇلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدەك جۇمھۇرىيەتلەرنى مۇشۇ ئانا يۇرت غۇلجىدا قۇرغان. بىز ئەنە شۇ خەلقنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھازىر قانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچرىساق ئۇچرايلى، زىنھار ئۈمىدىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز لازىم، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاشۇ سۇنماس ئىرادىسىدىن ئۈلگە ئېلىشنى بىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ جەسۇر روھىدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. كۆكتىكى تەنھا قۇياشنىڭ ئاستىدا بىزگە بۇنىڭدىن باشقا بىر ۋەتەن يوق، دەل ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز. ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ، يوقۇلىدۇ، چىرىپ يوق بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما لېكىن مۇشۇ زېمىن بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز ئىكەنلىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى مۇشۇ يەر شارىدا بولىدىكەن بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىدىن بىز ئۆز ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھى پۈتۈلگەن تارىخلار تومۇرلىرىمىزدا ئاقىدىغان قانلار بىلەن تەڭ ئاققىچە تىرىششىمىز ۋە ئۇلارنىڭ روھىنى قەلبىمىزدە ياشنىتىشىمىز لازىم.» ياش خانىم شۇ خىياللار ئىچىدە بېدە بازىرىنىڭ دوخمۇشىغا كېلىپ ئوڭغا قايرىلماقچى بولۇپ، ئوغلى بىلەن چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتتى ۋە شۇ ئەسنادا غەرب تەرەپتىكى ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە بىر كۆز ئاتتى. ئەنە شۇ ئېگىز بىنالار ئاسمان بويى كۆرۈنۈپ تۇرغان يەرلەر بۇرۇن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئىدى. ياش خانىم ئەنە شۇ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىكى بۆك - باراقسانلىق بىر قورادا تۇغۇلغان ئىدى. ئۇ ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن يىلى ئاشۇ قورادا يالغۇز ئولتۇرىدىغان ئاتا - ئانىسى ئارقا -

ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر يىل بولا بولمايلا، بۇ مەھەللىنى چىقىپ تۇپ ـ تۇز قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئورنىغا ئەنە شۇ ئېگىز بىنالارنى قاتار ـ قاتار سېلىپ، ئائىلىكلەر ئولتۇراق رايون بەرپا قىلىپ، يېقىملىق مەھەللىنىڭ كۆركەم ھالىتىنى يەر شارىدىن ئەبەدىي يوق قىلىۋەتكەنىدى. ناۋادا ياش خانىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھايات بولۇپ، مەھەللىسىنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە تۇپ ـ تۇز بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆز قولى بىلەن بىر كېسەكتىن ـ بىر كېسەكتىن قوپۇرۇپ، ياساپ چىققان ئۆيلىرىنىڭ بىر كۈندىلا چىقىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەنە پېشانىلىرىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر ئاققۇزۇپ، تۇجۇبىلەپ تېرىغان ـ تىككەن گىياھلارنىڭ ھەممىسى ھايت ـ ھۇيت دېگىچە ئاغدۇرۇلۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن بولسا، مىڭ ئۆلۈپ ـ مىڭ تىرىلگەن بولار ئىدى؛ ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار بۇ قاباھەتلىك كۈنلەرنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن ئۇ ئالەمگە جىمجىتلا سەپەر قىلغان ئىدى. ئەپسۇس مىڭ ئەپسۇس ھازىر ئاشۇ ئەجداتلىرى شەھەر بىنا بولغاندىن بۇيان ياشاپ كەلگەن مەھەللىنىڭ ئىزناسىدىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر قالمىغان ئىدى. ھەممىدىن يامىنى، ھايات قالغانلارنىڭ بىغۇبار قەلبىدە مەڭگۈ ساقايماس يارىلار قالدى. ئاشۇ مەھەللە چىقىلىپ كەتكەندىن مۇقەددەم ياش خانىم بۇياقلارغا ئانچە ئۆتمىگەن ئىدى. مانا بۈگۈن غۇلجىدىن ئايرىلىش ئالدىدا بۇ مەھەللىسىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىراقتىن بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، شىمال تامام يول يۈرۈپ، تېببىي مەكتەپنىڭ ئالدى ئىشىكى بار تەرەپتىكى ئاسفالت يولنى ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

# 18

ياش خانىم ئوغلى بىلەن چوڭ يولنى ياقىلاپ كېتىۋېتىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ چاغلىرىدا مۇشۇ يولدا، ئۆيى بىلەن غۇلجا شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئارىلىقىدا تالاي قېتىم پىيادە ماڭغانلىقىنى يادىغا كەلتۈردى. بۇرۇن بۇ يوللار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئەھيا قىلىنغان ھەشتىرخان تېرەكلەر كۆككە بوي تارتىپ قاتار ـ قاتار، تۈپ ـ تۈز تۇراتتى. مەيلى ئەتىياز، مەيلى ياز، مەيلى كۈز ۋە ياكى ھازىرقىدەك چېلە قىش مەزگىللىرى بولسۇن، بۇ كوچىنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىچە چىرايلىق ئىدى. ھازىر يوللار كەڭەيتىلگىنى بىلەن، بۇرۇنقىدەك جەلپكارلىقىدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ، بىر تال كۆچەتمۇ يوق، قۇپقۇرۇق، قاقشال، ئېسكەتسىز ھالەتكە كېلىپ قالغانتى. تېرەكلىك بار يەرلەر يولغا قوشۇۋېتىلگەن بولۇپ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئېگىز تىزىلغان سەرەڭگە قېپىدەك تۇرغان بىنالار ئادەمگە شۇنچىلىك سۇرلۇك كۆرۈنىۋاتاتتى. گەرچە مەزكۇر شەھەر بۇرۇنقىدىن تەرەققىي قىلغان، قاتناش قوراللىرى كۆپىيىپ، كوچىلاردىكى ۋېلسىپىتنىڭ ئورنىنى ھەرخىل ماركىلىق ئاپتوموبىللار ئىگىلىگەن ۋە ھەممە ئادەم خەر خىل، ھەر رەڭدىكى مودا كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ، رېستورانلاردا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، زاھىرەن شۇنچىلىك باياشاتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى قۇللۇق زەنجىرى بىلەن باغلانغان قۇللارغا ئوخشاش، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭالمايتتى. ھەر ئادەمنىڭ كاللىسىدا مىڭ خىيال، مىڭ

غەم بار ئىدى. كومپارتىيەنىڭ ئەسلىدىلا ئەركىن تۇغۇلغان ئىنسانلارنىڭ تۇمۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان ئەركىنلىك تۇيغۇسىنى يوق قىلىپ، ئۇلارغا قۇللۇق بىر هاياتنى ياخشى كۆرگۈزمەكچى بولىۋاتقانلىقى هەر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆزىتىش ئاپاراتلىرىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى.

ياش خانىم بىلەن ئوغلى ئەمدى غۇلجا تېببىي مەكتەپنىڭ ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. غۇلجا تېببىي مەكتەپ شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى مەزگىلىدە يەنى 1946 - يىلى 8 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن قۇرۇلغان بىردىنبىر ئوتتۇرا تېخنىكۇم دەرىجىلىك تېببىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ ئىدى. ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلۇپلا ئېلان قىلغان توققۇز ماددىلىق هۆكۈمەت خىتابنامىسىنىڭ بەشىنچى ماددىسىدا«ساقلىقنى ساقلاش ۋە سەهىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ» دەپ بېكىتىلگەن. مانا مۇشۇ جاكالانغان خىتابنامىنىڭ روهىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى هۆكۈمىتى 1945- يىلى 1- ئايدا سەهىيە نازارىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئەنە شۇ سەهىيە نازارىتىنىڭ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، غۇلجا شەهرىدە خەلقنى داۋالاش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىمكانىيەتلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلقنى هەقسىز داۋالاش ۋە دوختۇرخانا، مەكتەپلەرنى ئېچىش خىزمەتلىرىنى ناهايىتى جىددىي تۇتۇپ ئىشلەنگەن ئىدى. شۇ مەزگىلدە تېببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەخسىتىدە

غۇلجا تېببىي مەكتەپ قۇرۇلغان ئىدى. شۇندىن مۇقەددەم بۇ مەكتەپ پەقەت ئىلى رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدىن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتىدىغان ئوتتۇرا تېخنىكۇم دەرىجىلىك تېببىي مەكتەپ بولۇپ قالغان ئىدى. مانا مۇشۇ تېببىي مەكتەپ دەرۋازىنىڭ ئالدى بۇرۇن بۇك - باراقسان تېرەكلىك بولۇپ، تېرەكلىكنىڭ شەرق تەرىپى شىمالدىن جەنۇپقا قارىتىپ كۆتۈرۈپ ياسىغان ئاسفالىت چوڭ يول ئىدى. ياش خانىم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەنە شۇ چوڭ كوچىنىڭ يېنىنى بويلاپ، تېرەكلىكنى ياقىلاپ ئۆيىدىن مەكتەپكە، مەكتەپتىن ئۆيىگە قاتنايتتى. دەل مۇشۇ يەردە سۆيۈملۈك ئېرى يەنى شۇ چاغدىكى ساۋاقدىشى بىلەن، مانا بۈگۈنكىدەك قىشنىڭ بىر ئاخشىمى يان - يان تۇرۇپ بىرگە مەكتەپتىن قايتقانىدى، ئەنە شۇ ئاخشام بولسا، ئۇلارنىڭ هاياتىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئاخشام بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئاخشام شۇنچىلىك رومانتىك، شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك سۈزۈك بىر كېچە ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىشلىق مەۋسۇمىدىكى شۇ ئاخشام ئۇلار سىنىپىدا بىرگە كەچلىك تەكرار قىلىپ، بىرگە قايتقانىدى. ئاشۇ ئاخشام قاتتىق قار ياغقان بولۇپ، سىنىپنىڭ دېرىزىسىگە كېلىپ ئۇرۇلۇۋاتقان ئاپئاق قارلارنىڭ ئاۋازى ئىككى ياشنىڭ يۈرىكىگە مۇهەببەتنىڭ ئوتلۇق چوغىنى تاشلىغانىدى. ئۇلار قار يېغىشتىن توختىغاندا قايتىمىز دېگەننى باهانا قىلىپ، تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە سىنىپتا بىرگە تەكرار قىلىپ قالغانىدى. نىهايەت، لەپپىلدەپ يېغىۋاتقان قار توختىغان، شىلدىرلىغان ئاۋازلار جىمىغانىدى. ئۇلار سىنىپتىن

جىمجىتلا بىرگە چىقتى، بىراق ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ سوقۇشى بارغانسېرى ئېشىتكىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئەنە شۇ قارلىق كېچىدىن ئېتىبارەن قىزنىڭ قەلبىدە يىگىتكە نىسبەتەن تىنتىرەش پەيدا بولۇش بىلەن بىرگە يەنە هاياتى بولسا، ياشلىق باهارىنىڭ مۇقەددەس كېچىلىرىنى رەڭلەندۈرگەن تەبەسسۇملاردىن تۇغۇلغان بەخت بىلەن تولغانىدى. دەرۋەقە، قىزدىكى بۇ خىل تاتلىق، شېرىن تۇيغۇ بولسا، بەجايىكى شېكىسپىرنىڭ «ئىنسان قاچانكى مۇهەببەتنى هېس قىلغان چېغىدا، بۇ هاياتنى هەقىقىي ياشاشقا باشلايدۇ» دېگەن سۆزىگە تەققاس كېلەتتى. مۇهەببەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق تۇيغۇلارنىڭ هەممىسى قىزنىڭ قەلبىنى ۋە زېهنىنى چىرماپ ئالغان بولۇپ، قەلبىنىڭ چۆللۈككى شۇندىن مۇقەددەم گۈلىستانلىققا ئايلانغان ئىدى. شۇ كېچە ياغقان قاردىن كېيىن، ئاسمان شۇنچىلىك سۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، كۆك يۈزىدە بىردىنلا پەيدا بولغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئىككى ياشنىڭ ئۈستىدە جىمىرلاپ قاراپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار ئارىسىغا ئېلىۋالغان تولۇن ئاي شۇنچىلىك پاقىراق، شۇنچىلىك مەسۇم، شۇنچىلىك پاك، شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، ئاينىڭ يۈزىدىن تۆكۈلگەن نۇرلار كۈمۈش يىپ تارتىپ ئىككى ياشنىڭ ئاستىدىكى ئاپئاق قارلارنى جاۋاھىرياتلاردەك چاقنىتىۋەتكەنىدى. ئايدىڭ كېچە، ئايدىڭ كوچا، ساپ هاۋا ۋە ئاپئاق جاهاندا هەممە نەرسە شۇنچىلىك راهەت، شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، بارلىق گۈزەللىكنىڭ هەممىسى مۇشۇ ئاخشامغا مۇجەسسەملەنگەندەك ۋە بارلىق مۇهەببەت مۇشۇ ئىككى ياشقا خاستەكلا قىلاتتى. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ، ماشىنلار يوق،

ئەتراپتا سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. قىزنىڭ يېنىدا يىگىت ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ ئۈنسىز كېتىپ باراتتى. قىزمۇ قەيەردىن گەپ ئېچىشنى بىلمەي، يىگىتنىڭ يېنىدا يانمۇ - يان، قەدەممۇ - قەدەم بىرگە ماڭغانتى، ئۇلار ئەتراپقا، ئوخشاش كۆز بىلەن قارايتتى، يولنى ئوخشاش قەدەم بىلەن باساتتى، نەپەس ئېلىشلىرىنىڭ رېتىممۇ ئوخشاشتى، ھەر ئىككىلىسى ئۈجمە يەۋالغان بۇلبۇلدەك ئۈنسىز ئىدى. بىراق ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرىكى مۇھەببەتتىن، ئاشىقتىن سۆز ئېچىپ، پوكۇلداپ سوقۇۋاتاتتى. ئەتراپتا ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى مۇھەببەتلىك ھەريان ئۇچاتتى، قىزنىڭ يۇڭ شارپىسىدىن چىقىپ قالغان چاچلىرىنى قىش كېچىسىنىڭ سوغۇق شاملى يەڭگىل تارايتتى، ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ئىككى مەڭزىنى مۇھەببەت بىلەن سىلايتتى. قىز ھاياجاندىن ئىشتىك - ئىشتىك نەپەس ئېلىۋاتاتتى، ئوغۇلنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ قىزنىڭكىدىن قىلىشمايتتى. گەرچە بالىنىڭ ۋېلسىپىتنىڭ رولىنى تۇتقان قوللىرى مۇزلاپ كەتكەن بولسىمۇ قىلچە سەزمەيۋاتقاندەك قىلاتتى، قىزنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بالىنىڭ قۇلىقىغا، بالىنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى قىزنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىۋاتقانلىقى ھەر ئىككىلىسىگە ئاشكارە بولۇپ، ئىككىلىسىنىڭ قەلبىدىكى ھاياجان ئاشۇ سۈپسۈزۈك ئاسماندىكى تولۇن ئايدەك ئىككىلىسىگە ئايان ئىدى. يۈرەك تومۇرلىرى بىردەك تىترەۋاتاتتى، مەزكۇر ئالامەتلەر قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ ياشلىق دەۋرگە قەدەم باسقانلىقىنىڭ خەۋەرچىلىرى ئىدى. دەرۋەقە، بارلىق ئىنسانلار ياشلىق چاغلىرىغا قەدەم باسقاندا، ھېسسىياتلىرىدا بالدۇر چېچەكلەيدىغان باسقۇچلار

بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇشبۇ بۇيۇك تۇيغۇ ۋە ھېسيات ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا پەيسىيدۇ ۋە پەقەت ئۇنىڭدىن قاپ قالىدىغىنى شۇ بەختلىك چاغلاردىكى ئاچچىق ۋە تاتلىق ئەسلىمىلەر بولۇپ قالىدۇ خالاس. بۇ ئىككى ياشمۇ ئەنە شۇ بالدۇر چېچەكلەيدىغان دەۋرلىرىگە قەدەم باسقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چېچەكلىرى تىوزۇپ ئالقايالارغا ئۇچۇپ، دەسلىپ ـ چەيلىنىپ يوق بولۇپ كەتمەي، بەلكى مېۋە بەرگەن ۋە شېرىن مېۋىنىڭ لەززىتىنى تېتىپ تىوي قىلغان ۋە بىر پەرزەنتلىك بولغانىدى. ئەنە شۇ يىلى قىز كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا شەرەپ بىلەن ئەزا بولغان بولۇپ، ئاشۇ ئايدىكى كېچىدە ئۇستىدىكى چاقماق سۆكنى چاپىنىڭ ئۇستىگە قادىۋالغان يېپ ـ يېڭى ئىتتىپاق ئىزنىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنىڭ ئۇستىدە پاقىراپ تۇراتتى. ئىزنەكگە چۇشۇرۇلگەن قىزىل بايراق بولسا، ئۇشبۇ قىشنىڭ سوغۇق شامىلىدا قىزنىڭ كۆكسىدە لەرزان لەپىلدەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ھەمدە سېرىق ھەل بېرىلگەن دوگىلەك چەمبەرنىڭ ئىچىدىكى بەشبۇرجەكلىك يۇلتۇز، قىزىل بايراقنىڭ ئۇستىدە جىمىرلىماقتا ئىدى. قىزنىڭ تېز ـ تېزسوقۇۋاتقان يۈرىكى ئۇرىلىۋاتقان كۆكرەك قەپىسىنىڭ ئۇستىدىكى كۆكسى بىر ئېگىزلەپ ـ بىر پەسلىگەندە، ئىتتىپاق ئىزنىكىمۇ بىر ئېگىزلەپ ـ بىر پەسلەۋاتاتتى. بايراق بىلەن يۇلتۇزنىڭ ئاستىدىكى ئالتۇن باشاقلارنىڭ يېنىدىكى چىشلىق چاق گويا پېشىپ ئۇنچىلىرى تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇرغان بۇغدايلارنى ئورۇش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىۋاتقان كومباينىنىڭ چاقلىرىدەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. يىگىت بولسا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزنىڭ كۆكسىدىكى بىر ئېگىزلەپ ـ بىر پەسلەۋاتقان

يۇلتۇز، بايراق، بۇغداي ۋە چىشلىق چاقلار بىر گەۋدە بولۇپ چوغدەك لاۋۇلداپ تۇرغان ئىتتىپاق ئىزنىكىگە قاراپ - قاراپ قويىۋاتقانىدى. ئەنە شۇ دەملەردە ئوغۇلنىڭ توقۇلما ياقىلىق چاپىنىنىڭ ئىچىدىكى يۇڭ پوپايكىسىغا قادىۋالغان ئىتتىپاق ئىزنىكىنىڭمۇ بىر ئېگىزلەپ - بىر پەسلەۋاتقانلىقى ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ۋاھالەنكى، ئىككى يۈرەكنىڭ سوقۇشى بىر- بىرىگە ئاياندى. دېمەككى، ھەر ئىككى ياشنىڭ يۈرىكى قەپەسگە توختاۋسىز ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان قۇشتەك تەۋرىنىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئىككى پاك يۈرەكنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن قىلغان چۇقانى ئىدى. قىزنىڭ قەلبى يىگىتكە، يىگىتنىڭ قەلبى قىزغا تەلپۈنەتتى ؛ قىزنىڭ يىگىتنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىگە بولغان تەلپۈنىشى بىلەن يىگىتنىڭ قىزنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىگە بولغان تەلپۈنىشى ئىككى ياشنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا بولغان ئوتلۇق تەلپۈنىشىگە تەققاس ئىدى. دەرۋەقە، ھەر ئىككى يۈرەكتىكى مۇھەببەت چۇقانلىرىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سۈزۈك ئاسماندىكى تولۇن ئايدەك پاقىراپ، نۇرلۇنۇپ كەتكەنىدى. مانا مۇشۇ قارلىق يوللاردا بۇرۇن ئاشۇ ئىككى ياشقا ئوخشاش نۇرغۇن ئاشىق - مەشۇقلار بىر- بىرىگە ياندىشىپ، سىرداش بولۇپ ماڭغان؛ نۇرغۇن ئىتتىپاق ئىزنەكلىرى چوغدەك قىزىرىپ ياندى. ھازىر بولسا، ياش خانىم يولدىشى بىلەن بولغان پاك مۇھەببىتىنىڭ مېۋىسى بولغان ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىرگە كېتىۋاتىدۇ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ دانە يوليورۇقلىرىدىن بىزار بولۇپ، ئەركىنلىككە

قاراپ قىچىۋاتىدۇ. ئاشۇ چوغدەك قىزارغان ئىتتىپاق ئىزنەكلىرىدىن، لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراقتىن، تىنىم تاپماي ئۆتكۈزىلىدىغان سىياسىي يىغىنلاردىن، ئۈزۈلدۈرمەي ئۆگىنىدىغان پارتىيە تەلىماتلىرىدىن نەپرەتلىنىۋاتىدۇ.

ئەينى چاغلىرىدا ئىككى ياش ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ماڭغان يوللارھازىر ئاپتوموبىل ماڭىدىغان يولغا قېتىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇرۇنقى جىمجىتلىقنى، تېرەكزارلىقنى، جەلپكارلىقنى ئاللا بۇرۇن يوقاتقان، ئۇلارنىڭ ئورنىنى شاۋقۇن - سۈرەن، ئاپتوموبىل سىگناللىرىنىڭ چىقىراشلىرى، موتورلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى ئىگىلىگەن ئىدى. تۆت قۇر قىلىپ قاتار - قاتار تىكىلگەن ھەشتەرخان تېرەكلەر پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىنىپ، ئورنى كېڭەلتىلگەن چوڭ ئاسفالت يولغا قۇشۇۋېتىلگەن بولغاچقا، پىيادە ماڭىدىغانلار پەقەت تېبىبىي مەكتەپنىڭ تېمىنى ياقىلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەنە ئاشۇ جىمجىت ئايدىڭ كېچىدە، ئىككى ياش يانمۇ - يان ئۈن چىقارماي مېڭىپ، بىر- بىرىدىن ئايرىلىدىغان دوخمۇشقا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەيلا قالغان ئىدى. قىز غەرب تەرەپكە، يىگىت شەرق تەرەپكە قايرىلىپ ماڭاتتى. ئۇلار بىر چوڭ يولنىڭ قارمۇ- قارشى ئىككى ئۇچىغا قاراپ، بىر- بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، بىر- بىرىگە تىكىلىپ قارىشىپ تۇرۇپ قالغانىدى ۋە لېكىن ئايرىلماي ئامال يوق ئىدى ؛ ئايرىلىش ئالدىدا، قىز قىزىل يۇڭ يىپتىن توقۇلغان پەلىيىنى قولىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئوغۇلغا تەڭلىگەن ئىدى، پەلەي يول چىرىغى بىلەن كۆكتىكى تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا قىپقىزىل تاۋلىنىپ كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. ئەنە شۇ چاغدا قىز تەڭلەپ تۇرغان پەلەينىڭ، ئېلمەك ئېلمەك ئېلىپ قىزىل يۇڭ يىپتىن توقۇلغان ھەربىر يوللىرى بىلەن ھەربىر كىرمەك ئۇرۇلغان تۆگۈنچەكلىرى يىگىتنىڭ كۆزئالدىدا شۇنچىلىك يالتىراپ كەتكەن ئىدى. يىگىت ناھايىتى ھاياجانلانغان بولۇپ، ھەتتا ئۆز ئۆمرىدە بۇنداق ھاياجانلىنىپ باقمىغان ئىدى. شۇ قېتىمقى ھاياجان شۇنداق بىر ھاياجان ئىدىكى، ھەتتا تويى كېچىسىمۇ ئەنە شۇ ئايدىڭ كېچىدە قىزسۇنۇپ تۇرغان قىزىل پەلەينى ئالغان چاغدىكىدەك ھاياجانلىنىپ باقمىغان. يىگىت قىزغا رەخمەت ئېيتىپ، قىزىل پەلەينى قولىغا كىيىپ، قىزنىڭ ئىسسىق قولىدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىلغان ئۇ ئون بارماققا ئۇ ئون بارمىقىنى كىرگۈزىش بىلەن تەڭ، گويا قىزنىڭ ئوتلۇق مۇھەببەتكە تولغان ئىسسىق يۈرىكىنى سىقىمداپ تۇتقاندەك، مۇزلاپ كۆيۈشۈپ كەتكەن ئۇ ئون بارمىغى لەھزە ئىچىدە ھەرىكەتلىنىپ، تومۇر- تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقىنى قان ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك ئېلېكترئېقىمىدەك يۈتۈن ئەزالىرى قىزىپ كەتكەن ئىدى. قىزمۇ گويا قولىدىن قىزىل پەلىيىنى ئەمەس، بەلكى ئوتلۇق مۇھەببەتكە تولغان يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغاندەك، يىگىتنىڭ قولىدىكى چوغدەك يېنىپ تۇرغان قىزىل پەلەيدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. دەرۋەقە، يىگىتنىڭ بەدىنىدە پەيدا بولغان ئېلېكتىر ئېقىمى مۇھەببەتتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئۆتكۈزگۈچنىڭ ۋاستىسى بىلەن قىزنىڭ بەدىنىگە ئۆتكەنىدى. ھەقىقەتەن، پەلەينىڭ ئىچىدىكى ئىسسىق ھارارەت مۇزلاپ كۆيۈشۈپ كەتكەن يىگىتنىڭ قولىغا شۇنچىلىك خوشىياققانكى، مۇنداق ھۇزۇرلۇنۇش تۇيغۇسىنى

بىرىنچى قېتىم ھېس قىلىپ، شۇنچىلىك بەختلىك بولۇپ كەتكەن ۋە ئەنە شۇ ئىسسىق ھارارەت پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماۋالغانىدى. مانا بۇ بىرىنچى مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق كۈچى! كېچىدىكى دۆگىلەك ئاي، يالتىرىغاق قىزىل يۇڭ يىپ پەلەي، ئاپئاق تەبئەت، چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرى، ئاپئاق قاردىن يېپىنچا كىيگەن ھەشتەرخان تېرەكلەر ۋە مۇرىسىنى مۇرىسىگە يەڭگىل تەگكۈزۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ياش شۇ كېچىنى ئاجايىپ رومانتىك قىلىۋەتكەنىدى. ئىككى ياشقا نىسبەتەن دەل مۇشۇ يەر، دەل مۇشۇ كوچا، ئۇشبۇ تېببىي مەكتەپنىڭ ئالدىدىن تا بېدە بازىرىغىچە سوزۇلغان تۈز يول بولسا، دۇنيادىكى ئەڭ رومانتىك، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ تۈز يول ھېسابلىناتتى. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئۈچۈن بۇ يول جاھاندىكى ئەڭ قىسقا يولدەك تۇيۇلدى؛ بولۇپمۇ ئاشۇ كېچە قىز بىلەن ئوغۇلغا شۇنچىلىك قىسقا بىلىندى. بىراق بۇ قىسقا تۈز يولنىڭ خاسىيىتى بىلەن، ئاشۇ ئايدىڭ كېچىنىڭ ئەرتىسى، چوغدەك يېنىپ تۇرغان قىزىل پەلەي ئۆزىنىڭ سېھىرلىق كۈچىنى قىزغا كۆرسەتكەنىدى.

ئەينى چاغدا ياش خانىمنىڭ يولدىشى ھەقىقەتەن يىگىتلىكىنى قىلغانىدى، شۇ رومانتىك كېچىنىڭ تاڭ ئاتقان كۈنى قىزغا قىزىل يۇڭ يىپ پەلەينى قايتۇرۇپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا قىز پەلەينى قولىغا ئېلىپلا ئىچىدە بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى دەرھال ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، چۈشتە ئۆيىگە قايتقان چاغدا پەلەينىڭ ئىچىدىكى مۇھەببەت مەكتۇپىنى ئېچىپ ئوقۇغانىدى. قىز ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم بۇنداق سىرلىق مۇھەببەت مەكتۇپىنى

ئوقۇشى بولغاچقىمىكىنتاڭ، مەكتۇپنى ئوقۇۋېتىپ يۈرەكلىرى يايراپ كەتكەنىدى. مەكتۇپتىكى «سىزنى ياخشى كۆرۈمەن!» دېگەن بۇ مۇقەددەس جۈملىنى ئوقۇغىنىدا، يۈرەكلىرى قېپىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئوقچۇپ، تومۇرلىرىدىكى قانلار كۆۋەجەپ ئېقىشقا باشلىغانىدى. ھەتتا بۇ سۆز قىزنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ئۆگەنگەن دەرسلىك كىتابلىرىدىكى، ھەتتا ئۆزى قىزىقىپ ئوقۇغان رومانلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى سۆزلەرنىڭ بارلىق يىغىندىسىدىن ئېسىل بىر سۆزدەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ بىر قىز ئۈچۈن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتىدىن «سىزنى ياخشى كۆرۈمەن!» دېگەن سۆز يېزىلغان مەكتۇپنى ئوقۇشتىنمۇ قالتىس ئىش بولمىسا كېرەك. گويا مەزكۇر سۆز قەغەز يۈزىدە ئالتۇن بىلەن ھەل بەرگەندەك يالتىراپ تۇراتتى. دۇنيادا بىر قىزنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆزىنى خۇپىيانە ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن يىگىتىدىن ئەنە شۇنداق ئالتۇن ھەل بېرىپ يېزىلغان سۆزلەر بىلەن تولغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىدىنمۇ بەختلىك ئىش نەردە بولسۇن دەيسىز! بۇ سۆزنى قايتىلاپ ـ قايتىلاپ ئوقۇغىنىدا قىزنىڭ ياڭاقلىرى، قۇۋۇزلىرى قىزىرىپ، پۈتۈن ئەزايى ۋىل ـ ۋىل قىلىپ ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن سەل قورققاندەك، ئىزا تارتىۋاتقاندەك ھەتتا بىلىپ بىلمەي بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويىۋاتقاندەك سىرلىق تۇيغۇ قىزنى چىرماۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بىراق قىز قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۇ قورقۇنمىسراشقا، ئىزاغا، نامەلۇم گۇناھقا ئەسىر بولۇپ قېلىشىدىن دەرھال قۇتۇلغانىدى. يىگىت ئاخىرى يۈرىكىنى يېرىپ، ئىچىنى ئاشۇ مەكتۇپ

ئارقىلىق قىزغا ئېنىق قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. قىز شۇندىن مۇقەددەم، يىگىتنىڭ يۈرىكىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ بارلىقىغا مۇتلەق رەۋىشتە ئىشەنگەنىدى. يىگىت نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئايدىڭ كېچىدە قىز بەرگەن قىزىل يۇڭ يىپ پەلەيىنىڭ ئىچىگە ئوراپ، گويا قىزنىڭ سۈپسۈزۈك ئالقىنىغا بىر تال قىپقىزىل چوغنى تاشلاپ قويغەندەك تۇتقۇزۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچقاندەك تېز كېتىپ قالغانىدى. دەرۋەقە، ئاشۇ قىزىل يۇڭ يىپ پەلەيىنىڭ ئىچىدە قىزنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكىدەك يېنىپ تۇرغان بىر پارچە چوغ بار ئىدى. ئۇشبۇ چوغ ئاخىرى ئىككىلىسىنى كۆيدۈرۈپ، پىشۇرۇپ تاۋلىدى. ئەپسۇس ھازىر رەھىمسىز پەلەك ئۇلارنى ۋاقىتسىز ئايرىغان ئىدى. بىراق ئۇ يىگىتنىڭ يەنى جازا لاگېرىغا بىگۇناھ سولانغان تارىخ مۇئەللىمىنىڭ مۇھەببىتى بولسا، ياش خانىمنىڭ قەلبىمدە ئۆمۈرۋايەت ئەبەدىي ئۆچمەس گۈلخان بولۇپ يانىدۇ. ئەنە شۇ ئايدىڭ كېچە، قىز قىزىل يۇڭ يىپ پەلەيىنى يىگىتكە بېرىپ، ھاياجان ئىلكىدە ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئازراقلا غېزالىنىپ يېتىپ قالغانىدى. بىراق بىرىنچى مۇھەببەتنىڭ ھاياجانى تۈركىسىدە يارىم كېچىگىچە كۆزىگە ئۇيقا كەلمىگەنىدى. ئۆزىنى ئۇيقۇغا قانچە زورلىغانسېرى ئۇيقۇ  قىزدىن شۇنچە يىراقلاشقانىدى. تېببىي مەكتەپنىڭ ئالدىدىن يانمۇ- يان مېڭىپ ئۆتكەن چاغدىكى سۆكۈناتنى ئويلىغانىدى، سېھىرلىك جىمجىتلىقنىڭ ئىچىگە سالغان خوشاللىقىدىن، يۈزىگە يۇگۇرگەن تەبەسسۇمدىن ھوزۇرئالغانىدى. قار توختىغاندىن كېيىنكى ئاشۇ ئايدىڭ

كېچە، ساپ هاۋالىق سوغۇق ئاخشامدا، مۇشۇ يوللاردا ئاينىڭ كۈمۈشتەك سۈزۈك شولىسى چۈشۈپ تۇرغان ئاپئاق قارنى دەسسەپ، گويا يات ئادەملەردەك بىر- بىرىگە گەپ قىلماي جىمجىت ماڭغان بولسىمۇ، قىز ئۆزىنى يىگىتكە شۇنچىلىك يېقىن هېس قىلغانىدى. ۋاھالەنكى، قىزنىڭ ئەقلى يىگىتنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئالدىدا يالغانچى قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، نىھايەت، قىز ئىشق - مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچىگە تەسلىم بولۇپ، ئۆزىنى كۆڭلىنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرغانىدى. قىز دەل مۇشۇ چاغدا بۇھاياتتا ئەقىل يالغانچىلىق قىلغىلى بىلەن، كۆڭۈلنىڭ يالغانچىلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم تونۇپ يەتكەنىدى. ئەنە شۇ سۈزۈك ئايدىڭ كېچىدىكى قىسقىغىنە پىيادە سەپەر ئۇلارنىڭ بىر- بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قىلىشىغا ۋەسىلە بولغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ يوللار بولسا، ياش خانىمنىڭ مۇھەببەت يولى، هايات يولى، بەخت يولى، ياشلىقىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

## 19

تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا ياش خانىم ئوغلى بىلەن ئەنە شۇ يوللاردا سۈكۈنات ئىچىدە كېتىۋاتاتتى، بۇ يوللار ياش خانىم ئۈچۈن ئەركىنلىككە قاراپ قېچىۋاتقان يولنىڭ باشلىنىشى ئىدى. تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇشبۇ يوللار بۇرۇن ياش خانىم ئۈچۈن ئىشق - مۇھەببەت يولىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان بولسا، شۇ دەمدە ئەركىنلىككە قاراپ قاچقان يولنىڭ

مۇقەددىمىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. دۇنيادا ئەركىنلىكتىنمۇ بەتەر قۇتسال نەرسە بارمۇ ؟! ئەڭ توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ سۆزنى ياش خانىمنىڭ ئېرى لاگېردىن چىقارغان مەكتۇپنىڭ بېشىغا يازغان ئىدى. ياش خانىم ئوغلىنى ئېلىپ بۇ يول ئارقىلىق باشقا بىر دۇنياغا، ئەركىنلىك بار يەرگە، ئوغلىنىڭ ئىستىقبالى بار دۇنياغا، ئېرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، شىكايەتلىرىنى پۈتۈن جاھانغا ئاڭلىتىدىغان جايغا كېتىۋاتاتتى. ياش خانىم ئېرىنىڭ ئەنە شۇ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىدە شۇنچىلىك ئىرادە ۋە ئۈمىدنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. گەرچە قورادىن چىققان چاغدا ئۆزىدە سەل ئىككىلىنىش بولغان بولسىمۇ، يول ئۇزارغانسېرى، ئۆيىدىن يىراقلاشقانسېرى ۋۇجۇدىغا قانداقتۇر تەلۋە بىر كۈچنىڭ مۇجەسسەملىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئىچىدە «سەپىرىمىز قانچىلىك مۇشەققەتلىك ۋە قەدەملىرىمىز قانچىلىك ئاستا بولسىمۇ، ھامان كۆزلىگەن يەرگە يېتىپ بارىمىز. بۇ تەلۋە كۈچ چوقۇم ماڭا يار يۆلەك بولىدۇ. خۇددى مەن ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇغان پائۇل كوئېلھونىڭ ‹ئەلكىمياگەر› ناملىق رومانىدىكى ‹بىرەر نەرسىگە چىندىلىغىدىن ئىخلاس قىلساڭ، پۈتۈن ئالەم شۇ ئىستىكىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ.› دېگەن ھېكمەتكە تولغان جۈملىسىدە ئېيتىلغىنىدەك، پۈتۈن ئالەم ئوغلۇم ئىككىمىزگە يار- يۆلەك بولىدۇ!» ياش خانىم ئەنە شۇنداق خىياللار ئىچىدە ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ، ئانا مەكتىپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىدى. شۇئەسنادا ياش خانىمنىڭ نىگاھى مەكتەپنىڭ خارابىلىققا ئايلانغان ئىسكەتسىز ھالىتىگە چۈشكەن ئىدى. بۇرۇنقى

يېشىل سىردا سىرلانغان قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسى بىلەن ئىككى يېنىدىكى كىچىك ئىككى تۆمۈر ئىشىكى قومۇرۇپ ئېلىنىۋېتىلگەن بولۇپ، پەقەت دەرۋازا بىكىتىلگەن بېتون تۈۋرۈكلەر چوڭچىيىپ تۇراتتى. ئۇشبۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرىگە بېكىتىلگەن «غۇلجا شەھەرلىك 7- ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ يېزىلغان تاختاينىڭ بىر چېتىدىكى مىق چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، بىر چەتكە قىڭغايغان ھالەتتە ساڭگىلاپ تۇراتتى. يانلىرىدىكى تۆمۈر رىشاتكىلىرىنىڭ سىرلىرى چۈشۈپ، ھەممە يېرىنى دات بېسىپ، بەزى يەرلىرى چىرىپ بىر- بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن ھالەتتە ئىدى. مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى «ستالىن كوچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ كوچىدا، كېچىچە ئېتىلغان ئېتىلداق بىلەن ساليوتلارنىڭ قالدۇقلىرى تولۇپ ياتاتتى. مەكتەپ بىناسى پۈتۈنلەي چىقىۋېتىلگەن ئىدى. بۇرۇنقى سىنىپلارنىڭ جايىدا تۇرغان قار ئۆرتكەن ئازگاللار ۋە دۆۋە - دۆۋە كېسەك، دۆۋە - دۆۋە توپىلار گويا كىشىگە قەبرىستانلىقنىلا ئەسلىتەتتى. مەكتەپ قوراسىنىڭ سول تەرىپىدە بولسا، يېڭى قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئەكەلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن سېمۇنت لاي ئېتىش ماشىنىسى تۇراتتى، ئۇنىڭ نېرىسىغا يوغان بىر كىران ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. كىراننىڭ غايەت زور بىلەكلىرىدىن تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرغان زەنجىر خۇددى دار ياغىچىغا باغلانغان سىرتماقتەك قىشنىڭ سوغۇق شامالىدا پىلاڭلاۋاتاتتى. دەرۋەقە، بۇ گۈزەل مەكتەپنىڭ تۈيۈقسىزلا چىقىۋېتىلىشى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاپئاق سۆزۈك بويىنىغا سېلىنغان سىرتماقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مەكتەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، ئۆرۈۋېتىلگەن

ستالىننىڭ ھەيكىلى قارىنىڭ ئاستىدا ئۇزۇنىسىغا ياتاتتى. ياش خانىم پەقەت قار دۆۋىسىدىن چىقىپ قالغان ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپلا، ئۇنىڭ ستالىننىڭ ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن ئىدى. غۇلجا شەھەرىدىكى نۇقتۇلۇق ئوتتۇررا مەكتەپ ھېسابلىنىدىغان 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1949 ـ يىلى «ستالىن مەكتەپ» دېگەن نام بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، كېيىن خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندا مەكتەپنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ غۇلجا شەھەردىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كۆزى ھېسابلىنىدىغان نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىدى. بۇرۇن ستالىن كوچىسىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەم مەكتەپنىڭ يېشىل سىردا سىرلانغان رېشاتكىلىرىغا ۋە يانلىرىدىكى ئېگىز بوي تارتقان بۈك ـ باراقسان سېرىن گۈللەرگە ۋە دەرۋازىدىن كىرگەندىلا ئىككى تەرەپتىكى ئىككى ئادەمنىڭ غۇلىچى ئاران يېتىدىغان شۇنچىلىك يوغان سىدە دەرىخى بىلەن شەرق تەرەپكە قاراپ تۈرىدىغان ئۇستى قاڭالتىرلىق بىناغا نەزەر تاشلىماي قالمايتتى. بولۇپمۇ باھار مەزگىلىدە مەكتەپ قوراسى تەرەپتىن كەلگەن مەسخۇش پۇراقلار ستالىن كوچىسىنى قاپلاپ كېتەتتى. مانا بۇ ئاجايىپ شېرىن پۇراقلار بولسا، يېشىل سىرلانغان رېشاتكىنى بويلاپ ئېچىلىپ كەتكەن قاتار ـ قاتار شېرىن گۈللەرنىڭ پۇرىقى ئىدى. رېشاتكىدىن سىرتقا بوي تارتىپ چىقىپ قالغان شاخلاردا ساپاق ـ ساپاق ساڭگىلاپ تۇرغان مۇئەتتەر گۈللەر بولسا، مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئۇستىدە زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ، ھەرقانداق يولۇچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تاڭ قالدۇراتتى. ئەنە شۇ

ئەختەر كەبى ساگگىلاپ تۇرغان شېرىن گۈللەرنىڭ ھەربىر ساپىقىنىڭ غوللىرى مەزمۇت، گۈللىرىنىڭ رەڭگى زەڭگەر ۋە ئالما يوپۇرماقلىرى چوگلىقىدىكى قويۇق يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگى توق يېشىل ئىدى. ھەربىر ساپاق شېرىن گۈلدىن چېچىلغان مۇئەتتەر ھەريانىنى قاپلاپ كېتەتتى. باراگلاردا ساپاق - ساپاق ساگگىلاپ تۇرىدىغان چوقۇلاپلا ئاغزىغا سالغۇسى كېلىدىغان ئاتباغرى ئۈژۈملىرىدەك ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرغان شېرىن گۈللەرنىڭ چىمەن گۈلشەنلىرى ئارىسىدا قىز- ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار تاڭ شەھەردە بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىغا جۆر بولۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ شېئىر يادلايتتى، ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلايتتى. ئەنە شۇ شېرىن گۈللەر كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدىكى شېرىن گۈللەردىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئىدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ئىككى چەتتە قەت كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى تۈپ يوغان سىدە دەرىخىنىڭ ھەيۋىسى باشقىچە ئىدى. ئۇلارنىڭ كىشىگە ئارام - بەخش ئېتىپ تۇرىدىغان سالقىن سايىسى مەكتەپ بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چاققانغىنە مەيدانىنى بۇ جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ راھات جەننەت ماكانغان ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇشبۇ ئىككى تۈپ يوغان سىدە دەرىخىنىڭ باغرى، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان مۇھىم جاي ھېسابلىناتتى. مەزكۇر ئىككى تۈپ سىدە دەرىخى ھەر يىلى بىر تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خوشاللىقلىرىغا ئورتاق بولۇپ، تەڭگىدەك ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ چاۋاك چالسا، يەنە بىر

تەرەپتىن ئالىي مەكتەپكە تاللاش چېكىگە نومۇرى توشمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى ياپپېشىل ياپراقلىرى بىلەن مېھرىلىك سۈرتەتتى. ھازىر ئەنە شۇ ئىككى تۈپ چىرايلىق يوغان سىدە دەرىخىنىڭ ئورنىدا تۇرغان ئىككى چوڭقۇر ئازگال گويا ھېلىلا قىزىلغان گۆردەك سىرلىق تۈس ئالغان ھالەتتە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەينى چاغلاردا مەكتەپ قوراسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۆستەڭ، زىمىستان قىشتىمۇ مۇز تۇتماي شەرقتىن غەربكە قاراپ توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. ياز مەزگىللىرىدە پاكىز سۈپۈرۈلگەن مەكتەپ قوراسىغا ۋە تەنتەربىيە مەيدانلىرىغا ئەنە شۇ ئۆستەڭنىڭ زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلىرى سېپىلەتتى. ھازىر ئاشۇ ئۆستەڭ پۈتۈنلەي تىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇستىگە ئاپئاق قاردىن كېپەنلىك يېپىلغان ئىدى. مەكتەپتە ئەڭ مۇھىمى ئانا تىلدا دەرس ئۆتىلەتتى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئانا تىلدا سۆزلىشەتتى. ھازىرچۇ؟ ھەممە نەرسە بىراقلا يوقالدى، نە شېرىن گۈل، نە سىدە دەرىخى قالمىدى، نە مەكتەپ، نە ئانا تىل قالمىدى!...

ياش خانىم مەكتەپنىڭ خارابىسىغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇراتتى، ئوغلى بولسا، ئىشتىكرەك بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ قولىدىن سۆرەۋاتاتتى. ياش خانىمنىڭ ئەقلىدىن كەچكەن خىياللار ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى. بۇندىن كېيىن يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ياش خانىم ئىچىدە «ئېھ، سىدە دەرەخلەر! ئېھ، شېرىن گۈللەر! ئېھ، ئانا مەكتەپ! ئېھ، ياشلىقىمنىڭ ئالتۇن دەۋرى، نەلەردە قالدىڭ ؟!» دەپ نىدا قىلدى ۋە ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ

يولنى داۋام قىلدى. ياش خانىم ئانا مەكتىپكە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئەستايىدىل قاراۋالغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قاراشقا پېتىنالمىدى. كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ھەرقانداق ئادەمدە بىزارلىق تۇيغۇسىنى قوزغاتماي قالمايتتى. مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئادەم مەكتەپنىڭ ھازىرقى تۇرقىغا ئۇزاقراق قاراپ تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى ۋە بۇرۇنقى گۈزەل كۆرۈنۈشىنى ئېختىيارسىز كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئازاپلىناتتى، ئىزتىراپ چېكەتتى، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىچىدە نەپرەت، ئىسيان ۋە چوقان كۆتۈرۈلمەي قالمايتتى.

## 20

ياش خانىم ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ يولنى داۋام قىلدى، ئۇ ئەنە شۇ بۇرۇنقى مەكتەپنىڭ گۈزەل مەنزىللىرىنى ۋە ئۆزى ئوقۇغان بەختلىك چاغلاردىكى تۇيغۇلىرىنى بەكگۇ ساقلاپ قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئانا مەكتىپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ھەسرەتلىك تۇيغۇلىرى گويا خاتا يېزىلىپ قالغان جۈملىلەرنى ئۆچۈرۈۋەتكەن ئۆچۈرگۈچتەك ھەممىسىنى بىردىنلا ئۆچۈرۈۋېتىپ باراتتى. ياش خانىم ئۆزىنى بىئارام قىلىۋاتقان ھەسرەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆچۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان گۈزەل ئەسلىمىلەرنىڭ زېھنىدىكى ئورنىغا ئۆزى ئەڭ مۇھىم دەپ بىلگەن بۆگۈنكى سەپەرنى قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئويلارنى قويۇشنى

ئويلىدى. دەرۋەقە، ياش خانىم ھەقلىق ئىدى، مەزكۇر شەھەردە يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر بەك كۆپ، ھەم بەك تېز بولۇۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېگەن بۇ سۆزگە چېتىشلىق بولغان ھەممە نەرسە ئۆزگىرىۋاتاتتى. ھەتتا كومپارتىيە ئۇيغۇرلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئىوي - پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا كەلگۈلۈك ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتاتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كاللىڭىزدا نۇرغۇن چىگىش سوئاللار پەيدا بولسىمۇ، بىراق بۇنداق سوئاللارنىڭ جاۋابى يوق ئىدى. مۇبادا سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئازراقلا ئىزدەنمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزدە بىزارلىق ۋە قورقۇنچلۇق تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان لاگېردا ئۆزىڭىزنى كۆرەتتىڭىز. شۇ ۋەجىدىن خاتىرجەم ياشاي دېسىڭىز كاللىڭىزدا ھېچقاندا سوئالنىڭ تۇغۇلۇشىغا يول قويماسلىقىڭىز لازىم. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھايات قىلىش شۇنچىلىك مۇشەققەتلىك، كومپارتىيەنىڭ يۈرگۈزىۋاتقان سىياسىتىنى چۈشىنىش شۇنچىلىك قېيىن. پارتىيە دېمەك ھەممە نەرسە دېمەك، ئۇنىڭ يولىيورۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. پارتىيەنىڭ تەلىماتى تەگرىنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن كۈچلۈك ۋە ئۈلۈغ. پارتىيەگە قارشى چىققان ئىلاھقا قارشى چىققاندىنمۇ بەتەر گۇناھ، ئىلاھقا قارشى چىققانىنىڭ جازاسى ئۇ دۇنياغا قالغان بولسا، پارتىيەگە قارشى چىققانىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا تارتىدۇ ھەمدە دەرھال ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جازا شۇنداق بىر قاتتىق جازاكى، ھەم جان دەھدىتىگە ئۇچرايدۇ، ھەم مال - مۈلۈك. ئىلگىرى خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ياكى كەلگەن بولسىمۇ مېڭىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا

بىر قارا چېكىتتەك خىرەلىشىپ كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئەمدى بىردىنلا رېئاللىقتا كۆنىدە دېگۈدەك يۈز بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى جىددىي ئەندىشىگە سېلىۋاتقان ئىدى. ئەلۋەتتە ئەقلى ۋە جاسارىتى بارلار، تەۋەككۇل قىلىپ مۇشۇ ئانا ۋە بالىدەك ئەركىنلىككە قاراپ قېچىشنىڭ يولىنى تېپىشى كېرەك.

«قورققان ئادەم تام ياقىلاپ ماڭىدۇ» دېگەنىدەك ئوغلىنى يېتەكلىگەن ياش خانىم ئانا مەكتېپنىڭ رېشاتكىلىق پاسىل تېمىنىڭ خارابىسىنى ياقىلاپ 100 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن ستالىن كوچىسىنىڭ ئاچىلىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ياش خانىم ئىككى يولنىڭ قايسىسى بىلەن مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغان جايدا بىر لەھزە تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى. دەل مۇشۇ چاغدا ياش خانىمنىڭ نەزىرى ئۇدۇلىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غۇلجا شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىناسىغا ئاغدۇرۇلدى. مەزكۇر مەكتەپ غۇلجا شەھەرىدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىدى. تارىختا ئۇشبۇ مەكتەپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاجايىپ شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان ئىلىم يۇرتى بولغان. يەنى 1935 - يىلى يىگىرمە بەش مىڭ كۇۋادرات مېتىر زېمىنغا ئىلى خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، مىللەتنى سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن ھاكىمبەگ غوجا، ھۈسەيىن باي، تۇداخۇن باي، سېيتۋالدى باي ۋە سابىر ھاجىيوفلار، قازاقلاردىن ئوبۇل خەيرى تۆرە، جابىقباي، ئۆزبېكلەردىن نارغوجاباي، تاشمۇھەممەت باي، تۆلگەن باي قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلى رايونى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، سەۋىيىسى يۇقىرى زامانىۋى

مەكتەپ قۇرۇش ئىشى باشلىنىپ، 1936 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇن ئالتە سىنىپلىق، لابىراتورىيە، قىرائەتخانا، ئىشخانىلار ۋە مەخسۇس ئىككى قەۋەتلىك ياتاق، ئاشخانا ۋە ئارقا سەپ بىنالىرى بولغان كەڭ ۋە ئازادە، يورۇق بىر مەكتەپ ياساپ چىققان ئىدى. ئۇشبۇ مەكتەپنى «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» دەپ ئاتىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق ھەممە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان زامانىۋى گىمنازىيە پەقەت ئىلى رايونىدىكى بىردىنبىر گىمنازىيە بولۇپ قالماي بەلكى يەنە پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدىكى بىردىنبىر گىمنازىيە بولۇپ ھېسابلىناتتى. 1948 ـ يىلى ئەسلىدىكى «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» تەرەققىي قىلىپ ئىككى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى، بىر ئاگرانوم سىنىپى، بىر چارۋىچىلىق سىنىپى، ئىككى ئوغۇللار تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى، بىر قىزلار سىنىپى، بىر بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى بار بولغان «بىلىم يۇرتى» دېگەن نام بىلەن ئالىي تېخنىكوم دەرىجىلىك مەرىپەت ئوچىقىغا ئايلانغانىدى. مەزكۇر«بىلىم يۇرتى» بولسا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە مەكتەپنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىرىغا قەدەر بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىش نەتىجىسىدە، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى تەرەققىياتلىرىغا ئاجايىپ كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. يەنە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش ھاجەتكى، غۇلجىدا مۇستەقىللىق كۈرىشى باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» نىڭ قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەربىي

سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئەسكەرلىككە بەس - بەس بىلەن تىزىملاتقۇزغان ۋە دەرھال ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىشقانىدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن بىلىملىك گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرى بولسا ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ھەر قايسى جەڭ مەيدانلىرىغا ئەۋەتكەن بولسا، يەنە بىر قىسىملىرىنى قوماندانلىق شتابقا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىگە، ساقچى ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلغان ئىدى. يەنە بىر قىسىملىرىنى ناھىيە، شەھەرلىك ئىدارە - جەمئىيەت خەلق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا يوللىغان. بولۇپمۇ گىمنازىيەدە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان بىر قىسىم يازغۇچى - شائىرلار ۋە رەسساملارنى گېزىتخانىغا، تەشۋىقات ئورۇنلىرىغا ۋە جەڭ مەيدانلىرىدا مۇخبىرلىق قىلىشقا يوللىغان ئىدى. ئەينى چاغدا قوماندانلىق شتابى ئالدىدىكى چوڭ يولنىڭ ئېگىز تېمىغا گىمنازىيە 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئابلەي روزى سىزغان، ئەر- ئايال دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئارا - گۈرجەك، نەيزە تۇتۇپ «ئالغا» دەپ ۋاقىرغان ھالدا، پىلىموت، مىلتىق ئېتىپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە دەھشەتلىك ئېتىلىپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن چوڭ رەسىم چاپلاپ قويۇلغان ئىدى. ئەنە شۇ تامدىكى رەسىم مۇستەققىللىق كۈرىشىگە ئاتلانغان ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئۇيغۇتۇش بىلەن بىرگە مۇستەققىللىق كۈرىشىگە بولغان ئىشەنچ ۋە جاسارىتىنى ئاشۇرغان ئىدى. شۇ چاغلاردىكى قانلىق كۈرەش

ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆنلەردە «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» نىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بىر جەھەتتىن ئادەتتىكى مەرىپەتچىلەر ئەمەس بەلكى ئۆتكۈر سىياسىيون، كۈچلۈك تەشكىلاتچىلار سۈپىتىدە تونۇلغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن جەڭ مەيدانلىرىدا قورال تۇتۇپ قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان باھادىر قىز- ئوغۇل جەڭچىلەر سۈپىتىدە تونۇلغان ئىدى. ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان مىللىي ئارمىيەنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى قاتاردا ئاپتوماتنى تۇتۇپ كۆكرىكىنى كېرىپ كېتىۋاتقان كوماندىر ۋە جەڭچىلەر يەنىلا ماشۇ گىمنازىيىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى لىياڭشاڭ، ھەرەمباغ ۋە ئايدوروم جەڭ مەيدانلىرىغا قاراپ ماڭسا، بەزىلىرى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پارتىزانلار بىلەن بىرگە ئۇرۇمچى ئىلى تاشيولى تەرەپكە ئاتلانغان ئىدى ؛ يەنە بەزىلىرى ساقچى قىسىملارغا رەھبەرلىك قىلىپ ئەڭ ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولسا، گىمنازىيىنىڭ قىزلار سىنىپىدىكى قىزلار ھەمشىرە پاپكىلىرى ئېسىپ، جەڭ مەيدانلىرىدا يارىدار جەڭچىلەرنىڭ يارىلىرىنى تاڭغان ۋە نۆۋىتى كەلگەندە قولىغا قورال ئېلىپ، دۈشمەن ئىستىكاملىرىغا ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. ۋاھالەنكى، 1966 - 1976 - يىلغىچە داۋام قىلغان ئاتالمىش «پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىنقىلابىي» دەۋردە «بىلىم يۇرتى» ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، كېيىن قايتا رېمونت قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇرۇنقى نامىنى ئۆزگەرتىپ، مەخسۇس خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان «غۇلجا شەھەرلىك 8- ئوتتۇرا مەكتەپ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلغان ئىدى. نۆۋەتتە ئۇشبۇ مەكتەپتە پەقەت خىتاي ئوقۇغۇچىلار

ئوقۇيدىغانلىقى ئۈچۈنلا، ھازىرقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋە تارىخىغا ئائىت بارلىق نەرسىلەر تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە تەقدىرى 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭكىدەك بولۇپ قىلىشتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزگىچە ساقلىنىپ قالغان ئىدى. تارىختىكى «بىلىم يۇرتى» ھازىر قانداق نام بىلەن ئاتالسۇن ۋە ياكى كىملەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن قەتئىي نەزەر، مەكتەپنىڭ ئۆزى مۇشۇ شەھەرنىڭ كۆزىدە مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قىلىۋاتاتتى. مەزكۇر مەكتەپ مۇشۇ شەھەردە، مۇشۇ يەر شارىنىڭ ئۈستىدىلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ شانلىق تارىخي يەنىلا غۇلجا خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆز ئورنىنى يوقاتمايدۇ. دەرۋەقە، بۇرۇنقى «بىلىم يۇرتى» غا نىگاھىنى ئاغدۇرغان ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ كۆز ئالدىدا، ئەينى زاماندىكى مۇستەققىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە ئاشۇ دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن شېھىت بولغان قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى نامايەن بولماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مەكتەپكە قارىغان ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك داھىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇستەققىللىق ئوردىنىنى قادام، مەغرۇر تۇرغان سىماسىنى ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ. دىمىسىمۇ قىشنىڭ سوغۇق قاق سەھەرىدە ئوغلى بىلەن قاتناشقا كېتىۋاتقان ياش خانىم دەل مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئەنە شۇنداق مەنزىرىلەرنى، ئەنە شۇنداق ئوي ـ خىياللارنى كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدەك ئۆتكۈزدى ۋە دەرھال ئاچا يولنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يولغا قاراپ ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى يۈرۈپ كەتتى. ئانا ۋە بالا كۆزنىڭ بورانلىرىدا

شېخىدىن ئۈزۈلۈپ ئۈچۈپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر تامنىڭ بۇلۇڭىغا كېلىپ توختىغان يوپۇرماقتەك، ئۆيدىن چىقىپ تا مۇشۇ يەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇن بىر مۇساپىنى باستى ۋە يەنە ئۇدۇلىغا قاراپ 300 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، شىمال تەرەپتىكى يولغا چۈشۈپ ئازراق يول ئېلىپ، ناھىيەلەرگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلار بار قاتناشنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغان ئىدى.

## 21

قاتناشقا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ياش خانىم نۇرغۇن ئىشلارنى خىيال قىلدى، تارىختا ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە شەخسلارنى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن ئۆتكۈزدى، قايتا ئويلىدى ۋە ئۇلاردىن يەكۈن چىقىرىشقا تىرىشتى. ياش خانىمنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى بەك كۈچلۈك ئىدى، تا قاتناشقا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئەسىردىن ھالقىغان بىر زۇلۇمنىڭ، ئەسىردىن ھالقىغان بىر ھەسرەتنىڭ ئورىبىتىسىنى بويلاپ خىيال قىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. دېمەك دۇنيادىكى ئەڭ تېز نەرسە ئادەم تەسەۋۋۇرىنىڭ تېزلىكى ئىكەنلىكى مۇتلەق. بولۇپمۇ تەسەۋۋۇر بىر مىللەتنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن زۇلۇم توغرىسىدا ۋە ھەسرەت توغرىسىدا بولسا، ئۇنىڭ تېزلىكىنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى بولۇشى مۇھەققەق. ياش خانىم مەيلى قانداق ئىشلارنى ئويلىغان بولسا بولسۇن، ھەممىدىن مۇھىمى ئۇلار قاتناشنىڭ ئالدىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ كېلەلىگەن ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇلار قاتناشقا كەلگۈچە ھېچقانداق ئەنسىرگۈدەك بىر

ئىش يۈز بەرمىدى. كوچىدا چارلاش ساقچىلىرىمۇ ئۇچرىمىدى، بەلكى ئۇچرىغان بولسىمۇ بۇ ئىككى يولۇچىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكىدەك چاغانىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىكى قاق سەھەردە چارلاشقا چىققان دۇجۇرنى ساقچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ساقچىلاردىن تەشكىل تاپقان بولغاچقا، ئۇشبۇ ئانا ۋە بالىنىڭ سومكا كۆتۈرۈپ ئالدىراش كېتىۋاتقان تۇرقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ناھىيەلەرگە ماڭغان يولۇچىلار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئېرەڭشىمىگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن ئىدى. نېمىلا دېمىگەنبىلەن ئۇلار ئېھتىيات بىلەن يول مېڭىپ، قاتناشقا كېلىۋالغانلىقىنىڭ ئۆزى، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىككە قاراپ قېچىش يولىدىكى قولغا كەلتۈرگەن بىرىنچى غەلىبىسى ئىدى. بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەشكە ھەقىقەتەن ئەرزىيتى، قالغان يولنىڭمۇ چوقۇم مۇشۇنداق ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا ياش خانىم پۈتۈن قەلبى بىلەن ئىشىنەتتى. ھەقىقەتەن، ئۆزۈ ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان ئارگىنتىنالىق داڭلىق يازغۇچى پائۇل كوئېلھونىڭ «ئەلكىمياگەر» ناملىق كىتابىدىكى «بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە بىر ھەقىقەت مەۋجۇت، سەن كىم بولۇشۇڭدىن، شۇنداقلا نېمە بىلەن شۇغۇللىنىشىڭدىن قەتئىي نەزەر بىرەر نەرسىنى چىن دىلىڭدىن ئىستىسەڭ، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئېرىشىسەن. چۈنكى، بۇنداق ئارزۇ- ئىستەك ئالەمنىڭ روھىدا دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ، سەن بۇ دۇنياغا گويا شۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغانسەن» دېگەن ھېكمەتكە باي جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئوغلىنى يېتەكلەپ چىققان سەپەرگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ئىدى. يولنىڭ ئاخىرىدا چوقۇم ئۆزلىرىنى گۈزەل بىر ئەركىنلىك

پەرىشتىلىرىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقى كۆڭلىگە روشەن رەۋىشتە ئايان بولغان، ھەمدە بۇ ئىستەك سۆيۈملۈك يولدىشىنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسى ئىدى. دەرۋەقە، ئەنە شۇ نىشان قىلىپ ماڭغان ئەركىنلىك، يازغۇچى دوستويېۋىسكىينىڭ سۆزلۈ بويىچە ئېيتقاندا «ناندىن تاتلىق، قۇياشتىن گۈزەل» ئىدى. نۆۋەتتە ئەركىنلىك ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن بىباھا ! دېمىسىمۇ ئادەم پەقەت ئەركىن بولغاندىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ ۋە ئۆز ئۆزىنى تونۇپ يېتىدۇ ئەمەسمۇ!؟

ياش خانىم قاتناشىنىڭ ئەتراپىغا بىر لەھزە كۆز ئاتتى. قاتناشىنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە يايمىچىلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مېۋە - چېۋە، بەزىلىرى شىمشىكە - پۇچاق، بەزىلىرى تاڭگا - پەشمەت، يەنە بەزىلىرى ئەتكەن چاي ۋە پىلتە قۇيماق سېتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس توختايدىغان مەيداننىڭ ئالدى ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خىتاي دۇكاندارلارغا ئائىت بولغان قاتار- قاتار دۇكانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاقاق ئىدى، پەقەت سەل نېرىراقتىكى قاتناش ئىدارىسىنىڭ مۇلازىمەت ئىشخانىلىرى بار كىچىك زالنىڭ ئىشىكى يوغان ئېچىقلىق تۇراتتى، ئىشىكنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان كۈزىتىش كامىراسى، كۆزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان بىر كۆزلۈك مەخلۇقتەك ئەتراپتىكى يولۇچىلارنى كۈزىتىپ تۇرىۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدىن ئۈچ قەدەمچە يىراقتا تۆكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر قىرى ئىت قاياققا مېڭىشنى بىلمەي ئىزىقىپ قالغان ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ياش خانىم تۇنۇگۈن مانا مۇشۇ كامىرانىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، كىچىك زالغا كىرگەن ۋە يولۇچىلارغا بېلەت سېتىش

كۆزلىكىدىن ئىككى كىشىلىك بىلەت سېتىۋالغان ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا ياش خانىم هازىرقىدەك ئۇنچىلىك ئەنسىزچىلىككە ئەسىر بولۇپ كەتمىگەن ئىدى، بىراق هازىر ئۆزىنى شۇنچىلىك بىئارام هېس قىلىۋاتاتتى، ئاشۇ كۈزىتىش كامىراسى ئۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىپ باراتتى. بىراق، بالىنىڭ كەيپىياتى چاغ ئىدى، ئۇ ئاخىرى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن بىر يولۇچىلىققا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئانىسىنىڭ قولىنى تارتىپ، ئاپتوبۇس توختايدىغان مەيداننىڭ يوغان ئىچقىلىق دەرۋازىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپتوبۇسلار بار تەرەپكە چاققانراق بېرىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ياش خانىمۇ بالىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى دەرھال پەملەپ، ئۇنىڭغا مېهرىلىك قارىدى. بالىنىڭ سۈزۈك چىققان بالاقوشۇقتەك ئاق ئىككى مەڭزى تازا قىزىرىپ پىشقان توقاچتەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلاقتەك تىنىق قارا كۆزلىرىگە تاشلىنىپ تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى قىرۇۋ باغلىغان ئىدى. ياش خانىم يېنىدا جىم تۇرماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوغلىنىڭ، جۇشقۇن روھى ھالىتىگە قاراپ ئىچىنى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى قاپلىدى ۋە ئوغلىغا تېخىمۇ ئامراقلىقى كېلىپ، قولىدىكى سومكىسىنى يەرگە قويدى ۋە قولىدىكى پەلىيىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، ئىسسىق قولى بىلەن ئوغلىنىڭ كۆزلىرىنى سۈرتتى ۋە ئىككى مەڭزىنى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، گويا قۇشنىڭ تۇكىسىز باشكىسىنى تۇتقاندەك تۇتۇپ، مېهرىبانلىق بىلەن سىيلىدى. بالىنىڭ قوۋۇزلىرى ھەقىقەتەن مۇزلاپ كەتكەن ئىدى. بالا ئانىسىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن تېخىمۇ بەختلىك بولۇپ، ئانىسىغا قاراپ

شۇنچىلىك تاتلىق كۈلدى، بۇ كۈلكە جەننەتتىكى پەرىلەرنىڭ يۈزىدىكى تەبەسسۇمدىنمۇ بەتەر يېقىملىق ئىدى، بالا شۇ دەمدە نۇرلۇق كۆزلىرىدىكى تەبەسسۇمنى ئانىسىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان يۈزىگە سېپىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ياش خانىمنىڭ كۆزى بولسا، شۇ ئەسنادا يېنىدىلا پىلتە قۇيماق پىشۇرۇۋاتقان تۇڭگان ئۇستىنىڭ گاز ئوچاققا ئېسىۋالغان قازىنىدىكى پاراقلاپ قايناۋاتقان سۇمايغا چۈشتى، ماينىڭ ئۈستىدە بۇژغۇن چىقىرىپ پىشىۋاتقان پىلتە قويماقلار ئاستا - ئاستا قىزىرىۋاتاتتى، قازاندىن كۆتۈرۈلگەن ماينىڭ ئاچچىق بۇسى ئەتراپنى بىر ئالغان ئىدى، ئوچاقتىن سەل نېرىراققا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۈستىبېشىنى نېپىز بىر قەۋەت قىروۋ قاپلىغان ئىككى خىتاي پۇقراسى قولىدىكى پىلتە قۇيماقنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. ئاغزىلىرى كىچىك، كۆزلىرى يۇمۇق بۇ ئىككى ئەرنىڭ قىزىرىپ كەتكەن لەۋلىرى پىلتە قۇيماقنىڭ مېيىدا پاقىراپ كەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بۇ ھالىتى بەجايىكى ئۇنساندۇقىدىن يېڭىلا چىققان چاشقانلارغىلا ئوخشايتتى. ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە بېشىغا ئاق دوپپا كىيىۋالغان بىر تۇڭگان يىگىت خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىۋاتاتتى. مەزكۇر يىگىت بولسا، ئۆزىگە ئوخشاش بېشىغا ئاق دوپپا كىيگەن، چىراي - شەكلىمۇ ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قۇيماقچى ئۇستىنىڭ ئوغلى بولۇشى ئېھتىماللىقتىن مۇتلەق يىراق ئەمەس ئىدى. تۇڭگان يىگىت قولىدىكى چۆگۈندىن خىتاي خېرىدارنىڭ ئالدىدىكى پىيالىغا چاي قۇيۇشقا باشلىدى، چۆگۈننىڭ ئىنچىكە جۈمىكىدىن سورۇلۇپ

چۈشىۋاتقان چاي بىلەن تەڭ پىيالىنىڭ يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاق ھورلار ئاستا ـ ئاستا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى؛ بۇ ھورلارغا يەنە ئىككى خىتاي پۇقراسىنىڭ ئىغىزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئىچىدىكى لوقمىنى ئىشتىك ـ ئىشتىك چايناپ يۇتۇشى بىلەن تەڭ ئىغىز ـ بۇرۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان ئاق تۇمانلار قوشۇلۇپ، ئازراق يۇقۇرغا ئۆرلىگەندىن كېيىن غۇلجىنىڭ ساپ سوغۇق ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ يوقاپ كەتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پىلتە قۇيماقنى يالاۋاتقان تىللىرى بولسا، تۇگۈگان ئۇستىنىڭ گاز ئوچۇقىغا ئىسلىغان قازاننىڭ ئاستىنى يالاۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرىغا ئوشاپ كېتەتتى. يېنىدىكى يوك ـ تاقلىرىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ غۇلجىغا يېڭىلا كەلگەن كۆچمەنلەر ئىكەنلىكىنى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار مايلىق پىلتە قۇيماقنى يەپ، ئالدىدىكى پىيالىغا تولدۇرۇپ قويۇلغان قېنىق دەملەنگەن قىزىق چاينى ئېچىپ، بەدەنلىرى ئىسسىپ، تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قانلار جۇشقۇنلاپ، پۇت ـ قولىغا جان كىرىپ، ئۇيقۇ باسقان كۆزلىرى ئېچىلغاندىن كېيىن، قىسىق كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەتراپقا گۇمان بىلەن بىر قاراۋېتىپ، پىلان بويىچە ئۆزلىرى بۇرۇنلا نىشان قىلغان يېزا ـ قىشلاقلارغا قاراپ يۈرۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق بىر بېقىشى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنى غەزەپلەندۈرۈشكە يېتىپ ئاشاتتى. ياش خانىم ئۇلاردىن ئىشتىك كۆزىنى ئۈزۈپ، يەردىكى سوپكىسىنى ئېلىپ، ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى قاتناشنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئاپتوبۇسلار توختاقلىق تۇرغان جايغا قاراپ ماڭدى. ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا ھازىر يولۇچىلار ئۈنچىلىك كۆپ ئەمەس ئىدى. بۈگۈن خىتايلارغا نىسبەتەن

ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، يولدىن ئادىشىپ قالغان قۇرۇتتەك تەمتىرەپ يۈرگەن ئاندا - ساندا ختاي پۇقرالىرىدىن باشقا، زور كۆپچىلىك يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئىدى. دەرۋەقە، ئۇشبۇ يولۇچىلار گويا ئۇۋۇېسىنى سۇ بېسىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك، شۈنچىلىك ئالدىراش ھەر تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شۈنچىلىك بەختسىز كۆرۈنەتتى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە، يۈزلىرىدە، لەۋلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى ۋە يەنە ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى شۈنچىلىك چاققان بولغىنى بىلەن شۈنچىلىك جىمغۇر كۆرۈنەتتى. بىر- بىرلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلارمۇ قانداقتۇر بىرلىرىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇ چاغدا قاياقتىندۇر بىر ياقتىن ئاڭلىنىۋاتقان بىرقانچە ختاي يولۇچىلارنىڭ ۋاقىراپ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى قۇلاققا سوقۇلدى، بۇ ئاۋازلار گويا ياش خانىمنىڭ قۇلىقىغا ئەينەك كېسىۋاتقان ئالماسنىڭ ئاۋازىدەك يېقىمسىز ئاڭلىنىپ كەتتى. ياش خانىم بىر قولىدا سومكىسىنى، يەنە بىر قولىدا ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى ئۇيـاق - بۇياققا قاتىراپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان ئاپتوبۇس تۇرىدىغان جاينى تېپىپ كەلدى. ئەتراپتىكى ئاپتوبۇسلارنىڭ موتورلىرىدىن چىققان ئاۋازلار ۋە ھاۋاغا كۆتۈرۈلىۋاتقان سەلەركىنىڭ قويۇق ئىس - تۈتەكلىرى ۋە ئۈنىڭدىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراقلار ھەريانىنى قاپلىغان ئىدى. بىراق بۇلار ياش خانىم ئۈچۈن ئۈنچىلىك مۇھىم ئەمەس ئىدى ؛ ئەسلى مۇھىم بولغان نەرسە ئاپتوبۇسنىڭ چاققانراق قوزغىلىشى ئىدى. ياش خانىم ئاپتوبۇس

مۇلازىمەتچىسىگە بېلىتىنى كۆرسىتىپ، ئوغلى بىلەن بىرگە ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە بېلەتتىكى نومۇر بويىچە ئىككى كىشلىك ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، سومكىلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دېرىزە تەرىپتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ۋە ئوغلىنى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى. ئەسلىدە بالىنىڭ دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغۇسى بار ئىدى ۋە لېكىن ياش خانىم مەخسەتلىك هالدا ئۆزۈ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ، ئوغلىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. قىش كۈنلىرى ئابتوبۇسنىڭ دېرىزە تەرىپى سوغۇق بولاتتى، شۇ ەۋەبتىن ئوغلىنىڭ دېرىزە تەرەپتە مۇزلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بالىسىنىڭ رايىغا قارىماي ئاتايىتەن شۇنداق قىلغانىدى، بالىمۇ ئانىسىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشەڭەندەك قىلىپ، هېچقانداق نارازىلىق قىلماي، ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاپىسى كۆرسەتكە يەردە جىم ئولتۇردى. بالا شۇنداقتىمۇ ئاپتوبۇسنىڭ مۇز تۇتقان دېرىزىسىگە قاراپ - قاراپ قويىدى. هالبۇكى، دېرىزىنىڭ سىرتى ئېنىق كۆرۈنمەيتتى. ئەهۋالنىڭ بۇنداقلىقىنى كۆرگەن بالا بىراز خاتىرجەم بولدىمۇ قانداق، يۈزىگە سەل تەبەسسۇم يۈگۈرگەندەك بولدى. ئۇشبۇ ئاپتوبۇس كىچىك تىپتىكى يولۇچىلار ئاپتۇبۇسلاردىن ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئارقا تەرەپتىكى ئورۇن بوش قالغان ئىدى. ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ ئۈچى قازاق، ئىككىسى شىۋە مىللىتىدىن بولۇپ، قالغان يولۇچىلارنىڭ هەممىسى ئۇيغۇر يولۇچىلار ئىدى. ئادەتتە بۇنداق يولۇچىلار ئاپتوبۇسى خىتاي پۇقرالىرى بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ۋاهالەنكى، بۈگۈن باشقا كۈنلەرگە ئوخشىمايدىغان

كۈن بولغاچقا، ئۇلار يىراق - يېقىنغا باردىغان ئىشلىرىنى بايرامنىڭ ئالدىدا پۈتتۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈندە ئائىلە بويىچە جەم بولۇپ، بەھرامان ئۆيلىرىدە بايرام ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقان بولۇشى مۇتلەق ئىدى. ياش خانىم شۇ ئەسنادا ئىنچىكە بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىكى مۇز ۋە قىروۋۇلارنى سۈرتۈپ، ئەينەكنىڭ كىچىك بىر پارچە يېرىنى پاقىرتىۋەتتى. گويا قارا بۇلۇتلار توپ - توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسماندا ئالقانچىلىك كۆرۈنۈپ قالغان بۇلۇتسىز كۆك يۈزىگە ئوخشايدىغان كىچىككىنە بۇ مۇزسىز سۈزۈك ئەينەك، ياش خانىمنىڭ تاشقى دۇنياغا قارىتىپ ئاچقان كىچىك بىر پەنجىرىسى بولۇپ قالغان ئىدى. دېمىسىمۇ كىچىك پەنجىرىنىڭ سىرتىدىكى گۈگۈگا دۇنيا ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ياش خانىمنىڭ كۆل رەڭ كۆزىنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ياش خانىم ئەنە شۇ كىچىك مۇزسىز پەنجىرىدىن تالادىكى ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ھەسرەتلىك سىماسىنى كۆرىۋاتاتتى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتە ئۆتمەيلا توساتتىن ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك قىلغان بىر جۈپ خۇپپۇيانە كۆز بىلەن دوقۇرشۇپ قالدى. تار چاناقلىرىنىڭ ئىچىدە بېزىرىپ تۇرغان ئۇشبۇ بىر جۈپ كۆز بولسا، گويا ئىچىدە غازاڭلار چىرىگەن كۆلچەكلەرگە ئوخشايتتى. مەزكۇر خۇپپۇيانە بىر جۈپ كۆز بولسا سوغاقنىڭ دەستىدىن ئۆلۈك ئىتتەك تۈگۈلۈۋالغان بىر خىتاي پۇقراسىغا ئائىت ئىدى. بۇ بىر جۈپ سوغۇق كۆز ئاشۇ سىرتقا ئېچىلغان كىچىك پەنجىرىگە مىختەك تىكىلگەن بولۇپ، ئۇ كۆزگە مەنسۇپ يۈزدىن ھازىرلا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلدەك

مۇزدەك سوغۇق يېغىپ تۇراتتى. ياش خانىم «بىرلىرى بىزنى خۇپپىيانە نازارەت قىلىۋاتامدۇ قانداق؟» دەپ ئويلاپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى ۋە كۆڭلىدە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغان تاشپاقىنىڭكىدەك قىسىق بىر جۈپ كۆزنىڭ ئارقىسىدىكى پولات ئىشىكلەر ئىچىدە قانچىلىغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق هالدا نالە قىلىۋاتقان مەنزىرىنى هېس قىلىپ يەتتى. ئارقىدىنلا يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىدە گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدا قالغان قولۋاقتەك ئېغىپ كەتتى ۋە دەرهال كۆزنى ئېلىپ قىچىپ، خۇپپىيانە كۆزنىڭ نەزىرىگە تۇتۇق بەرمەي دىققىتىنى ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىدىن كىرىۋاتقان يولۇچى بوۋايغا ئاغدۇردى. قېرىپ بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن، ئەمما يۈرۈش - تۇرۇشى چاققان كۆرۈنىدىغان بوۋاينىڭ ساقاللىرى تۈنۈگۈن ياغقان قاردەك ئاپئاق بولۇپ، قىسقۇچپاقىنىڭ قىسقۇچىدەك ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى قىروۋ باغلاپ كەتكەن ۋە قوللىرى سوغۇقتا مۇزلاپ، قوۋلاشمايلا قالغان ئىدى. يەنە شۇنداقتىمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز قولىدىكى سومكىسىنى يېنىغا ئەپچىللىك بىلەن قويۇپ، ئەڭ ئالدىكى ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى. بوۋاينىڭ يېشى ئاز دېگەندىمۇ سەكسەندىن كەم ئەمەس ئىدى، ئۇنداق بولغاندا غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغ دەل بوۋاينىڭ بالىلىق دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرىۋاتقان مەزگىللەرگە توغرا كېلەتتى. مۇشۇداق هېسابلىغاندا بوۋاينىڭ دادىسى ۋە ياكى ئاكىلىرى قولىغا قورال ئېلىپ تاجاۋۇزچىلارنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن جەڭ قىلغان بولۇشى مۇقەررەر

ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇۋاي شۇ قەھرىمان جەڭچىلەرنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن شاھىتلاردىن ھېسابلىناتتى. ياش خائىم ئىچىدە «بۇنداق پىشقەدەملەر غۇلجىدا بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ تەۋەرۈك كىشىلەر بولسا، ئاشۇ گۈزەل ئازات زامانىنى ھازىرقى جەھەننەمگە ئوخشاپ قىلىۋاتقان دەۋر بىلەن باغلاپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى زەنجىرلەرنىڭ ھالقىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە بۇنداق زەنجىرلەرنىڭ ھالقىلىرى ئۈزۈلۈپ، دات بېسىپ، چىرىپ، ئاخىرى بىردىن - ئىككىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ ؛ مىڭ ئەپسۇس ھەممىمىز ھازىر ئاشۇ ئازات زامانغا مەنسۇپ بولغان مۇشۇنداق پىشقەدەملەر بارغانسېرى ئۈنتۇلۇپ كېتىۋاتقان ۋە جەڭگىۋار مىللىي روھ بارغانسېرى يوقۇلىۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز» دەپ ئويلىدى ۋە ئارقىدىنلا «دەرۋەقە، مەزكۇر بوۋايدەك كۆرگەن - كەچۈرگىنى كۆپ، تارىخنىڭ گۇۋاھچىلىرى ھەقىقەتەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىردانلىرى، بۇ بىر ئەۋلات مويسىپىتلار نەچچە قېتىملاپ ئېلىپ بېرىلغان پارتىيەنىڭ تازىلاش ھەرىكەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ساق قالغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى پىشقەدەملەر ۋە بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەينەن سۆزلەپ بېرەلەيدىغان تارىخنىڭ شاھىتلىرى. ۋاھالەنكى، مۇشۇ بوۋاي دېمەكلىكلەرنىڭمۇ لاگېرغا كىرىپ كەتكەنلىرى نۇرغۇن، تېخى مەزكۇر بوۋايمۇ لەھەتكە ئوخشايدىغان لاگېرغا كىرىپ ساق چىقالارمۇ تېخى كىم بىلىدۇ. نېمە بولسا بولسۇن بوۋاينىڭ روھى ئۆلمىگەندەك تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەربىر ھەركىتى شۇنچىلىك ئەركىن ھەم تەبىئىي، بۇ ھەرىكەتلەردە ئەنە شۇ

پىشقەدەملەرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇشىغا، ئاپتوبۇس مۇلازىمەتچى خادىمنىڭ ئاۋازى، ياش خانىمنىڭ قالايمىغان ئۆي - پىكىرلىرىنى بۇزىۋەتتى. مۇلازىمەتچى ئاپتوبۇسنىڭ ھازىر قوزغىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، قولىدىكى بىر ۋاراق يولۇچىلار تىزىملىكى يېزىلغان قەغەزگە قاراپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان يولۇچىلارنى بىر- بىرلەپ ساناپ چىقتى ۋە ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ قويغاندىن كېيىن، شوپۇرنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرىمۇ، مۇلازىمەتچى خادىممۇ ئۇيغۇر ئىدى، ئۇلار بىردەم ئۆزارا گۈڭگۈر- مۇڭگۇر پىچىرلاشقاندىن كېيىن، ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى جالاققىدە قىلىپ تاقالدى ۋە موتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى چىقىش بىلەن تەڭ، ئاپتوبۇس ئاستا - ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ، قاتناش قوراسىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئارقىلىق چوڭ يولغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى.

## 22

شەھەرنىڭ مەركىزى كوچىلىرىدا ئادەم شالاڭ ۋە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان قاتناش قورالىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. غۇلجىنىڭ بۇ ئاساسلىق كوچىلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك سەلتەنەتلىك قىشلىق مەنزىرىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەپلىنىدىغان يېرى يوق. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت بىلەن بۇرۇنقى چاغلارنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن. ياش خانىم بولسا، يۈزىنى دېرىزىگە

يېقىن تۇتۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېڭىكىنى ئۇچلاپ، ئىلى دەرياسىنىڭ كۆز مەزگىلىدىكى سۈيىنىڭ رەڭگىدەك كۆل رەڭ كۆزلىرىنى سىرتىن ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. دېرىزىنىڭ سىرتىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان ھەربىر كوچا، ھەربىر بىنا، يول بەلگىلىرى ۋە ئېلان تاختىلىرى بىلەن تام دوسكىلىرىدىكى ھەربىر خەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن گۈڭگا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىدى. شەھەرنىڭ چوڭ كوچا ياقىسىدىكى ئېگىز بىنالار، بالكونلار، چوڭ سودا سارايلىرى، قاتار- قاتار دۇكانلار، ماي قاچىلاش پۇنكىتلىرى، دوختۇرخانىلار ۋە مەمۇرى ئىدارىلارنىڭ ھەممىسى قۇياشسىز ئاسماننىڭ ئاستىدا تۇتۇق كۆرۈنۈپ ياش خانىمنىڭ ھەسرىتىگە ھەسرەت قاتماقتا ئىدى. كوچىلاردىكى ئېتىلداق قالدۇقلىرى، ئەخلەت - چاۋالار، قەغەز پارچىلىرى ۋە پىلاستىك ھالتىلار قارغا ئارىلىشىپ، ماشىنىلارنىڭ چاقلىرى ئاستىدا ئېزىلىپ، چەيلىنىپ، چىگدىلىنىپ مۇز تۇتقان ئىدى. بۇرۇنلاردا ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنداق دەم ئېلىش كۈنلىرىدە كوچىلاردا، يەنىلا ئاندا - ساندا كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرگىلى بولاتتى، بازارلار سەھەردىلا جانلىنىپ كېتەتتى، ھازىر بولسا بۇرۇنقى ئاۋات رەستىلەر، ھۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ دۇكانلىرى، ئاشپۇزۇللار، نامرات مۇساپىرلارنى ئىسسىق قوينىغا ئالىدىغان چايخانىلار، سەھرادىن شەھەرگە كىرىدىغان يول قاتارلىق ئادەم ئايىقى كېسىلمەيدىغان ھەممە جايدا ئادەم يوق ئىدى. كوچىلار چۆلدەرەپ، شەھەر ئۆلۈكتەك جىمجىت سۈكۈناتقا چۆككەن ۋە سوغۇق شامال گۈكۈرەپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزىۋاتقان ئىدى. ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئەزگۈ ھېسياتلارنى ئويغىتىدىغان كاككۇك

ۋە بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى كېلىپ تۇرىدىغان باغلارنى قار- مۇز قاپلاپ، ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئاقىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى مۇز تۇتقان ئىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە بىر بۇرۇقتۇرمۇلۇق ھۆكۈم سۈرىۋاتقان بولۇپ، ياش خانىم بىلەن بىرگە ئاپتوبۇس ئىچىدە ئولتۇرغان يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئۇچمە يەۋالغان بۇلبۇلدەك ئۈنىنى چىقارماي جىمجىت ئولتۇراتتى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىسىنىڭ كاللىسىدا ئۆزگىچە مەنسۇپ خىياللارنىڭ شىۋىرغانلىرى چىقىۋاتقانلىقى تەبىئىي ئىدى. ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن بۇ ھېل ئەھۋالنىڭ مۇتلەق ئىكەنلىكى ئاشكارلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاللىسىنى قوچۇۋاتقان ئەنە شۇ ئوي - پىكىرلەرنى، يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان دەرت - ئەلەملەرنى ۋە كۆڭلىنى بۇزىدىغان ھەسرەتلەرنى يېنىدا ئولتۇرغان سەپەرداشلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە ئەندىشە چۆككەن ئىدى. ھازىر ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن كۈن ئۆتكۈزۈش شۇنچىلىك مۇشكۇل، كومپارتىيەنىڭ يۈرگۈزىۋاتقان سىياسىتىنى چۈشىنىش شۇنچىلىك قىيىن ئىدى. ئىلگىرى خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ياكى كەلگەن بولسىمۇ مېڭىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر قارا چېكىتتەك خىرەلىشىپ كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئەمدى بىردىنلا رېئاللىقتا كۆز ئالدىغا كېلىپ تۇرغان، ئۇيغۇرلارنى جىددىي ئەندىشىگە سالماقتا ئىدى. ھەربىر ئادەم ئوشۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىشنى ۋە ئاممىۋىي سورۇنلاردا ئوشۇقچە گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. ھەممە ئادەم ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، يېنىدا تۇرغان ياد بىرسىگە گۇمان بىلەن مۇئامىلە

قىلاتتى. مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ ئاغزى، بەجايىكى ئېغىزلىرى ئېتىق سەدەپ قۇلۇلىسىدەك يۇمۇقلۇق ئىدى ؛ دەرۋەقە، سەدەپ قۇلۇلىسى ئىسسىقنى كۆرگەن هامان ئاغزىنى شاپپىدە ئاچاتتى، بىراق ئىسسىق ئوپتوبۇسنىڭ ئىچىگە كىرگەن يولۇچىلار كۆزلىرىنى بىر- بىرىدىن قاچۇرۇپ، ئۈن چىقارماي، مىدىر- سىدىر قىلماي، زامان ۋە ماكاندىن مۇستەسسىنا بولغان ئەرۋاقلاردەك جىمجىت، تېنىقسىز ۋە هەسرەت باسقان يۈزلىرىنى ئالدىغا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئاپتوبۇسنىڭ مۇز تۇتقان دېرىزىسى ئۇلارنىڭ هەسرىتىگە هەسرەت قاتقاندەك قىلاتتى. هەمدە مۇز تۇتقان دېرىزىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەنزىرە ئۇشبۇ هاياتنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشىنى روشەن رەۋىشتە نامايەن قىلىپ بەرمەكتە ئىدى. ياش خانىمنىڭ ئوغلى بولسا، مازارلىقتىكى قەبرىگە يۆلۈنۈپ ئۇخلاپ قالغان شاكىچەك تالپىتەك، ئانىسىغا يۆلۈنۈپ ئۇيقىغا كەتكەن ئىدى. «يول ئازابى - گۆر ئازابى» دېگەندەك، بالا تاڭ يورۇمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇزۇن بىر مۇساپىنى پىيادا ماڭغاچقا بەكلا چارچاپ كەتكەن ئىدى ؛ شۇڭا ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىك پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىشلىرى ياش خانىمنىڭ قۇلىقىغا يەڭگىل سوقۇلىۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىمۇ ئىسسىپ، دېرىزىلىرىدىكى مۇزلاپ ئېرىپ، تامچە - تامچە سۇلار ئاستا تۆۋەنگە ساقىپ، سىرتىكى مەنزىرە تولۇق كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. ئاپتوبۇس شەهەرنىڭ مەركىزى كوچىلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، ئىلى دەرياسىنىڭ كونا كۆۋرۈكى بار تەرەپكە قايرىلدى. ئادەتتە ئاپتوبۇس شوپۇرلىرى

دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى جايلارغا بېرىش ئۈچۈن ئۇدۇلدىكى يېڭى ياسىغان چوڭ يول بىلەن مېڭىپ، يېڭى كۆۋرۈك ئارقىلىق دىلمۇك تېغىنىڭ باغرىدىكى ناھىيە ۋە كەنتلەرگە يېتىپ باراتتى. نېمىشكىدۇر بۈگۈن ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى ئۇدۇلدىكى يېڭى ياسالغان يول بىلەن ئەمەس، بەلكى كونا يولنى تاللىغان ئىدى. بەلكى شوپۇر ئۇيغۇر بولغاچقا شۇنداق قىلغاندۇ ھەقاچەن، دېمىسىمۇ ئۇيغۇرلار يېڭى ياسالغان يولغا ھەرقانچە قىلىپ بولسىمۇ كۆنەلمىگەنىدى. ئۇلار دەريا بويىغا ۋە ياكى دەريانىڭ ئۇقېتىدىكى يېزا ـ قىشلاقلارغا ماڭغاندا ھەمىشە كونا يول بويىچە ماڭاتتى. مانا ھازىرمۇ شوپۇر كونا يولنى تاللاپ، ئىلى دەرياسىنىڭ كونا كۆۋرۈككە ئۇدۇل تۇتاشقان ناغىرچا مەھەللىسى تەرەپكە قايرىلغانىدى. بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك ئىشتىك كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتى بولسا، ئاقۇش تۇمان باسقان كوچىغا قايرىلغاندا ئاستىلاشقا مەجبۇر بولدى. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى «مۇز مەيدان» دەپ ئاتىلىدىغان تەن ـ تەربىيە مەيدانىڭ ئۈستىنى پۈتۈنلەي تۇمان قاپلاپ كەتكەن ئىدى.  ئوڭ تەرەپتىكى چوققىسى كۆككە تاقاشقىدەك ئېگىز ئائىلىكلەر بىناسىنىڭ بېلىدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق تۇمانلار بولسا، غۇلجىدىكى ئەڭ ئېگىز ئۇشبۇ ئىمارەتلەرنى شۇنچىلىك سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە تۇمانلىق ۋە ئادەمسىز بۇ كوچىغا نەزىرىنى ئاغدۇرغان ھەرقانداق ئادەم بۇ شەھەرنى ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارغا ئوخشاتماي قالمايتتى. مەزكۇر ھال مۇشۇ كوچىلاردا ئولتۇرغان پۇقرالار بىلەن ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلارنىڭكىگە

ئوخشاش مەزكۇر كوچىلارنىڭمۇ ھەسرىتىنىڭ بارلىقىنى، ھەمدە ئادەملەر بىلەن شەئىيلەر ھەسرىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارلىشىپ كەتكەنلىكىنى روشەن رەۋىشتە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىۋاتاتتى.

## 23

«مۇز مەيدان» دەپ ئاتىلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانىغا قاتۇرۇلغان كۆپكۆك مۇزلارنىڭ ئاستىدا، ئەسلىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ باھادىر ئەجداتلىرىنىڭ جەسەتلىرى ياتاتتى ۋە بۇ يەرلەر غۇلجا خەلقى ئەڭ قەدىرلەيدىغان، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان، دەرد ـ ئەلەملىرىنى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى ۋە خوشاللىق ـ شاتلىقلىرىنى ئەرۋاھلار روھى بىلەن ئورتاقلىشىدىغان «خەلپەم بۈزۈرۈكۋار مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان قەبرىستانلىق ئىدى. مەزكۇر قەبرىستانلىققا قەدىمكى زاماندا غۇلجىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر شەيخ ھەممەد خەلپەم دەپنە قىلىنغان ئىدى. يەنى ھەممەد خەلپەمنىڭ نەسىھەتى بويىچە، 1818 ـ يىلى ۋاپات بولغاندا دەپنە قىلىنغان جاي بولغاچقا «خەلپەم بۈزۈرۈكۋار مازىرى» دەپ ئاتالغان ۋە بارا ـ بارا كۆلىمى كېڭىيىپ غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ قەبرىستانلىققا ئايلانغان ئىدى. شۇندىن مۇقەددەم تاكى 1970 ـ يىلى يازدا بۇزۇۋېتىلگەنگە قەدەر ئىلى خەلقىنىڭ تاۋاپ ـ ئىبادەت قىلىدىغان، چوڭ ـ كىچىك كۆلەمدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان، ھېيت ـ ئايەملەردە جامائەت بىلەن لىق تولۇدىغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى بولۇپ مەھجۇت بولۇپ

كەلگەنىدى. شۇ چاغدا مەزكۇر قەبرىستانلىقنى شەھەر مەركىزىدىن يىراق «قارادۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدىكى قاقاس بىر جايغا يۆتكىۋېتىپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت بولغان تارىخىي ئىزلارنى گويا يولنىڭ بىر چېتىدىكى دۆۋە - دۆۋە ئەخلەتلەرنى تازىلىغاندەك بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىغانىدى. قەبرىستانلىقنىڭ قارىياغاچلار بىلەن سۆگەتلەر سايىسى ئاستىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىرىنى بىردىنلا يوق قىلىۋېتىپ، ئورنىغا چوڭ مەيدان ياساپ، ئاتالمىش سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئوچۇق - سوت قىلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان جازا مەيدانىغا ئايلاندۇرغانىدى. «خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرى» نى بۇزغان چاغدا، غۇلجا خەلقى پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ شامىلىغا قارشى سېپىشتىن قورقۇپ، غىڭ - پىڭ قىلماي، دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئىشتىنىغا چىقىرىپ قويغان ئادەمدەك جىم ئولتۇرغان ئىدى. دەرۋەقە، ھازىر ئۈستى مۇز تۇتقان، تۆپىسىدە تۇمانلار ئۈزۈپ يۈرۈدىغان مەزكۇر جاي ئەسلىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 150 يىلدىن ئوشۇق تارىخىي كۆمۈلگەن، ئىلى خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي شەجىرىسىنىڭ ئۆچمەس تەزكىرىسى ھەسابلىناتتى. ھازىر ياش خانىمنى «خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرى» نىڭ ھەسرەتلىرى ئاللىقاچان ئۆز قوينىغا ئالغانىدى ؛ ياش خانىم بولسا ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان كىشى ھەسرىتىگە ھەسرەت قاتىدىغان مەنزىرىلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي، بىر چەتتىن خىيال لەگلىكىنىڭ يىپىنى ئۈزۈن قويۇۋېتىپ، يەنە بىر چەتتىن ئەنە شۇ بولۇپ ئۆتكەن ناھەقچىلىكلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئولتۇراتتى.

ئۇ ئىچىدە:

«نېمە دېگەن پالاكەتلىك كۈنلەر بۇ، بىز گۇناھكار، ئۇلار پەزىلەتلىك، بىز ئۇچ خىل كۈچ، ئۇلار ئالىجاناپ، بىز ئىشسىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشى بار، بىز ئازسانلىق، ئۇلار ئاساسلىق، بىز يوقۇلۇشقا مەجبۇر، ئۇلار تىرىلىشكە لايىق. نېمە دېگەن ئادالەتسىزلىك، نېمە دېگەن كۆپ تەڭسىزلىك : خىزمەت تەخسىماتىدىكى تەڭسىزلىك، سالامەتچىلىك سۇغۇرتىسى جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، تۇرمۇش سۈپىتى جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، ئۆي - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، خىتاي ئۆلكىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ياشايدىغان جايلاردا يۈرگۈزىلىۋاتقان سىياسەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك، مائارىپ جەتتىكى تەڭسىزلىك، نەشرىياتچىلىق جەھەتىكى تەڭسىزلىك، ئەركىن دىنىي پائالىيەت قىلىش جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، چەتئەللەرگە سەيلە - ساياھەت قىلىش جەھەتتىكى تەڭسىزىلىك، ئەركىن سودا قىلىش جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، مائاش تەڭشەش جەھەتتىكى تەڭسىزتلىك، ئۇنىۋان باھالاش جەھەتتىكى تەڭسىزكلىك ۋە سىنىپىي پەرق جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، ئەڭ مۇھىمى ئۆز ئانا تىلىمىزدىن مەھرۇم قالدۇرۇش جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، ۋاي نېمە دېگەن ساناپ تۈگەتسىز كۆپ تەڭسىزلىك بۇ؛ ھە يەنە بار تېخى، گەرچە ‹ جۇڭخۇئا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى ئالدىدا جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى باراۋەر › دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۇقارقى ساناپ تۈگەتكۈسىز تەڭسىزلىكلەرنىڭ ئاساسىي بولغان قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولماسلىقتەك تەڭسىزلىك ۋە يەنە ئۆلۈكلەر

ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك، ئۆلسەكمۇ خاتىرجەم بىرجايدا ياتقۇزمايدۇ تېخى. ئەجداتلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكەپ، ھەممىسىنىڭ ئىزلىرىنى يوق قىلىپ بولدى. ھەتتا ئاشۇ يەر شارىدىن ئىزلىرى يوقۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ناھايىتى ئاز بىر قىسىم مازارلىقلارنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ جايلىرىنى، كىملەرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى يېزىپ، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلدۇرغان ‹ ئۇيغۇر مازارلىرى › ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى پىروفېسسور راھىلە داۋۇتمۇ تۈرمىگە قامالدى. مانا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ناھەقچىلىق ۋە تەڭسىزلىك ئەمەسمۇ !؟ پىروفېسسور راھىلە داۋۇتنىڭ گۇناھى زادى نېمە ؟ ئۇ پەقەت بۇ كىتابىي ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئۇيغۇر مازار مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قىلىنىشىنىلا ئويلىغان ئىدىغۇ، بۇنداق پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە كۈچ چىقىرىشىنى ئويلىغان بىر تەتقىقاتچىنىڭ زىندانغا ئېتىلىشى ھەقىقەتتەن كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغىماي قالمايدۇ. مەن مۇشۇ بۇزۇلغان مازارلىقلار ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن كۆرۈنمەس روھلار ئالدىدا ھەمدە مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەن ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەت غەزىنچى بەگنىڭ ۋە باشسىز كۆمۈلگەن ئىككى نەۋرىسىنىڭ ۋە شۇلار قاتارىدىرىدىكى ئىلى سۇلتانلىقىنى قۇرۇش يولىدا شېھىت بولغان بارلىق باھادىرلارنىڭ روھلىرى ئالدىدا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، ئەگەر مەن بۈگۈن ئۆغلۇم بىلەن ئامان ـ ئېسەن تاغنىڭ ئۇياقىغا ئۆتۈۋالسام، چوقۇم ئاشۇ ئىلى سۇلتانلىقى دەۋر سۈرگەن سەلتەنەتلىك زامانلارنىڭ

تارىخنىڭ رومان قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئاشۇ تارىخ ۋە تارىخىي شەخسلەر ئۈچۈن مەڭگۈ يېمىرىلمەس مەنۋىي قەبرە تىكلەيمەن. بۇنداق بىر مەنۋىي قەبرىنى ھەرقانداق بىر كۈچ مەڭگۈ يېمىرىپ تاشلىيالمايدۇ».

## 24

ئاپتوبۇس دەريا بويىغا يېقىنلاشقانسېرى كوچا ـ كويلارنىڭ ئۈستىدىكى تۇمان قويۇقلىشىۋاتاتتى، بۇنىڭغا ئوڭ تاناسىپ ھالدا ياش خانىمنىڭ ھەسرىتىنىمۇ ئېشىۋاتقان ئىدى. ئەنە يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاقۇش تۇمانلار لەيلەپ يۈرگەن تار كوچا بولسا، ياش خانىم ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان غۇلجا شەھەرلىك 11 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تۇتىشىدىغان كوچا ئىدى. ياش خانىم ئاپتوبۇسنىڭ سول تەرىپىدىن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ مەكتەپ تەرەپكە شۇنچە ئىنتىزارلىق بىلەن قارىغان بولسىمۇ، ئەپسۇس تۇمان باسقان كوچىنىڭ ئىچىنى ئېنىق كۆرۈشكە ئامالسىز قالدى. ئاپتوبۇس ئەمدى ئوڭ تەرەپنى يانداپ، پەسكە قاراپ سوزۇلغان يولدا كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ تەرىقىسىدە يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئىچكىگە تارتىپ سېلىنغان «نۇرتاي ھاجىم يېتىملار مەكتىپى» نىڭ دەرۋازىسى تۇمانلار ئىچىدە ياندىن خىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دەرۋازىنىڭ دەل ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتى يەر تەۋرىنىشكە قاراپ ئىشتىكلەپكەتكەنلىكتىن ياش خانىمنىڭ نىگاھى مەكتەپ تەرەپكە تىكىلىپ بولغىچە، ئاپتوبۇس تېزلا ئۆتۈپ كەتتى،

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنى ھور قاپلاپ كېتىۋاتقان بولغاچقا سىرتتىكى مەنزىرىنى ئېنىق كۆرۈش ئۇنچىلى قولاي بولمايۋاتاتتى. ياش خانىم قولياغلىقى بىلەن دېرىزە ئەينىكىنى ئىشتىك سۈرتىشكە باشلىدى، ئۇ گويا ئەينەكتىكى مەڭگۈ چىقمايدىغان بىر داغنى سۈرتىۋاتقاندەك شۇنچىلىك ئەستايىدىل سولدىن ئوڭغا، ئوڭدىن سولغا، تۆۋەندىن يۇقۇرغا، يۇقۇردىن تۆۋەنگە قىلىپ سۈرتۈپ، ئەينەكتىكى ھورلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ ئۆلگۈردى، بىراق سىرتىكى مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇشبۇ غۇۋا مەنزىرىلەر ئانىنىڭ ھەسرىتىگە ھەسرەت قېتىم، ئۇنىڭ غۇلجىدىن تېخى ئايرىلماي تۇرۇپلا بۇ گۈڭگا شەھەرگە بولغان سېغىنىشىنى، ھەسرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. تار كوچىلار، باغلىق قورالار، تاقالغان مەسچىتلەر بىلەن مەكتەپلەرنىڭ قاڭالتىرلىق ئۆگزىلىرى قاتارلىق ھەممە نەرسە تۇمان ئىچىدە غايىپ بولۇپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى. سىرتىكى مەنزىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقىنى بولسا، قايغۇ ـ ئەلەمدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. ئاپتوبۇس بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئارقىسىغا تاشلاپ دەريا تەرەپكە قاراپ ئىشتىك سۈرئەت بىلەن ئىلگىرلەۋاتاتتى. ياش خانىمنىڭ كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بارغانسېرى ئىشتىكلەپ، كۆز ئۇۋۇلىرىدا ئىختىيارسىز ياش پەردىلىرى ھاسىل بولغانىدى. ئۇ دېرىزە سىرتىدىكى ھوزۇرسىز ۋە جىمجىت پىنھان كوچىلار بىلەن كىشىنى غەمگە سالىدىغان تۇمانلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، ئىچىدىكى ئىزتىراپ ھەسسىلەپ كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى،

ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن بىر ـ بىرلەپ تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان غۇۋا كۆرۈنۈشلەردىن كۆزىنى ئۈزۈپ، زېھنىدىكى خىياللىرىنى داۋاملىق سۈرۈش ئارزۇسى بىلەن ئالدىغا قارىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغا بوۋايمۇ، ياش خانىمنىڭ ئوغلىدەك ئۇيقۇغا پاتقان ئىدى. بوۋاينىڭ سول قولى ئۆلۈك يىلاندەك تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ يەڭگىل پىلاڭلاۋاتاتتى. بوۋاينىڭ يان تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا، ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان بىر ئايال بىلەن بىر ئەر ئولتۇراتتى؛ قارىغاندا ئۇلار ئەر ـ ئايالدەك قىلاتتى. ئايال بولسا ئېرىنىڭ سول مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، كۆزىنى يۇمغان پېتى لام ـ جىم دىمەي ئولتۇراتتى، ئەر بولسا ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۇدۇلغا تىكىلىپ، تىك ئولتۇرغان ئىدى. يۈزى دوغۇلاق كەلگەن بۇ ئادەم گويا تونۇرغا لىققىدە ناننى يېقىپ بولۇپ، ئاغزىنى يىمىدە ئېتىپ، دامخۇنىنى ئازراق ئېچىپ قويۇپ، تونۇر بېشىدا ناننىڭ قىزىرىپ پىشىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغان تۆت دۇكاندىكى ناۋاي ئۇستامنى ئەسكە سالاتتى. بالا ئانىسىغا يۆلەنگەن پېتى قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاغزى كۆلۈمسىرەۋاتقاندەك ۋە ياكى بىر نېمە دەيدىغاندەك ئازراق ئوچۇق ئىدى. نېپىز لەۋلىرى ئازراق گەز باغلىغان بولۇپ، بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچى قىزىرىپ قالغان ئىدى. ئاپتوبۇس دەرياغا يېقىنلىغانسېرى، ياش خانىمغا تونۇش بولغان ھەممە نەرسىلەر ئارقىدا قالىۋاتاتتى؛ باللىق چاغلىرىدا سەپەر تەپكەن تار كوچىلار، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە ئوينىغان مەكتەپ قوراسى، دەرس ئوقۇغان سىنىپلار ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەكتەپ، دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلىرى،

تۇرمۇش قۇرۇپ كېلىن بولۇپ كەلگەن مەھەللە، پېشايۋانلىرى نەققاشلىق ئۆيلەر، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپكۆك ئىشىك ۋە دېرىزىلەر، ئۈزۈم باراڭلىق ھويلا - ئارامىلار، قاڭالتىرلىق گۈمبەزلەر، ئوچۇق كۆك رەڭلىك قورۇق تاملار، سايە تاشلاپ تۇرغان مەجنۇنتاللار، قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان سىېدىلەر، شېرىن گۈل، ئەتىرگۈل قاتارلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىغا باغلىق بولغان ھەممە نەرسىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ياش خانىمغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقىنى پەقەت بۇرۇنقى گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن ھەسرەت ئىدى. دەرۋەقە، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ھەسرەتكە تولغان يۈرەك بولسا، سۆيگەنلىرى بىلەن بىرگە ۋەتىنىنى ئارقىسىغا تاشلاپ ئەركىنلىككە قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان بىر ئانىنىڭ يۈرىكى بولسا كېرەك؟

ئارقىدا قېلىۋاتقان شەھەر بولسا ئەينى يىللاردا شېھىتلار قانلىرى بىلەن يۇيۇلغان، پاكلانغان ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان مۇقەددەس ماكان ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ ئىگىلىرى مۇشۇ زېمىننى سۆيگەن، قان قېچىپ جەڭ قىلىپ قوغدىغان ۋە بۇ زېمىننىڭ مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەزكۇر زېمىندا ياشىغان ئۇيغۇر خەلقى مۇشۇ زېمىن ئۈچۈن ئەبەدىي كۈرەش قىلىشقا، ئەبەدىي قوغداشقا، مۇشۇ زېمىننى دەسسەپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىشقا ئىرادە باغلىغان. بولۇپمۇ شۇ سەبىي بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى يېڭى قاراش، يېڭى ئەقىدە، يېڭى ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ياش ئەۋلادلارنى مۇشۇ زېمىن ئۈچۈن يېتىلدۈرۈشكە بەل باغلىغان ۋە ھاياتىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ، ئار- نومۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ

تـۇرۇپ ياشـىغانىدى. ئـەل غېمىنـى يـەپ، ئەلنىـڭ خىزمىتىنـى قىلىــپ، ئــەل بىلــەن تەغدىــرداش بولغــان كىشــىنى ئەلنىــڭ قەدىرلەيدىغانلىقىنـى بـۇ يەرنىـڭ خەلقلىـرى بىلىـدۇ. ئەلنىـڭ تارازىســىنى ئــەڭ ئادىــل تــارازا، ئەلنىــڭ كــۆزى ئــەڭ روشــەن كــۆز. غۇلجىدىــن تېخــى ئايرىلمــاي تــۇرۇپلا يــاش خانىمنــى سـېغىنىدۇرىدىغان بـۇ گـۈزەل شـەھەر ھازىـر تۇمـان ئىچىـدە ۋە ئاپتوبۇســنىڭ ئارقىســىدا قېلىۋاتقــان ئىــدى. يــاش خانىــم خىيالغـا پاتقانسـېرى ھەسـرىتى ئېشـىپ، كـۆز قارچۇغىلىرىـدا ئىھتىيارسـىز يـاش پەردىسـى ھاسـىل بولـۇپ، ئىككـى چېكىسـى ئاغرىشقا باشـلىغان ئىـدى. ئـۇ ئىچىـدە «ئەلۋىـدا تـۆت دۇكان، ئەلۋىـدا كۆنچـە، ئەلۋىـدا تـۆرەم مەھەللىسـى، ئەلۋىـدا قازانچى ۋە سـۇدەرۋازا، ئەلۋىـدا شـەھەرئىچى، ئەلۋىـدا دۆڭمەھەللـە، ئەلۋىدا ئۈچـدەرۋازا، ئەلۋىـدا ئەخمەتجـان كوچىسـى، ئەلۋىـدا ناغىرچـى، ئەلۋىـدا ئايخـان مەكتىـۋى، ئەلۋىـدا 7 ـ ئوتتۇرا مەكتـەپ، ئەلۋىدا نۇرتـاي ھاجىـم يېتىـملار مەكتىۋىـي، ئەلۋىـدا ئابدۇۋەلـى مۇقىيـت مۇئەللىـم، ئەلۋىـدا لاگېردىكـى بارلىـق قېرىنداشـلىرىم، ئەلۋىـدا سـۆيۈملۈك يولدۇشـۇم، ئەلۋىـدا غۇلجـام ! يۇرتۇمنىــڭ ھەممــە يېــرى، يۇرتۇمنىــڭ ئوغــۇل ـ قىزلىــرى، يۇرتۇمنىــڭ ئەســلى ئېگىلىـرى ھەممىـڭلار مېنىـڭ قەلبىمدىكـى ۋەتىـم !» دەپ ئـۆز-ئۆزىگـە نىـدا قىلـدى. يـاش خانىمنىـڭ مەزكـۇر نىداسـى يىراقتىن كۆرۈنـۈپ تۇرغـان مـۇز تۇتقـان دەريانىــڭ ئۈسـتىدە رېتىملىـق ئـۈزۈپ يۈرگـەن تۇمـانلار ئارىسـىغا قوشـۇلۇپ غايىـپ بولـدى.

## 25

ئاپتوبـۇس دەريـا بويىغـا ئاسـتا ـ ئاسـتا يېتىــپ كەلگــەن

ئەدى. دەريا لىۋدەن سەل يىراقىراق يەردەگى دۆڭگەلەكتى تۇزلەپ سالغان بوكسۇر قۇلۇبىنىڭ ئالدىدىكى ئىگىز پولات تۆۋرۈككە قادالغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقىنىڭ تۇمانلار يىرىپ، بۇلۇتلۇق ئاسمان قەھرىدە پۈرلىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان ھالىتى ناھايىتىمۇ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەريانىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئەتراپقا پىلەك يايغان ئۆسۈملۈكلەرنى، ئالمىلىق باغلارنى، قاتار- قاتار ئەھيا قىلىنغان دەل - دەرەخلىق ئورمانلارنى ۋەيران قىلىپ، ئورنىغا قارىقۇش كەبى يامراۋاتقان كۆچمەنلەر ئۆچۈن، قاتار - قاتار سېلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ ئۆپچۆرىسىنى قويۇق تۇمان ئوروۋالغان بولۇپ، بىنالارنىڭ ئىگىز- ئىگىز باشلىرى بۇلۇتلار ئارىسىدىن چوقچىيىپ چىقىپ قالغانىدى. ۋاھالەنكى، پات يېقىندا كېلىدىغان كۆچمەنلەر ئۆچۈن ئالدىن ئالا بىنا قىلىنغان بۇ ئولتۇراق رايونىنىڭ ئىچى قۇپ - قۇرۇق بولۇپ، ئەتراپى چۆلدەرەپ تۇراتتى. لەقەم قويۇشقا ئۇستا غۇلجا خەلقى بۇ ئولتۇراق رايونغا «ئەرۋاھلار مەھەللىسى» دەپ نام قويۇپ قويغان ئىدى. يىراقتىكى دۆڭگىلەكنىڭ ئۆستىگە جايلاشقان ئۇشبۇ ئەرۋاھلار مەھەللىسى بولسا، ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرغان ياش خانىمنىڭ نىگاھىغا بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ئەجدىرھادەك كۆرۈنۈپ تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى چاقى دەريا ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە قەدەم باسقان ئىدى. كۆۋرۈكمۇ پۈتۈنلەي تۇمان ئىچىدە قالغان بولغاچقا، شوپۇر مېڭىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تۆۋەنلەتتى. دەريانىڭ يۈزىنى مۇز تۇتقان ئىدى، ئالىلىكىملەر تەرىپىدىن قانداقتۇر بىر مەخسەتتە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

مۇز تۇتقان يۈزنى چوقۇپ، چەمبەر شەكىلدىكى بىر كۆلچەك ئاچقاندى؛ شۇ يەردىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇش تۇمانلار تۈرۈم - تۈرۈم بولۇپ، تىنىمسىز يۇقۇرغا كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادىكى لەيلەپ يۈرگەن تۇمانلارغا قوشۇلۇپ، گويا ئەرشى - ئەلادىكى پەرىزاتلار ئۈستىگە دەسسەپ ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان بۇلۇتلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆلچەكنىڭ ئۈستىدە چىقىلىپ كەتكەن دېرىزىنىڭ ئەينەك پارچىلىرىغا ئوخشايدىغان پارچە - پارچە مۇزلار لەيلەپ يۈرەتتى. قىرلىرى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى قارلار ئۇچۇپ كېتىپ، ئېچىلىپ قالغان دەريانىڭ مۇز تۇتقان بېتى ئەينەكتەك تەكشى ۋە سۈپسۈزۈك ئىدى. ياش خانىم قەلبى دەل ئەنە شۇ مۇز تۇتقان دەرياغا ئوخشايتتى، قەلبىنىڭ بەزى يەرلىرىنى سۈزۈك ئەينەكتەك مۇز تۇتقان بولسا، بەزى يەرلىرىنى قار باسقان ۋە قويۇق تۇمان قاپلىغان ئىدى. ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى مۇكەممەل دەريا بويى ھازىر تۇمان، قار ۋە مۇزلار ئىچىدە غايىپ بولغان ئىدى. مۇز تۇتقان دەريانىڭ ھەسرەتى بىلەن ياش خانىمنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى يۇكسىلىۋاتقان ئاجايىپ ھەسرەتلىك تۇيغۇلار ئۆزئارا جىپىلىشىپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئەتراپتىكى ياش خانىمغا تونۇش بولغان مەنزىرىلەر پۈتۈنلەي غايىپ بولغان بولۇپ، دەريانىڭ قىرغاقلىرىدا بۇرۇن باھار مەزگىلىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بۇلبۇلنىڭ ئورنىدا ھازىر قارىقۇشلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىنىڭ قىرغاقلىرىدا بىلىنگىچە قارغا كۆمۈلۈپ قالغان قۇرۇپ كەتكەن قۇمۇشلارنىڭ ئۇچلىرىدىكى ئاپئاق قىروۋ قاپلىغان پۈپەكلىرى بولسا، بالىلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پاختا كەمپۈتكىلا ئوخشاپ قالغان

ئىدى. يانلىرىدىكى ئېگىز- ئېگىز قۇرۇق قورايلارنىڭ قىروۋ باغلىغان ئۇچلىرى، قىشنىڭ سوغۇق شاملىدا يىپەكتەك شىۋىرلايتتى. ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ يالاڭاچلىنىپ قالغان شۇڭگىلىرىمۇ ئوخشاشلا قىرو باغلىغان بولۇپ، ئۇلار گويا سانا دەرىخىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان ئاق چېچەكلىرىدەك ئاجايىپ جازىبىلىك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەممە يېرىدە مۇز، قار، تۇمان ۋە قىروۋ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇز تۇتقان دەريا، بەجايىكى ئاق شايىدىن كۆڭلەك، ئاق يىپەكتىن رومال ئارتىپ بېشىنى شەرققە، ئايىغىنى غەربكە قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، يۈزىنى بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قارىتىپ، نادامەت ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ ياتقان ھازىدار ئانىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. يېيىلىپ ياتقان بۇ ھەسرەتلىك مەنزىرە، ياش خانىمنىڭ قورقۇنچلىرى بىلەن، ئەنسىرەش تۇيغۇسى بىلەن، ئارىسالدىلىقى بىلەن، ئازابلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقانىدى ؛ ئۈمىدسىزلىكى ئۇلغىيىپ، قەلبىي دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى يىگانە قۇرۇق يوپۇرماقتەك تىترەۋاتاتتى. شۇ دەمنىڭ ئۆزىدە مۇز تۇتقان دەريا ياش خانىمنىڭ ئازابىي بىلەن مەنبەداش ئىدى. يىغىپ ئېيتقانىدا دېرىزىدىن گۇڭگا كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇز تۇتقان دەريانىڭ مەنزىرىسى ياش خانىمنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغان بولسا، دېرىزىدىن سىڭىپ كىرگەن مۇز تۇتقان دەريانىڭ ھەسرىتى روھىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن تەبىئەتنىڭ سىرلىقلىقى ياش خانىمنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى بىراقلا ئاست - ئۈستىن قىلىۋەتتى ۋە تومۇرلىرىدىكى قانلار ھوزۇرسىز ئېقىشقا باشلىغانىدى. ئۇ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان كەيپىياتىنى

ياخشىلاش ۋە ئىچىدىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان تۈيغۇلاردىن قۇتۇلۇش ۋە بۇ ھەسرەت توپانىدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇلتۇر ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا دەريا بويىغا كەلگەن چاغلىرىنى ئەسكە ئالدى.

## 26

گەرچە ئەنە شۇ چاغدىكى كەيپىياتى ھازىرقىدىن قىلىشمىسىمۇ، بىراق دەريانىڭ مەنزىرىسى ھازىرقىدەك نەچچە ھەسسە گۈزەل بولۇپ، قىرغاققا كېلىپ ئولتۇرغان ياش خانىمغا ئاجايىپ ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان ئىدى. يولدىشىنى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئويلاپ بېشى قاتقان ياش خانىم، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇدۇل دەريا بويىغا كەلگەن ئىدى. ئاشۇ ياز پەسلىدە مۇشۇ يولدا ئوخشاش ئىزلارنى بېسىپ، دەريا بويىغا قانچە قېتىملا كەلگىنىمۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، شۇ يىلى ئۆز ئۆمرىدە دەريا بويىغا ئەڭ كۆپ كەلگەن يىل بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇ چاغدا ياش خانىم سۇنىڭ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان بىر تامچە زەيتۇن مېيىدەك ئۆزى يالغۇز دەريا لېۋىدە ئولتۇرۇپ، تولغان بەدەنىنىڭ ئۈستىدىكى ئەتلەس كۆڭلەكتەك دولقۇنلاپ تۇرغان دەرياغا تىكىلىپ قاراپ، خىلمۇخىل چىگىچ خىياللار ئىچىگە بەند بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ مەجنۇن تاللاردەك قەددى سۇغا ئېگىلگەن بولۇپ، تال - تال چاچلىرىنىڭ ئۇچى سۇغا چىلىشىپ، كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا دەريا سۈيىنىڭ قىمىرلاشلىرى نامايەن

بولۇپ، خىيالىدا ئېرىنىڭ قامىتى ئەكس ئەتكەن ئىدى. دەريا بويىدا دوزاقتا سۆرەن سېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇپ يۈرگەن قارىقۇشلارنىڭ سانىمۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا دەريا سۈيى تىنىپ، سۇنىڭ رەڭگى ياش خانىمنىڭ كۆزىدەك كۆل رەڭگە كىرگەندە، دەريا يۈزىنى سىيپاپ ئۇچۇدىغان قارىقۇشلارنىڭ سانى ئادەتتىدىكى مەزگىللەردىن پەرقلىق ھالدا كۆپىيىپ كېتەتتى. بۇ مەزگىلدە دەريادىكى بېلىقلارنىڭ سانى كۆپىيەتتى ۋە ئاق بېلىقلار شوخلىشىپ تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ دەريا يۈزىگە ئۈزۈپ چىقاتتى. بۇنداق چاغلاردا قارىقۇشلار دەريا يۈزىگە چىققان كىچىك بېلىقلارنى ئوۋلاش ئۈچۈن، سۇ يۈزىنى سىيپاپ ئۇچۇپ، پەملەپ يۈرەتتى. قارىقۇشلار دەريا ئەتراپىدىكى باغلاردا، ئېتىزلاردا ۋە ئورمانلاردا سايراپ يۈرگەن بۇلبۇللارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇپ بىر يەرگە ئاپىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە ئەلمىساقتىن بىرى ئىلى دەرياسىنى ئۆزلىرىگە مۇقەددەس ماكان قىلىپ، ئەركىن ئۈزۈپ، ئەركىن سەكرەپ يۈرگەن ئاق بېلىقلارغا كۆز تىككەن ئىدى ؛ دېمەك بۇلبۇلنىڭ بېشىغا كەلگەن تىراگېدىيە، ئاق بېلىقنىڭمۇ بېشىغا كەلگەنىدى. ھەر كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ، قارىقۇشلار دەريانىڭ ئۈستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ، ئاجايىپ غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئۆز ۋەھشىيلىكىنى بازارغا سېلىپ، سۈپسۈزۈك دەريا يۈزىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلاردەك پەيدا بولاتتى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، كېچىچە دەريا ئاستىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بېلىقلار تاڭنىڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق

بىلەن كۆتۈپ، قۇياشنىڭ چىقىشىغا تەشنا بولۇپ تۇراتتى، قۇياش كۆتۈرۈلۈپ جاھان يورۇشقا باشلىغان ھامان، ئەنە شۇ يورۇقلۇققا تەشنا بولغان ئاق بېلىقلار قاراڭغۇ سۇنىڭ ئاستىدىن ئۈزۈپ چىقىپ، سۇ يۈزىدە سەكرەپ ئويناپ، يېڭى تاڭغا بولغان تەشنالىقنى قاندۇررۇپ، قۇياش بەخشەندە قىلغان ئەركىنلىكتىن ھۇزۇر ئالاتتى. ئۇلار ھەر بىر قېتىم سۇ يۈزىدە سەكرىگەن چاغدىكى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، ئەركىنلىكنىڭ، يورۇق تاڭنىڭ، ئىللىق قۇياش نۇرىنىڭ كەيپىنى سۈرەتتى، ئۆزلىرىنى بۇ ئالەمدىكى ئەڭ بەختلىك جانلىق ھېسابلايتتى. ھالبۇكى، ئەنە شۇ قىسقا مۇندەتلىك بەخت ئۈچۈن  زور بەدەل تۆلەيتتى، يەنى ئېنىقراق قىلىپ بايان قىلساق، ئاق بېلىقلار سۇ يۈزىگە ئۈزۈپ چىققاندا، دەريانىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇقتا چارلاپ يۈرگەن قارىقۇشلار ئەسەبىيلەرچە چىرقىراپ ئېتىلىپ كېلىپ، گويا ئاچ قالغان يالماۋۇزدەك، ئاق بېلىقلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىنى «كاپلا» قىلىپ چوقۇلاپ ئېلىپ قاچاتتى ۋە  ئەپلىك بىر جايغا ئاپىرىپ، ئىچ - باغرىنى يېرىپ، گۆشلىرىنى قىلتىرىقلىرىدىن ئايرىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ يېگەندىن كېيىن، ئاشقان - تاشقان قىلتىرىقلىرىنى دالاغا شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتەتتى. ۋاھالەنكى، تەبىئەتتىمۇ چىن ھەقىقەت يوق، كىم كىمدىن كۈچلۈك بولسا، ئاشۇ كۈچلۈك بولغان ئاجىزنى چايناپ، يالماپ يۇتىۋېتىدۇ. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈپ كېتىش ھاجەتكى، ئاق بېلىقلارنىڭ يورۇق تاڭغا بولغان تەشنالىقى، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشى، يېڭىلىققا بولغان قىزىقىشى ئۇلارنىڭ ئەجدادىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىگە

سەۋەب بولىۋاتاتتى؛ گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قورقۇنچلۇق تالاپەتلەرنى بىلىسمۇ، يەنىلا ھەر تاڭدا قاراڭغۇ سۇنىڭ ئاستىدىن ھېچ ئىككىلەنمەي يورۇق دۇنياغا ئۇزۇپ چىقاتتى ۋە قېنى ـ قېنىغا پاتماي، ئىچى ـ ئىچىگە سىغماي، يورۇق دۇنيادىن ھۇزۇرلىناتتى، سەكرەيتتى، سۇڭگۇيتتى، ئۈزەتتى ؛ ئۇلار شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ئاشۇ خوشاللىق، ئاشۇ ئازاتلىق، ئاشۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئەنە شۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا چىن كۆڭلىدىن رازى ئىدى ۋە ھەر كېچىدە تاڭنىڭ پاتراق ئېتىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتەتتى. يورۇق دۇنيانىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۆزلىرىنى پەملەپ يۈرگەن دۈشمىنىڭ بارلىقىغا پىسەنت قىلمايتتى، ئەنە شۇ بىر لەھزە ئەركىنلىك ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىكىشكە رازى بولاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك زور بەدەل تۆلەۋاتقانلىقىغا، ھەتتا ئىلى دەرياسىدا نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئەركىنلىك روھىدىن ھېچ بىر زامان ۋاز كەچمەيۋاتقان جەسۇر جانلىق ئىدى. بۇرۇن ئىلى دەرياسى ئاق بېلىق بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم دەرياغا قارماق ئاتسا، ئازراق ۋاقىت ئۆتە ئۆتمەيلا ئېلىناتتى. ئاق بېلىق ئۆزى ئىنچىكىرەك، قاسراقلىرى ئاپئاق، قۇيرۇقلىرى ئۇزۇن ھەم شۇنچىلىق چىرايلىق بېلىق ئىدى، ئېتى بولسا خۇددى ئىلىنىڭ ئاق ئالمىسىدەك، ئاق ئۆرۈكىدەك شۇنچىلىك لەززەتلىك ئىدى. ۋاھالەنكى، ھازىر دەرياغا قارماق تاشلاپ بىر كۈن ساقلاپ ئولتۇرسىڭىزمۇ ئېلىنىدىغان بىرمۇ بېلىق يوق. خۇلاسلاپ ئېيتقاندا، ئاق بېلىقلارنىڭ يورۇق دۇنياغا بولغان ئىنتىلىشى، جاسارىتى، قورقماس روھى، دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆگىنىش

ئۆلگىسى بولۇشقا تىگىشلىك؛ ھالبۇكى، ئۇدۇل كەلگەن قارماققا ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئىلىنىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبرەت ئېلىش نۇقتىسىدۇر. ھەرقانداق مەۋجۇدات يورۇقلۇققا تەشنا، ئەركىنلىككە ئىنتىزار ۋە بۇلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە رازى. ھەرقانداق ئەركىنلىك، ھەرقانداق يورۇق تاڭ، ھەرقانداق ئازاتلىق بەدەلسىز قولغا كەلمەيدۇ. يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قىلىپ بايان قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئەرزىيدۇكى، بىز ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن ئىبرەت ئالدىغان، ئۇنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىمىز بەك كۆپ. تەبىئەتتىكى ھەربىر ھادىسىدە، ھەربىر ئۆزگىرىشتە، ھەربىر مۆجىزىلەردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن ھېكمەت بار. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن بىز ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىمىز بەك كۆپ.

ئەنە شۇ چاغدا ئادەمگە ئاجايىپ ھۇزۇر بەخش ئاتا قىلىدىغان دەريا بويىدىكى ساپ ھاۋا ياش خانىمنى مەكتەپ ۋە شەھەر ئىچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلاردىن، ئىس - تۈتەكلەردىن، چاڭ - توزانلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ، كاللىسىنى ئوبدانلا سەگىتىپ، خەستە كۆڭلىنى تىنجىتقان ئىدى. كۆچلۈك دەريا دولقۇنلىرى قىرغاققا ئۇرۇلغاندىكى سۇنىڭ شاۋقۇنى ياش خانىمنى چىگىچ خىياللاردىن ئازات قىلىپ، روھىغا ئۈمىدنىڭ ئۇرۇقىنى ئەكىلىپ چاچقانىدى. مۇشۇ ۋەجىدىن دەريا بويى غۇلجىلىقلارنىڭ ئارامگاھى، شۇنداقلا بۇ يەرگە كېلىپ ئازراق بولسىمۇ ئەركىن نەپەس ئېلىپ، ئەركىن ھەرىكەت قىلىپ، تىنچ موھىتتا ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغان ھەرقانداق ئادەمگە ئەركىنلىكنى ھامان تاپقىنى بولىدىغانلىقىنى

ھېس قىلدۇرىدۇ. شەھەررنىڭ جەنۇبىنى يانداپ ئۆتىدىغان
بۇ دەريا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كاناللارغا ۋە ياكى سۈيى
مىسلىداپ ئاقىدىغان دەريا ـ ئۆستەڭلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ.
ناۋادا ئەينى چاغدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىتى ئۆز
مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالغان بولسا ئىدى، ئىلى خەلقى
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز ۋاقتىدا لايىھەلەنگەن
شەھەرنى كېڭەيتىش پىلانى بويىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ،
شەھەرنىڭ كۆلىمىنى جەنۇپقا كېڭەيتكەن بولار ئىدى ۋە بۇ
دەريا بۈگۈنكى كۈندە شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆركەش ياساپ
ئېقىپ، گويا پارىژنى ئىككىگە بۆلگەن سېئىنې دەرياسىدەك،
مىيۇنخېن شەھەرىنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئىزار
دەرياسىدەك بولغان بولاتتى ۋە غۇلجا شەھەرى ئەنە ئاشۇ
ياۋروپادىكى مەشھۇر شەھەرلەردىن نەچچە ھەسسە گۈزەل بىر
شەھەرگە ئايلانغان بولار ئىدى. ئىلى دەرياسىنىڭ كۈچلۈك
دولقۇنلىرى، سۈپسۈزۈك سۇلىرى، ئۇلۇغ ئېقىنلىرى ۋە ئۈستىدە
توختىماي ئويناپ يۈرۈيدىغان تاغ سەلكىنلىرى، ئەتراپىدىكى
باغ ۋە توقايلىقلىرى، يېقىملىق سايراپ كىشى كۆڭلىنى
مەھلىيا قىلىدىغان ھەر خىل قۇشلىرى، سۈيىنىڭ ئىچىدە
ئەركىن ئۈزۈپ، سەكرەپ ئوينايدىغان ئاق بېلىقلىرى ئۆز
مەۋجۇتلىقىنى ئەبەدىي ساقلاپ يوقالمىغان بولاتتى. بۇنداق
مەنزىرە، بۇنداق ساپ ھاۋا، بولۇپمۇ بۇنداق ئاق بېلىقلار
پەقەت ۋە پەقەتلا مۇشۇ ئىلى دەرياسىغا خاس. ئېسىت !
ھازىر ئاق بېلىقلارنىڭمۇ نەسلى قۇرىدى، ئاق ئۆرۈك ۋە
ئاق ئالمىلارنىڭ يىلتىزى چىرىدى. قىش ـ ياز توختاۋسىز
ئاقىدىغان ئىلى دەرياسى ئۆز خاسلىقىنى يوقىتىپ، سۈيى

بۇلغاندى.

يولدىشىنىڭ غېمىنى يەپ، كۆڭلى پەرىشان بولغان ياش خانىم دەريا لېۋىدە ئولتۇرۇپ گاھ ئېقىن سۇغا تىكىلىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەسرەت دېڭىزىدا ئۈزسە، گاھ ئۇدۇلغا، گاھ ئىككى يېنىغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ، دۇنيا غەملىرىدىن ئۆزىنى ئەپقېچىشقا ئۇرۇناقتا ئىدى. ئۇ تەبىئەتتىن ياردەم سوراۋاتقاندەك، ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى بىر - بىرلەپ كۈزىتىشكە باشلىدى. دەريانىڭ ئۇقېتىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرى سەلكىن شامالدا لەرزان تەۋرىنىپ تۇراتتى، ياۋا ئۆردەكلەر توقايلىقلاردىن ئۇچۇپ چىقىپ، ھاۋادا بىر دەم ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن دەريا بويىغا كېلىپلا، قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ كەتكەندەك يەنىلا ئارقىسىغا يېنىپ توقايلىققا يېقىنراق يەردىكى سايلىققا قونۇپ، ئىككى ياققا ئېغاڭلىغاندەك مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. قۇياش ئابرال تاغلىرىنىڭ چوققىسىدىن ھالقىپ دىلمۇك تاغلىرى تەرەپكە سۈرۈلگەنىدى، دەريا قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ ئېقىۋاتاتتى. دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر نەچچە سۇ يىلانى، ھەر قېتىم دولقۇن بىلەن تەڭ سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، كۆكتىكى پاقىراق قۇياشىنىڭ ئاستىدا كۆمۈش يادەك پاقىراپ ئېقىپ، بەجايىكى سالچىلارنىڭ روھلارىدەك بارا - بارا ياش خانىمنىڭ نەزىرىدىن يىراقلاپ كەتىۋاتاتتى. ئوڭ تەرىپىدىن سەل نېرىدا رەڭگى - روينىڭ ئۆڭى يوق، يۈزىنى قورۇق باسقان، چىرايىدىن قايغۇلۇق ئالامەت يېغىپ تۇرىدىغان، ئەمما بىر كۈن كەچكىچە بىرمۇ بېلىق تۇتالمىغان بولسىمۇ سەۋر قاچىسى ھېچ تاشمىغان

بىلىقچىدەك كۆرۈنىدىغان بىر ئادەم خۇداغا يېقىنراق تۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانىدەك، دەريا لېۋىدىكى ئەڭ ئېگىز بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى؛ بۇ ئادەمدىن ئىككى مېتىر نېرىدا يەنە ئىككى ياش قانداقتۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە دەرت ـ تالاش قىلىۋاتقانىدەك قوللىرىنى شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. سول تەرەپتە ياش خانىمدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر توپ خىتاي ساياھەتچىلەر قارىقۇشلاردەك ئاۋازلارنى چىقىرىپ، بىر ـ بىرلىرىنى رەسىمگە تارتىۋاتاتتى؛ ياش خانىم بىردىنلا ئۇلاردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، يەنە كۆۋرۈك بار تەرەپكە قارىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈۋاتقان قېيىقچى بولسا، موتورلۇق قېيىقنى سىلىۋالغان ئۈچ ئايال ساياھەتچىنى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتكۈزۈپ ئوينىتىۋاتاتتى. ئۇلار ئىچىدىكى ئوتتۇرا ياشلاردىكى، قىرقىم چاچلىق، ئورۇق كەلگەن بىرسى ھاياجىنىنى باسالماي ئۆركىشىگە دىرىژورلۇق قىلىۋاتقان دىرىژوردەك قوللىرىنى رېتىملىق ئۇياندىن ـ بۇيانغا پىلاڭلىتىپ، قاق ئېتىپ كۈلىۋاتاتتى؛ ئىككىنچىسى بولسا، ئۇزۇن ئاۋاق قولىدىكى تېلېفونى بىلەن رەسىمگە تارتىۋاتاتتى، ئۈچىنچىسى بولسا، گۆشلۈك يۈزىدىكى موتورلۇق قېيىقنىڭ ئاستىدىن چاچراپ چىققان سۇ دانچىلىرىنى ئۆز قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كۈلىۋاتاتتى. موتورلۇق قېيىق بولسا، دەريا سۈيىنى يېرىپ ئىككى ياققا بۇژغۇنلارنى چىقىرىپ، گويا سوقۇشقا سالغان خورازلاردىن توزۇپ چىققان پەيلەردەك لەپەڭشىپ، سەكرەپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى ئېگىز تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەم داۋاملىق تاماكىسىنى ئىچىگە كۈچەپ

تارتىپ، ئىزتىراپ بىلەن ئاڭزى - بۇرنىدىن ئىس چىقىرىۋاتاتتى ۋە ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل تەدبىرسىزلىك بىلەن گويا قىيادىن ئۆزىنى ئېتىشقا تەييار تۇرغان ئادەمدەك، بېلىقچىنىڭ پۇتلىرىدەك پۇشقاقلىرى تۇرۇلگەن ئۇزۇن پۇتلىرىنى پەرۋاسىزلارچە تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ھەممە ئادەمنىڭ قاش - كۆزلىرى ھەرىكەتسىز بولۇپ گويا ئافىنا سېپىلىنىڭ سەلتەنەتلىك تاش ئويمىلىرىدىكى ھەيكەللەردەك مىدىرلىمايتتى. دەريا سۈيى بولسا، گاھ يېقىندا، گاھ ئۇزاقتا، گاھ كۈچلۈك، گاھ ئاجىز ۋە تەرتىپسىز، قالايمىقان ھالدا چايقىلىپ ئېقىۋاتاتتى. يىراق - يېقىندا قۇشلار ۋىچىرلاۋاتاتتى، چېكەتكىلەر چىرىلداۋاتاتتى، پاقىلار كوكىراۋاتاتتى، دەريا بولسا داۋاملىق شەرقتىن غەربكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى كېپىنەكلەر قانات قېقىپ، گۈلدىن - گۈلگە، ئۇتتىن - ئۇتقا، تاشتىن - تاشقا قونۇپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئەنە شۇ كېپىنەكلەردىن بىرسى گويا ئۆزىنىڭ روھىنى ياش خانىمنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرگەندەك، ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمەي ئۇچۇپ يۈرەتتى، كېپىنەك ئۇچۇپ - ئۇچۇپ، ئايلىنىپ - ئايلىنىپ، ئاخىرى كېلىپ ياش خانىمنىڭ سۇتتەك ئاق سول بېلىگىگە قوندى. دەل مۇشۇ چاغدا ياش خانىم كېپىنەكنىن ئۇچۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ قولىنى سىلىق مىدىرلاتتى، كېپىنەك بېلىگىدىن لەرزان قانات قىقىپ ئۇچۇپ ھاۋاغا سەل كۆتۈرۈلدى، بىراق نېرىغا كەتمەي ئەكسىنچە، ياش خانىمنىڭ ئەگمە قىشىدەك ئېگىگلىك تۇرغان سول قولىنىڭ پىگىز بارمىقىنىڭ قىرىغا كېلىپ قوندى، ياش خانىم نېمىنىدۇر بىر نەرسىلەرنى ئويلاپ،

بىگىز بارمىقىنى ئاستا ـ ئاستا تۈزلىدى، كىپىنەك دەل مۇشۇ چاغدا ئىككى قانىتىنى يەڭگىل قىقىپ هاۋاغا سەل ـ پەل كۆتۈرۈلدى ۋە يەنە قۇياش نۇرىدا چوكا ئالتۇنىدەك پاقىراپ تۇرغان بىگىز بارماقنىڭ ئەتلىك يۈزىنىڭ دەل ئۇچىغا كېلىپ ئەپلىك قوندى. كىپىنەكنىڭ بۇ خىل سىرلىق هەرىكەتلىرى ياش خانىمنى خۇددى ياخشى يېزىلغان بىر رومانىدەك ئۆزىگە شۇنچىلىك جەلپ قىلغان ئىدى. ئەمدى پۈرسەتنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ياش خانىم ئوڭ قولى بىلەن يېنىغا قويۇپ قويغان سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئاستا سىيرىپ ئېچىپ، ئىچىدىن تېلېفونىنى ئالدى ۋە كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئاچقاندىن كېيىن، كىپىنەككە توغرىلاپ تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پارچە رەسىمگە تارتىۋالدى. ياش خانىم ئەنە شۇ مەشغۇلاتلارنى قىلىۋاتقاندا كىپىنەك ناهايىتى سەۋرچان مودېللاردەك ئۆزگىچە پوز چىرىپ، هەتتا تۇرغان قىياپىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرگەندەك قىلىپ، ئىككى قانىتىنى جۈپلەپ تىك تۇتۇپ، بارماق بىلەن بىر تەكشىلىكتە جىم تۇرۇپ بەردى. مۇشۇ مەنزىرىنى كۆرگەن هەرقانداق بىر ئادەم، كىپىنەك بىلەن ياش خانىم ئوتتۇرىسىدا بىر خىل سىرلىق باغلىنىش بار دەپ قىلىشى ئېهتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت هەرگىزمۇ تەسەددىبىيلا يۈز بېرىپ قىلىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرغا چىققان مۇناسىۋەت ئەمەستەك قىلاتتى. مەيلى كىپىنەك بولسۇن، مەيلى ياش خانىم بولسۇن، هەر ئىككىلىسى بۇ هاياتتىن ئازراق بولسىمۇ هۇزۇرلىنىش ئۈچۈن دەريا بويىغا كەلگەن ئىدى. هەر ئىككىلىسى دەريانىڭ دولقۇنلاپ

ئېقىشىدىن، دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاۋازنىڭ مۇزىكىلىق رېتىمىدىن بەختلىك بولىۋاتاتتى. ياش خانىم رەسىمگە تارتىش مەشغۇلاتىنى تامامالاپ بولغاندىن كېيىن، بىگىز بارمىقىنىڭ ئۇچىغا قونۇپ تۇرغان كېپىنەكنى سىنچىلاپ كۆزەتتى. بارمىقىدىكى تال ـ تال ئىنچىكە چۈگۈلمەچ سىزىقچىلار بىلەن كېپىنەكنىڭ بىر ـ بىرىگە جىپسلىشىپ تۇرغان ئىككى قانىتىنىڭ ئۈستىدىكى يىپەك يىپلاردەك يالجىپ تۇرغان ئىنچىكە سۈس سىرىق رەڭدىكى سىزىقچىلار بىر ـ بىرىگە تەققاس هالدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كېپىنەك قانىتىدا يۈرەككە ئوخشايدىغان نۇرغۇنلىغان هەر خىل چوڭلۇقتىكى گېئومېتىرىك شەكىللەر بار بولۇپ، بۇلار بەجايىكى شايى ـ ئەتلەسلەرگە چېكىلگەن سېرىق رەڭدىكى گۈللەردەك كۆزنى قاماشتۇراتتى. كېپىنەك قانىتىنىڭ ئۈيەر ـ بۇيەرلىرىدە يەنە ئۇششاق قارا چېكىتلەرمۇ بار ئىدى؛ بۇلار گويا گۈزەل جانانىنىڭ يۈزىگە ياراشقان مەڭلەردەك شۇنچىلىك جەلپكار ئىدى ۋە يەنە قانىتىنىڭ چۆرىسىدە، مەخمەل كۆرپىنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلغان زەدىۋالدەك زەڭگەر رەڭدىكى ئىنچىكە سىزىقچىلار بار بولۇپ، تۆپىدە تۇرغان قۇياشنىڭ نۇرىدا ئاجايىپ يالجىپ، ياش خانىمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋاتاتتى. كېپىنەكنىڭ قانىتىنىڭ قوساق قىسمىغا تۇتاشقان يەرلەرنى قويۇق يۇمران تۈكلەر قاپلىغان بولۇپ، دەل مۇشۇ يەردىن چىققان ئالتە پۇت، ياش خانىمنىڭ بىگىز بارمىقى ئۈستىگە مەزمۇت دەسسەپ تۇراتتى. ياي شەكىلدە ئىگىلگەن بۇ پۇتلارنىڭ ئۈستىدىكى ئۇششاق تۈكلەر، دەريا سۈيىنىڭ سالقىن سەلكىنىدە يەڭگىل يەلپۈنۈۋاتاتتى. كېپىنەكنىڭ قاپقارا

بۇرنىنىڭ ئۇچىنىڭ بىر تەرىپىدە بىر تال يىڭنىدەك ئىنچىكە
ئانتېننىسى بار بولۇپ، ئۇشبۇ ئانتېننا خۇددى ۋېلسىپىتنىڭ
داڭگىرىتىدەك ياش خانىمنىڭ بىگىز بارمىقىغا تىيەكلىك
ھالەتتە تۇراتتى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە
روشەن رەۋىشتە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يۆگەك ئۆتتەك
يۆگەكلىك خارتۇم بار بولۇپ، بۇ ھال كىشىگە پىلنىڭ
خارتۇمىسىنىڭ شەكلىنى ئەسكە سالاتتى. كېپىنەكنىڭ قاپقارا
ئىككى تال چىكىتتەك كۆزىنىڭ ھەربىرسىنىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىدىن سىممېتىرىك شەكىلدە بۆلۈپ تۇرغان ئاق
سىزىقچا بار ئىدى؛ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنىمۇ ئوخشاشلا ئۇششاق
تال - تال تۈكلەر ئورىۋالغان بولۇپ، بۇ كۆزلەر گويا بولۇق
ئوت - چۆپلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان سۆپسۈزۈك بۇلاقتەك
تىنىق ئىدى. مەزكۇر كېپىنەك شۇنچىلىك نازۇك، شۇنچىلىك
سىپلىق، شۇنچىلىك تىنىچ، شۇنچىلىك پاك ئىدىكى،
ۋۇجۇدىدىن قىزىل گۈلنىڭ پۇرىقى يېغىپ تۇراتتى. ئومۇمەن
كېپىنەك مۇتلەق رەۋىشتە خىلە - خىلە چىرايلىق مودېل
قىزلارنى تاڭ قالدۇرىدىغان دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى. بۇ
مۇختەشەم گۈزەللىك بولسا، ياش خانىمنىڭ روھىغا ئەينەك
بولغانىدى. ئۇشبۇ ئەينەككە قارىغانسېرى ياش خانىمنىڭ
روھى ھالىتى تۇراقلىشىپ، كۆزنى ئېچىپ يۇمغىچە بولغان
ئارىلىقتا روھىي ھالىتىدە تامامەن ئۆيگۈرۈش يۈز بەرگەنىدى.
روھىنى ئازاپلىغان ھەممە نەرسە توزغاقتەك توزۇپ، ئۈستىنى
بېسىپ تۇرغان تۈگمەن تېشىنى مۇشۇ كېپىنەك كېلىپ
ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك راھەت بىر ئىچكى تۇيغۇغا ئەسىر
بولۇشقا باشلىغانىدى. گۈزەل مۇشۇ دەقىقە پەقەت ۋە پەقەتلا

ياش خانىمنىڭ روھىغا ئائىت بولغان دەقىقە بولۇپ قالدى. كېپىنەك ياش خانىمنىڭ رەسىمگە تارتىش مەشغۇلاتى ۋە ئەتراپلىق كۆزىتىشى ئاخىرلىشى بىلەن تەڭ، گويا رەسىمچىدىن ۋە ئەتراپتا قاراپ تۇرغان بارلىق تاماشىبىنلاردىن مەمنۇن بولغان تەجرىبىلىك ئەرتىسلاردەك، ناھايىتى تەمكىن قىياپەت بىلەن ئىككى قانىتىنى لەرزان قېقىپ، ئاجايىپ بىر جازىبە بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى ۋە ئەتراپنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، دەريا قىرغىقىنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا يىراقلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، ئارىلىقتا يەنە ئۆزىنىڭ نەزىرىدە چىرايلىق دەپ قارىغان جايلارغا، گۈللەرگە، تاللارغا ۋە تاشلارغا قونۇپ ئۇچۇۋاتاتتى؛ دەريا بويىدىكى ھەممە نەرسە پەقەت ئۆزىگىلا ئائىتتەك شۇنچىلىك ئەركىن، شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك خاتىرجەم ئۇچىۋاتاتتى، ھەتتا يەر شارىمۇ كېپىنەككە ماسلىشىپ ئايلىنىۋاتقاندەكلا ئىدى. ياش خانىم كېپىنەكنىڭ ئەنە شۇ بەختكە تولغان ئۇچۇشلىرىغا قاراپ، گويا ئالى مەكتەپكە ئوغلىنى ئۇزاتقان ئانىغا ئوخشاش كېپىنەكنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە مېھرىلىك باقتى، كېپىنەك شۇنداق ئەركىن ئۇچۇپ، بارا ـ بارا تەبىئەتنىڭ قوينىدا غايىپ بولدى. ياش خانىم ئەمدى كېپىنەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، قولىدا تۇتۇپ تۇرغان تېلېفونىنىڭ ئېكرانىدىكى رەسىمگە سىنچىلاپ باقتى، كېپىنەك رەسىمگە ھەقىقەتەن چىرايلىق چۈشكەن ئىدى، ئۇ گويا بىر ماددىي جانلىق ئەمەس، بەلكى بىر روھتەك ئىدى، كىچىك ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئىلاھىي گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شائىانە گۈزەل ئىككى قانىتىنى جۈپلەپ تۇرۇشلىرى ياش خانىمغا

ئۆزى ئۇچۇن دۇئا قىلىۋاتقان بىر مۇقەددەس روھنى ئېسىگە سالغانىدى. ۋاي خۇدايىم بۇ قانداق بىر پاك تۇيغۇ ھە؟! كېپىنەكەنىڭ ياش خانىمنىڭ قولىغا كېلىپ قونۇشى، گويا مېيى تۈگەپ، ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان دىڭخۇلۇ( قارا چىراغ) قا ماي قويغاندەكلا ئىش بولغانىدى. ياش خانىمنىڭ كۆڭلىنى بەخت تۇيغۇسى ئەسىر ئالغانىدى، ئەڭ ھاياجانلىق ئىپادىلەر لەۋ شۇرۇق سۇرتكەن لەۋلىرىدەك جانلانغانىدى. ھالبۇكى كېپىنەكنىڭ ئۆمرى پەقەت بىر سوتكىلا، ئەنە شۇ بىر كۈنلۈك ئۆمرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، مۇشۇ دەريا بويىدا ھەسرەتكە تولۇپ ئولتۇرغان ياش خانىمنىڭ يولدىشى بىلەن پات ئارىدا جەم بولۇشى ئۈچۈن، ئىككى قانىتىنى يىممىدە جۈپلەپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان ۋە يۇمران ئالتە پۇتىنى ياش خانىمنىڭ مارمىقىدا نازۇك مىدىرلىتىپ تۇرۇپ ئازابقا تولغان يۈرىكىگە ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بولغانىدى. ئىنسان ھاياتىدىكى ئەنە شۇ «بىر دەم» پەقەت ۋە پەقەتلا بىر كۈن ئۆمۈر كۆرىدىغان كېپىنەك ئۈچۈن، پۈتۈن بىر ئۆمرىنىڭ زور بىر قىسمى ھېسابلىناتتى. ياش خانىم كۆڭلىدە، كېپىنەكنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئاجراتقان ئۆمرىگە ۋە كېپىنەك ئەرتە بۇ دۇنيادا يوقلۇقىنى يا بىلسۇن، ياكى بىلمىسۇن، نېمىلادېگەنبىلەن شۇنچىلىك بەختلىق بىر روھى ھالەتتە ئۆزىنىڭ بارمىقىنىڭ ئۇچىدا ئۆمرىنىڭ مەلۇم بىر قىمىنى ئۆتكۈزۈپ، تەبىئەتنىڭ بارلىق گۈزەل مەۋجۇداتلىرى بىلەن بىر- بىرلەپ خوشلۇشۇپ، ھەسرەتلىك كۆڭۈللەر ئۈچۈن ئۆمرىنى پىدا قىلىپ ئۆتكەنلىكىگە تۈمەنمىڭ رەخمەت ئېيتتى ۋە ئىنسانلار «بىر كۈن» دەپ بىلىدىغان بۇ ۋاقىتنىڭ

كىپىنەك ئۈچۈن «بىر ئۆمۈر» ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، قەلبىنى چۈشەنگەن ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇغاندەك بولۇپ، روھىدا شۇكۇرنىڭ، ئۈمىدنىڭ چىرىغى پىلىلدىدى ۋە «كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ بۇ كىپىنەك بەلكى بىر كۆرۈنمەس روھنىڭ ئىلھامى بىلەن ماڭا تەسەللى بەرگىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەپسۇس مەندە ئۇنى بىلىدىغان بۇنداق بىر قۇدرەت يوق، كاشكى كىپىنەكنىڭ تىلىنى بىلگەن بولسام، بەلكى ماڭا ئۆزىنىڭ بىز ئۈچۈن بىر كۈنگە تەڭ كېلىدىغان پۈتكۈل ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن بولار ئىدى. بىز ئارزۇ قىلغان ھەقىقىي ئەركىنلىك ۋە مەزكۇر ھاياتنىڭ مەنىسى بولسا، بىز ئەبەدىي بىلمەيدىغان ياكى بىلىشنىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئاشۇ كىپىنەك نىشانلاپ ئۇچۇپ كىتىۋاتقان نامەلۇم بوشلۇقتا بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پىكىرلەرنى كاللىسىدىن غىل - پال ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئېسىنى يىغىپ، روھىنى تولدۇرىۋاتقان ئاشۇ مۇختەشەم ھاياجاننىڭ مەڭگۈ يوقالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىپ مەكتەپكە قايتىش ئۈچۈن، ئېغىر قەدەملەرنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. دەرۋەقە، ياش خانىم شۇ دەقىقىلەردە بىر كۈننى بولسىمۇ كىپىنەكتەك ئالەمنىڭ غەم - قايغۇلىرىدىن، روھنى ئازابلاۋاتقان ھەسرەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن - ئازادە ئۆتكەزگۈسى كەلگەندى. كىپىنەكتەك قانات قېقىپ ئۇچۇپ دەريانىڭ ئۇ قاتىغا، دىلمۇك تاغلىرىنىڭ باغرىغا ھەتتا نەچچە سائەت ئىچىدىلا ئېرىشكىلى بولىدىغان تاغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئەركىنلىككە قاراپ ئۇچقۇسى كەلگەندى. بىر كۈننى، پەقەت ۋە پەقەتلا ئۇشبۇ كۈننى ئەركىنلىككە قېنىپ - قېنىپ ئۆتكۈزىۋالسا،

كېپىنەكتەك ئارمانسىز ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئىكەنلىكىنى زېھنىدە جانلاندۇرغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا دەريا بويىنىڭ جەننەتكە ئەڭ يېقىن جاي ئىكەنلىكىنى، كېپىنەكنىڭ جەننەتتىن ئۇچۇپ كەلگەن پەرىنىڭ ماددىي ئالەمدىكى كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، شۇنچىلىك بەختلىك بولغان ۋە تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بۇ شائانە نېمەتنىڭ تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئەڭ گۈزەل سوۋغىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

## 27

ئاپتوبۇس بولسا، ئەتراپى شۇنچىلىك تۇمان، شۇنچىلىك سوغۇق، شۇنچىلىك ھەسرەتلىك مۇز تۇتقان دەريادىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، بارلىق جانسىز شەئىيلەرنى ئارقىغا تاشلاپ، كەڭ بىر دالانىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان تۈپتۈز يولدا گويا بىر نەرسىدىن قورقاپ قاچقاندەك تېز سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كەڭكەتكەن دالا تەگرى يول قويغان چەك - چېگرا ئىچىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياسانغان ئىدى. ئۈستىگە بوز قاردىن يېپىنچا ئارتقان زېمىننىڭ ئۇيەر- بۇيەرلىرىدە قاردىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان قورايلار قىش شامىلىدا دىرت - دىرت تىترەۋاتاتتى، تىۋىلغىلارنىڭ باشلىرى ئىككى ياققا ئېغاڭلاپ، غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن يېغلاپ ئۇزۇتىۋاتقاندەك، ھەسرەتلىك بىر خىل ئاۋاز چىقىرىۋاتاتتى. يولنىڭ ياقىسىدىكى قار باسقان زەيكەشلەردە قىرو قاپلىغان باشلىرىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان توزغاقلار بەئەينى ماراژونغىلا ئوشاپ قالغان

بولـۇپ، بىـر قارىغـان كىچىـك بالىنىـڭ ئىشتىھاسـىنى قوزغاتمـاي قالمايتتـى. يـول بويىنىـڭ ئۇيـەر ـ بۇيەرلىرىدىكـى تېرەكلەرنىڭ قىـرو باغلىغـان شـۇڭگىلىرى ئاچچىقتىـن تۇرۇلگـەن قاپـاق ئۈسـتىدە ۋاقىتسـىز ئاقارغـان قاشـتەك كۆرۈنـۈپ تۇراتتـى. گەرچـە ھازىـر ھـاۋا تۇمانلىـق بولمىسـىمۇ، يەنىـلا ئاسـماندا قـارا بۇلـۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتـى، يىراقتىـن كۆرۈنـۈپ تۇرغـان دىلمۇك تاغلىـرى ئانـا ۋە بالىنىـڭ يولىغـا قـاراپ قالغانـدەك سـۈكۈنات ئىچىـدە غەرىپتىـن شـەرققە سوزۇلۇپ ياتاتتـى. يـاش خانىم دېرىزىدىـن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈۋاتقـان مەنزىرىلەرگـە قاراۋېرىـپ كۆزلىـرى ھېرىـپ، بېشـى قېيىـپ، مـۇز تۇتقـان دەريانىـڭ خىـرە كۆرۈنۈشـى زېھنىنىـڭ بىـر چېتىـدە مۇزغـا ئوخشـاش قېتىـپ قالغانـدى. يەنـە شـۇنداقتىمۇ گـۈزەل مەنزىرىلەرنـى تەسـەۋۋۇرىدا جانلانـدۇرۇپ، رېئاللىقتىكـى تۇتـۇق مەنزىرىلـەر ئارىسـىدىن ئۆتـۈپ، تاغنىڭ غـەرب تەرىپىدىكى ئەركىنلىكنـى كـۆز ئالدىغـا ئەكىلىـپ، قالايمىقان ئـوي ـ خىياللار ئارىسـىدىكى تەگقىسـلىقتىن قۇتۇلـۇپ، بۇرۇقتۇرمۇلـۇق دەۋر سـۇرىۋاتقان ئاپتوبۇسـنىڭ ئورۇندۇقـىدا ئـۆز ـ ئۆزىگـە مـەدەت ۋە ئۈمىـد بېرىـپ ئولتۇرۇشـقا تىرىشـۋاتاتتى. دەرۋەقـە، ئاپتوبـۇس توختاۋسـىز ئىلگىرلـەپ، دىلمـۇك تېغـى ئېتەكلىرىدىكـى ناھىيـە ۋە يېزىلارغـا يېقىنلاشقانسـېرى، قەلبىـدە گۈرۈلـدەپ كۆيىۋاتقـان ئەركىنلىك ئوتى ۋۇجۇدىنى ئاسـتا ـ ئاسـتا ئېللىتىشقا باشـلىغان ئىـدى. ئـۆزى ئاپتوبۇسـنىڭ ئىچىـدە بولغىنـى بىلـەن خىيـال بۈركۈتـى ئالىقاچـان ئاپتوبۇسـنىڭ ئۇدۇلـىدا كۆرۈنـۈپ تۇرغـان باشـلىرى كۆكـۈش مـۇز تۇتقـان دىلمـۇك تېغىنىـڭ تەگرىقـۇت چوققىسـىغا، ئەراگىـزەك چوققىسـىغا، ئاقتـاش چوققىسـىغا ۋە بـەش سـالا چوققىلـىرى بىلـەن شـىمالىي ئېتەكلىرىدىكـى ئۇيغـۇر

يېزىلىرىغا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. ياش خانىمنىڭ مۇشۇ دەقىقىلەردىكى ھېس - تۇيغۇ تولغان ھالىنى ھېچقانداق بىر رەسسامنىڭ ئەينەن تەسۋىرلەپ سىزالىشى ۋە ھېچقانداق بىر شائىر ئەينەن ئىپادىلەپ يازالىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئاپتوبۇس ئەنە شۇ تەرىقىدە ھېچ يەردە توختىماي بۇلۇتلارنى سۈپۈرگەن شامالدەك تېز سۈرئەتتە مېڭىپ ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ يەردە ئابتوبۇستىكى يولۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چۈشۈپ قالدى، ئۇلار ئۆزلىرى يەتمەكچى بولغان مەنزىلگە يەتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئاراسىدا يولبويى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەلگەن بوۋايمۇ بار ئىدى. بوۋاي ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقاندا خىيالدىن ئويغانغان ياش خانىم بىلەن ئۇيقۇسىنى ئاچقان بالىغا قاراپ، گويا ياش خانىمنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان سىرىنى بىلىۋالغاندەك «ئاق يول بولۇڭلار باللىرىم ! يىگىت غەيرەت قىل !» دەپ، بەئەينى ئانىسىنىڭ كۆكسىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان بوۋاقنىڭ سەبىي كۈلكىسىدەك شۇنچىلىك چىرايلىق تەبەسسۇم قىلىپ، ئارقىسىدىن چۈشۈۋاتقان يولۇچىلارغا دەھلى قىلماسلىق ئۈچۈن ئىشىكتىكلا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى. ياش خانىم بىر نېمە دېيىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق ھېچنېمە دېيەلمىدى. يولۇچىلار ئاپتوبۇستىن قانداق ئىشتىك چۈشكەن بولسا، ئاپتوبۇس ئىشىكىمۇ شۇنداق ئىشتىك «جالاققىدە» قىلىپ يېپىلىپ، ئۇدۇل يولغا راۋان بولدى. يەنە شۇنداقتىمۇ ياش خانىم دېرىزىدىن بويىنىنى سوزۇپ، ئەتراپىغا قارايمۇ قويماي پەرۋاسىز ھالدا ئىلدام قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان بوۋايغا قاراپ : «سىزمۇ ئامان بولۇڭ،

بوۋا !» دەپ ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئاپتوبۇس ئالدىغا ئىلگىرلىگەنسېرى بوۋاينىڭ مۆكچەيگەن گەۋدىسى ئاستا- ئاستا كۆڭگالىشىپ، ئاخىرى كۆزدىن غايىپ بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا بالا يەتمەكچى بولغان مەنزىلىگە ئالدىرغاندەك قىلىپ «يەنە قانچىلىك ماڭىمىز» دەپ سورىدى، ياش خانىم ئوغلىنىڭ ئۇشبۇ قىسقا سوئالىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ «ئاز قالدى ئوغلۇم، كۆزۈڭنى بىر يۇمۇپ ئاچساڭلا يېتىپ بارىمىز» دېدى. بۇ چاغدا ئانىسىنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولغان بالىنىڭ ناماشەم گۈلىنىڭ ئۇرۇقىدەك قارا كۆزلىرى نۇرلىنىپ، تېخىمۇ ئوماقلىشىپ، خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدى. ئاپتوبۇسنىڭ كېتىۋاتقان يوللىرىنى ئۇنچىلىك ياخشى يول دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئەلۋەتتە يېزا يوللىرى بولغاندىكىن بۇنچىلىك ئوڭغۇل- دوڭغۇلى بولۇشىنىڭ ئۆزى نورماللىق بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە پەقەت ئانا- بالا بىلەن بوۋاينىڭ يان تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەر- ئايال قالغان ئىدى. ئاپتوبۇس يېزا يوللىرىدا ئېغاڭلاپ يەنە ئون مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن، ئانا- بالا يېتىپ بارماقچى بولغان يېزىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك بىر يېزىغا كەلگەندە ئەر- ئايالمۇ چۈشۈپ قالدى. ئەمدى ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ئانا ۋە بالىغا ئوكچە قالغان ئىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى تېخىمۇ تىمتاسلىقتا چۆككەن بولۇپ، شوپۇر تەرەپتىن كېلىۋاتقان سىپسىق سىگارتىنىڭ پۇرىقىنى ئىچىگە لىق تولدۇرغان ئاپتوبۇس بارغانسېرى تاغ باغرىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، ھاۋامۇ ئەمدى يان بېرىشكە باشلاپ، ئاسمان سۈزۈلۈۋاتاتتى، كۆكتە قۇياشنىڭ ھېرە يۈزى كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى.

نىھايەت، ئارا يېزىدىن ئۆتكەن ئاپتوبۇس ئون بەش مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندى. ياش خانىم بولسا، شوپۇر ۋە شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مۇلازىمەتچى بىلەن خوشلۇشۇپ، بالىسىنى يېتەكلىگەن پېتى ئۇدۇل بوۋىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە غازاڭدەك تام ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

## 28

يېزا يوللىرىدا نە كالا، نە ئات، نە ئادەم، نە ھارۋا، نە ماشىنا يوق ئىدى. ھەتتا جانلىق جانسىزلارنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈلمەيتتى. پۈتۈن بىر يېزا چەكسىز دىلمۇك تېغىنىڭ باغرىدا ئۆلەكتەك جىمجىت ياتاتتى. مانا بۇ جىمجىتلىق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك سالماي قالمايتتى. سۆكۈنات باسقان يولدا بالىسىنى بىلەن كېتىۋاتقان ياش خانىمنى بىردىنلا قورقۇنچلۇق سۇر بېسىشقا باشلىدى، يەنە شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى رۇسلاپ، ئىشتىكرەك بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ يول ئالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىش پەسلىدە يېزا بۈرۈنقىدەك ئۇنداق قېلىن قارنىڭ ئاستىدا قالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ يىلمۇ قار بەك كۆپ ياغمىغانىدى، ھەم قىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولغاچمىكىنتاڭ، يېزا كوچىلىرىدا، باغلاردا، ئېتىزلاردا كۆپ قار يوق ئىدى. ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرىدىغان تاغ شاملى قارلارنى ئۈچۈرۈپ، يېزا مەھەللىسىنى تازدەك تاقىر قىلىپ قويغان ئىدى ؛ ھەتتا ئەسكى سوقما تاملارنىڭ تۆۋىدىكى قارلارنى تاغنىڭ ساپ ھاۋاسى شۈمۈپ خورىتىۋەتكەن بولغاچقا قارنىڭ ئاستىدىكى

قۇرۇق يۆگەك ئوتلارنىڭ ئۇچلىرى كۆرۈنۈپلا قالغان بولۇپ، بۇ ھال باھارنىڭ پات ئارىدا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتاتتى. يېزا مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى ھەشتەرخان دەرىخىنىڭ ئۇچىغا باغلانغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تاغدىن ئەسكەن سوغۇق شامالدا سىلىق تەۋرىنىپ تۇراتتى، ھەشتەرخان دەرىخىنىڭ كۈل رەڭ سوپپاقلىرى قىشچە بولغان قەھرىتان سوغاقنىڭ دەستىدىن كۆپۈپ كەتكەن بولۇپ، گويا ئۆزىنىڭ غولىدىن ھېلىلا ئاجراپ كېتىدىغاندەك ئۈركۈپ تۇراتتى. سۇۋاق تاملاردىكى قاراۋۇل ئەسكەرلەردەك قاتار-قاتار تۇرغان قىزىل بوياقتا يېزىلغان خىتايچە خەتلەرنىمۇ قىشچە ياغقان قارلار سوقۇپ، شامالار يالاپ، ئوقۇغۇسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى يېمىش ماللار دۇكىنى تاقاقلىق ئىدى. تېمىغا يانداپ توغرىسىغا ياتقۇزۇپ قۇيۇلغان قوۋزاقلىرى شىلىۋېتىلگەن ئۇزۇن كۆتەكنىڭ ئۈستىنى قۇشلارنىڭ مۇز تۇتقان ماياقلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۆيلەرنىڭ مۆرىلىرىدىن چىقىدىغان ئاچچىق تېزەك تۇتۇنلىرىنىڭ پۇرىقى بۇرۇنقىدەك ئۇدۇل كېلىپ دىماققا ئۇرۇلماۋاتاتتى. ياش خانىم ئەنە شۇ بۇرۇنقى قىلىن قار باسقان يېزىنىڭ قىشلىق مەنزىرىسىنى، ئۆي - ئۆيلەرنىڭ مۆرىلىرىدىن چىقىۋاتقان قويۇق تېزەك تۈتۈنلىرىنىڭ پۇرىقىنى سېغىنغان ئىدى. دەرۋەقە، ياش خانىم باللىق چاغلىرىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن بۇ يېزىغا كۆپ كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ يازلىق تەتىل مەزگىلىدىكى كۈنلىرىنى ئاساسەن مۇشۇ يېزىدا ئۆتكۈزەتتى، شۇ ۋەجىدىن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە دىلمۇك تېغىنىڭ مەنزىرىسى باللىق روھىدا ئۆچمەس

تەسراتلارنى قالدۇرغانىدى. تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىنمۇ، ئائىلىسى بىلەن بىرگە ھەر يىلى تۆت پەسىلدە بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، بوۋىسىنى يوقلىغاچ دىلمۇك تېغىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ، مىجەزىنى تەڭشەپ كېتەتتى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ياش خانىمغا تونۇش، ھەتتا يېزا ئاھالىسىنىڭ قوراسى ئالدىدىن سەل نېرىراقتا يۆتكىلىپ كەتكەن تاشمۇ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى ۋە بۇيەرلىكلەرمۇ ياش خانىمنى بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپ تونۇيتى، ھەتتا باھاردا چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن ئالمىلىق باغلاردىن ئۇچۇپ چىققان بۇلبۇل، يازدا تاغ باغرىدىن ئۇچۇپ كەلگەن كاككۇك، كۈزدە يوپۇرماقلىرى سارغايغان ئاق تېرەكنىڭ شاقلىرىغا قونىۋالغان سېغىزخان، قىشتا ھويلىدىن يۈگرەپ چىققان ئىتتىن تارتىپ ھەممە جانلىقلار ياش خانىمنى تونۇيتى. ھالبۇكى ھازىر مەزكۇر يېزا بۇرۇنقى سەلتەنەتلىك جازىبىسىدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ، قەبرىستانلىقتەك تىمتاسلىق ئىچىگە بەنت بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن چارچىغان چا ساقال ئادەمدەك قار- مۇز ئىچىدە مۈگدەپ ياتاتتى. يېزىدىكى ھەممە قورالارنىڭ دەرۋازىلىرى ھىممىدە يېپىقلىق ئىدى، تاملىرىدىن ئورخۇن ۋادىسىدىكى مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىنىڭ يۈزىدەك مۇز يېغىپ تۇراتتى. يېزىدا زۇلمەت بار، دەرت بار، ئەلەم بار، سۇغۇق شامال بار، قار ۋە مۇز بار، ھەممىدىن يامىنى ھەممە يەردە ھەسرەت بارئىدى. ھەسرەت گويا ئېلېكتىر ئېقىمىدەك يېزىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدا ئېقىپ يۈرەتتى، ھەتتا بېشىدا تىكلىنىپ تۇرغان تاغدىنمۇ ھەسرەت يېغىۋاتقاندەكلا قىلاتتى. بۇ ھال ياش

خانىمنىڭ جېنىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەسرىتىگە ھەسرەت قوشۇۋاتقانىدى ۋە لېكىن ئەتراپتا ئادەمنىڭ يوقلىقى ياش خانىم ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى، قانچە ھەقنىڭ كۆزىگە چېلىقمىسا شۇنچە ياخشىلىقنى ئۆزى ئوبدان بىلەتتى، شۇ ۋەجىدىن ئىنسى - جىنغا كۆرۈنمەي ئىشتىكرەك ئۆيگە كىرىۋېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى. نىھايەت، ياش خانىم يولدا توڭلاپ ياتقان تېزەكلەرگە، قار ۋە مۇز بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن تاشلارغا پۇتلىشىپ مېڭىۋاتقان ئوغلىنى ئەگەشتۈرگەن پېتى بوۋىسىنىڭ ئىككى قاناتلىق كونا دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئوچۇق تۇراتتى، ياش خانىم ئېھتىيات بىلەن، ئاشۇ قىيا ئېچىغلىق تۇرغان ئىشىكنى ئاستا ئىشتىرىپ ئاچتى، بىراق ئىشىكنىڭ كونا ياغاچلىرىدىن «غىچىر - غىچىر» قىلغان تاۋۇش چىقىپ، قورانىڭ ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزىۋەتتى ۋە ئىشىكنىڭ ئېچىلغان قانىتى بىر ياققا قىڭغىيىپ قالدى. كۈتۈلمىگەن ئۇشبۇ ھادىسىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن ياش خانىم، ئالدىراشلىق بىلەن ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى قورانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇدۇلىدىكى پاكار- پاكار رەتلىك سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىكى مەڭگەن - پاخاللارغا قونۇۋالغان ئۈركۈگەك بولۇپ كەتكەن قۇشقاچلار گۆرىدە قىلىپ بىراقلا ئۇچۇپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئارقىدىنلا ئېغىلدا ئات چايناۋاتقان قۇرۇق چۆپنىڭ ئاۋازى قۇلاققا ئۇرۇلدى ۋە بۇ ئاۋازلار ياش خانىم بىلەن بالىنىڭ قورادا مېڭىۋاتقاندىكى ئاياقلىرىنىڭ ئاستىدىن چىققان تاۋۇشىغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەنە شۇ دۇمبىسىنى دىلمۇك تېغىغا قىلىپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ بىرى

ئېغىل، بىرى ئامبار، بىرى بولسا ھاجەتخانا ۋە يەنە بىرى روس ئۇسلۇبىدا ياسالغان پارمۇنچا ئىدى. ئۇشبۇ پاكار ئۆيلەرنىڭ ئالدى كەڭ كەتكەن مەرا بولۇپ، دەل مۇشۇ مەرانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا گۇمبەزدەك چوڭ بىر قار دۆۋىسى تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە شەرققە قارىتىپ قاتار قىلىپ ئاددىيلا سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق پېشايۋانلىق ئۆيلەر بار ئىدى. ئانا ۋە بالا ھويلىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ كىرىش بىلەن تەڭ پېشايۋاننىڭ ئالدىدىكى تالسىز ئۈزۈم باراڭنىڭ بادىرلىرىدىن بىرنەچچە قونۇۋالغان سېغىزغان بار كۈچى بىلەن شاراقلاپ سايراپ، قورانىڭ سۈكۈناتىنى بىراقلا بۇزىۋەتتى. بالا بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن شېغىزغاننىڭ توختاۋسىز تەۋرىنىپ تۇرغان ئالا - چىپار قۇيرۇقىغا، ئېچىلىپ - يېپىلىۋاتقان قاراق تۇمشۇقلۇق ئېغىزىغا بىر پەس قاراپ تۇردى، ئۇۋاققىچە ياش خانىم پېشايۋاننىڭ پەلەمپەيدىن يۇقۇرغا چىقتى ۋە ئامان - ئېسەن قورانىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئىچى شۈكۈر تۇيغۇسى بىلەن بېزەلدى. دېمىسىمۇ بۇ ھاياتىكى ئەڭ چوڭ بەختلەرنىڭ بىرى جىددىي پەيتلەردە ئارزۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدۇر. دەرۋەقە، ياش خانىمۇ، بالىمۇ ناھايىتى بەختلىك كۆرۈنەتتى، سېغىزخاننىڭ جازىبەلىك سايراشلىرىدىن ھاياجانلانغان بالىنىڭ قارا كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە خۇشاللىقنىڭ ئۇچقۇنلىرى ئۇسۇل ئويناۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ۋە بوۋاينىڭ بېشى كۆرۈندى، بالا دەرھال پېشايۋاننىڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلدى. كۆز ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەن

پەرىشتىلەردەك تۈيۇقسىزلا پەيدا بولغان ئەۋرىسى بىلەن نەۋرىسىنى كۆرگەن بوۋاي خوشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بىر ئاز تەمتىرەپ قالدى ۋە ئالدىدا تاتلىق كۈلۈپ تۇرغان بالىنى تىزلىنىپ تۇرۇپ باغرىغا چىڭ ئىدە باستى، بۇ چاغدا بالا شۇنچىلىك بەختلىك بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ دەل مۇشۇ چاغدىكى خوشاللىقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. مەيلى كىچىك بالا بولسۇن، مەيلى چوڭ ئادەم بولسۇن ۋە ياكى بىر ھايۋان بولسۇن، ھەرقانداق بىر جانلىق ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولغان يەردە چەكسىز بەختكە ئېرىشىدۇ ئەلۋەتتە. ئۇۋاقىچە ياش خانىم كېلىپ بوۋاينىڭ ئىككى قولىغا مېھرىلىك ئېسىلىپ، بوۋاينى ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە بوينىغا سىيرىلىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. بوۋايمۇ نەۋرىسى بىلەن ئەۋرىسىنى تولىمۇ مۇلايىم ھۆسىلە ـ سۆلكەت، شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىگە باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچى ھۆپپىدە ئىسسىق بولۇپ، پەگاھنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلغان جاۋەننىڭ ئوڭ تەرىپىگە يۆلەپ قويغان سۇ ئېدىشىدىن بىر غېرىچ نېرىدىكى ئوچاقتا گۈلكۈرەپ كۆيۈۋاتقان كۆمۈرنىڭ ئاۋازى قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوچاقنىڭ چويۇن پىلتىسىنىڭ ئالدىنقى كۆزىگە ئېسىلغان قازاندا پورۇقلاپ بىرنەرسە قايناۋاتقان بولۇپ، قازان بىلەن تۇۋاقنىڭ ئارىلىقىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالغان بۇ ئاجايىپ مەزىلىك پۇراق ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان سۈر گۆشنىڭ پۇرىقى بولۇش ئېھتىمالىدىن يىراق ئەمەس ئىدى. بۇ تاغلىق يېزىدا، بۇنداق سوغۇق قىشتا، بوۋاينىڭ يالغۇز بېشىغا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى تامىقى

ئەلۋەتتــە قىشــچە يېيىــش ئۈچــۈن ســوقۇم قىلغــان گۆشــتە ئېتىدىغــان نارىــن بولمــاي نېمــە بولاتتــى دەيسىز. ئەنــە شــۇ سۈر گــۆش پىشــۋاتقان ئوچاقتــا كۆيۈۋاتقــان كۆمۈرنىــڭ يالقۇنــى پەگاھنــى يورۇتىۋەتكــەن بولــۇپ، ئــوت يالقۇنىنىــڭ گۈرۈلدەشــلىرى، قازاننىڭ پورۇقلاشــلىرىغا تەڭكەش قىلىۋاتاتتى. ئۆينىــڭ ئىچــى ھۆپپىــدە ئىسســىپ كەتكــەن بولغاچقــا ئانــا ۋە بالىغــا بەكمــۇ خــوش ياققــان ئىــدى. بالىنىــڭ شــالاڭ قاشــلىرى ئاســتىدىكى ئۇيقۇســىغا قانغــان نۇرلــۇق كۆزلــىرى بوۋاينىــڭ يۈرەك تارىنــى چەكمەكتــە ئىــدى. بــالا ناھايىتى سەگەكلىشــىپ، قــارا كۆزلــىرى يوغىنــاپ، تــال ـ تــال كىرپىكلــىرى ئارقىغــا قايرىلــىپ، نېپىــز لەۋلــىرى ئارىســىدىكى ئاپــاق چىشــلىرى كۆرۈنــۈپ قالغــان ئىــدى. ئۆينىــڭ ئىچــى ئىسســىق بولغاچقىمــۇ ۋە پاكــى شــۇنداق رەتلىــك بولغاچقىمۇتــاڭ ئۇشــبۇ ئاددىــي ئــۆي يــاش خانىمغــا ئاجايىــپ ئىللىــق بىلىندى.ئىشــقىلىپ ئۆينىــڭ ئىچــى ناھايىتــى ئــاددى سەرەمجانلاشــتۇرۇلغان، ئۇيــەردە ـ بۇيــەردە رەتســىز قويۇلغــان ھېچقانــداق بىــر نەرســە كۆزگــە چېلىقمايتتى ; ئۇششــاق ـ چۈششــەك قالايمىقان نەرسىلەرمۇ يوق ئىــدى ; ئــۆي ســەرەمجانلىرى ناھايىتــى ئــاددى ھــەم ئــاز ئىــدى. شــۇ ۋەجىدىــن ئۆينىــڭ ئىچــى ھــەم يــورۇق، ھــەم ئــازادە، ھــەم پاكىــز ۋە ئىللىــق كۆرۈنىۋاتاتتــى. ئۆيىنــى تۇتقانلىقىمــۇ قالتىــس ئاددىــي ـ ســاددا تۇتقــان ئىدىكــى، خــۇددى ھېلــىلا بىــر تۇگۈنچىنــى ئېلىــپ كۆچــۈپ كېتىدىغانــدەكلا ئىــدى. مانــا بــۇ ئۆي بوۋاينىــڭ ئاشــخانا ئۆيــى ئىدى، ئۆينىــڭ ئوڭ تەرىپىــدە يېپىقلىق ئىشــىك بــار ئىــدى، بــۇ ئىشــىكتىن بوۋاينىــڭ ياتــاق ئۆيىگــە كىرگىلــى بولاتتــى. ســاراي ئۆيــى ئايرىــم بولــۇپ، ئىشــكى

پېشايۋاندا ئىدى. ئۇشبۇ دالان ئۆيگە ئىككى غىرىچ ئېگىزلىكتە سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇستىگە غۇلجا تېكىمىتى سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆت پۇتلۇق تاماق شىرەسى قويۇلغانىدى؛ شىرەنىڭ ئۇستىگە گۈللۈك ئاق دەستىرخان سېلىقلىق تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان ياغاچ ساندۇقنىڭ ئۇستىدە چىرايلىق قاتلاپ قويۇلغان ئەستەرسىز بىر جۇۋا ئۆيگە كىرگەنلا كىشىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇراتتى. ساندۇقنىڭ يېنىغا ئىش ئۇستىلىنىڭ بويىچىلىك كېلىدىغان سىرلىرى ئۆچكەن بىر ئىشكاپ يۆلەپ قويۇلغان ئىدى. ئىشكاپنىڭ ئۇستىدە قاتار - قاتار دەستىلەنگەن چىنەقاچا ۋە تاۋاقلار ھەم پاكىز ھەم رەتلىك كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئىشكاپنىڭ ئىككى تارتمىسىنىڭ بىرىگە قۇلۇپ سېلىقلىق ئىدى، تارتمىلارنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى قاناتلىق ئىشىكى يىممىدە يېپىقلىق ئىدى. ئاشخانا ئۆي بىلەن ياتاق ئۆينىڭ ئارىسىدىكى پاسىل تامغا كىچىك بىر ئۇستەل يۆلەپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇستىدە كىچىك بىر تېلېۋىزور بار ئىدى. تېلېۋىزورنىڭ قارشى تەرىپىتىكى تامنىڭ تۈۋىگە گۈللۈك دۇخاۋا كۆرپە سېلىنغان بولۇپ، بىر چېتىدە بىر تال سىدام زەڭگەر رەڭ قاپلىق ياستۇق تاشلاقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ تورۇسىدىكى ئاق تېرەكتىن تەييار قىلىنغان لىمغا ئېسىلغان چىراغنىڭ ئۆچۈككىلىكىگە باقماي، ئۆينىڭ ئىچى شۇنداق يورۇق ئىدى؛ بۇنداق يورۇق بولىشىدىكى سەۋەپ، ئۆينىڭ كۈنگەيگە قاراقلىق دېرىزىسى ئادەتتىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىگە قارىغاندا يوغان بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۆينىڭ ئىچى ئەنە شۇنداق يوپيورۇق بولغاچقا ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ كۆزىگە

شۇنچىلىك روشەن رەۋىشتە ھەم ئېنىق، ھەم رەتلىك، ھەم پاكىز چىلىقىپ تۇراتتى. ياش خانىم بىلەن بالا قوللىرىدىكى ۋە ئۆشنىلىرىدىكى سومكىلىرىنى پەگانىڭ بىر چېتىگە قويۇپ قويۇپ، پۇتلىرىدىكى ماموق قونچلۇق ئۆتۈكلىرىنى سالدى ۋە ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوش يەرگە ئەسكەرلەرنىڭ ئاياقلىرىدەك رەتلىك قىلىپ تىزىپ قويدى. بۇنداق قىشلىق ماموق قونچلۇق ئۆتۈك ئادەتتىكى قىشلىق ئاياغلارغا قارىغاندا پۇتنى ئىسسىق تۇتۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە بەك يېنىك، ھەم تېيىلمايدىغان ھەم سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىشنى پۇختا قىلىدىغان ياش خانىم ئېرىنىڭ تاپىلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، مەزكۇر ئۇزۇن سەپەردە كىيىشنى پىلانلاپ، ئاتايىتەن تەنتەربىيە بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ماگازىنغا بېرىپ، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي ئەڭ سۈپەتلىكلىرىدىن سېتىۋالغان ئىدى. ئەلۋەتتە يالغۇز بۇ ئاياغنىلا ئەمەس، يەنە ھازىر ئوغلى بىلەن تەڭ ئۇستىدىن سېلىۋاتقان ماموق چاپانلارنى ۋە ئوغلىنىڭ ماموك ئىشتىنىمۇ شۇيەردىن سېتىۋالغانىدى ؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى تېرموس، ئىككى چوڭ پىلجىكتور ۋە ماموق پەلەي قاتارلىق بىر يۈرۈش سەپەرگە كېرەكلىك بۇيۇملارنىمۇ سېتىۋالغان ئىدى. ئانا ۋە بالا ماموق چاپانلىرىنى شاراقلىتىپ سالغاندىن كېيىن، ئەپچىل قاتلاپ سۇپىنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ قويدى ۋە ھەر ئىككىلىسى تەڭلا سۇپىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، كۆرپە سېلىنغان يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، تېيىلىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئازادە ئولتۇرۇشتى. ئانا ۋە بالا مۇشۇ مەشغۇلاتلارنى قىلىۋاتقاندا بوۋاي خوشاللىقىدىن بۇ ئۇزۇن

ئۆمرىدىكى يىغىلىپ قالغان ھارغىنلىقى بىراقلا ئۇچۇپ كەتكەندەك ۋە ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلغاندەك قىلىپ، قوللىرىنى ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى ؛ بۇ چاغدا بوۋاينىڭ ھەركىتىنىڭ يەڭگىل ۋە سېلىق بولۇشىغا قارىماي، تىرىسىنىڭ ئىچىدە شالاقلاپ قالغان سۆگەكلىرىدىن شاراقلىغاندەك تاۋۇش چىقىپ كەتكەندى. بوۋاينىڭ قول تېرىلىرى قاقتەك قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، دۇمبىلىرى ياڭاقنىڭ شاكىلىدەك كۆرۈمسىز ئىدى ؛ تومۇرلىرى غازاڭنىڭ تومۇرلىرىدەك قاتقان ۋە ئوقچۇپ چىققان بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ ئىدى. يوغان قاپىقىنىڭ ئۈستىدىكى قاشلىرى سەل شالاڭلاپ، ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ يوغان كۆزلىرىگە تاشلىنىپ تۇرغان كىرپىكلىرى ھەم ئۇزۇن، ھەم قويۇق ئىدى. بوۋاينىڭ يۈزلىرى بىلەن بويۇنلىرىدا يول - يول چوڭقۇر قورۇقلار بار بولۇپ، يۈز قۇرۇلمىسى بەئەينى پەيلاسوپ سوكراتنىڭ يۈز شەكلىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى ; گەرچە بوۋاي بىر دېھقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەققىي - تۇرقىغا بىر قارىغان زىيالى سوكراتنى ئەسكە ئالماي قالمايتتى. بولۇپمۇ بۇرنىنىڭ يوغانلىقى ھەتتا بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى سىزىقچىلاردىن تارتىپ ئوخشايتتى. كۆزلىرى سوكراتنىڭكىدەك دۈگىلەك ۋە يوغان ئىدى. دېمىسىمۇ بوۋاي كۆپىنى كۆرگەن بولغاچقا، سۆز قىلغاندا ئولىيۇشۇپ، پەيلاسوپلاردەك ھېكمەتكە تويۇنغان سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقىراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھاياتتا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھەر خىللىقى، ئۇلاردىن ئېرىشكەن تەجرىبىلەرنىڭ كۆپلىكى ۋە خۇلاسىلىغان يەكۈنلەرنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكى بىر پەيلاسوپنىڭكىدىن قىلىشمايتتى. ئۇنىڭ

ساقاللىق ئېگىلىكىنىڭ ئاغزىغا تۇشىدىغان يەرلىرى بىلەن ئىككى مەڭزىنى چوڭقۇر قورۇقلار پەتىھ قىلغان ئىدى. كۆز ئۇۋۇسىنىڭ ئىككى چېتىمۇ چوڭقۇر سىزىقچىلار بىلەن بىزەلگەن بولۇپ، گويا ئۇستا بىر ھەيكەلتىراچ شۇنداق زىسىقچىلارنى سىزىپ قويغاندەكلا شۇچىلىك روشەن رەۋىشتە بىلىنىپ تۇراتتى. كۆز قارچۇغلىرىنىڭ نۇرى بولسا قىرىلىقتىن ئۆچكەن بولسىمۇ، بىراق ئەنە شۇ توق قارا كۆز قارچۇقى ھەرىكەت قىلىۋاتقان بوشلۇقتىن دېڭىزدەك ئاجايىپ مەنالار تۆكۈلۈپ تۇراتتى. كۆز ئۇۋۇسىغا چۆككەن ئورا كۆزلىرى پۈتكۈل ھايات ھېكايىسىنى بايان قىلىپ تۇراتتى.

## 29

بوۋاينىڭ ھويلىسىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دىلمۇك تېغى بولسا بوۋاينىڭ يېشىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ كۆچ - كۆچ تارىخنىڭ گۇۋاچىسى ئىدى. ئەلمىساقتىن بۇيان دىلمۇك تېغىنىڭ سۈيى مول غوللىرىنى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ماكانى قىلىپ كەلگەن بولۇپ، تارىخنىڭ رەھىمسىز بورانلىرىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى گاھ تاغنىڭ شەرقىي باغرىدىن غەربىي باغرىغا كۆچۈپ ماكانلاشسا، يەنە شۇ رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن گاھ غەربتىن شەرققە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقانىدى. بوۋاينىڭ ئەجداتلىرى بولسا چىڭ خاندانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى ئىلى ۋادىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، 1881 - يىلى فېۋرالدا چىڭ سۇلالىسى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى رايونى تەل - تۆكۈس چىڭ

ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە تەۋە رايون بولۇپ قالغانىدى. مانا مۇشۇ دەۋرلەردە دىلمۇك تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇرلار چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە زوراۋانلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ رۇسىيە تەۋەلىكى تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بوۋاينىڭ بوۋىسىمۇ بار ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ھىجران ئازابىنى چەككەن بوۋاينىڭ بوۋىسىدەك دىلمۇك تاغ باغرىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ـ ماكانىغا بولغان سېغىنىشلىرىنى، ھەسرەتلىرىنى مۇنداق قوشاقلار ئارقىلىق ئىزھار قىلغانىدى.

قانخورلارنىڭ دەستىدىن،
ۋەيران بولدى باغ ـ ۋاران.
قاچ ـ قاچ بولدى يۇرتلاردا،
قالدى چۆلدە مال ـ ۋاران.
كىندىك قانلار تۆكۈلگەن،
گۈزەل تۇپراق خوش ئەمدى،
شىلدىر ئاققان تاغ سۈيى،
تاغ ۋە يايلاق خۇش ئەمدى.

بوۋاينىڭ بوۋىلىرى ئەنە شۇ كۆچۈپ بارغان جايلاردا نۇرغۇن جەبىر زۇلۇملارنى چېكىپ، ماكان تۇتقان جايلىرىدا

غېربىلىقنىڭ دەردىنى ئۆلگۈدەك تارتىپ، شۇ جايلارنى مىڭ - بىر مۇشەققەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش ئەنئەنىسىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلغان. ئۇلار ئەنە شۇ جاپالىق تۇرمۇشلىرىنى، جۇدالىق ھەسرەتلىرىنى مۇنۇ قوشاقلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەنىدى.

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
كۆڭ ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

بوۋاينىڭ بوۋىسى ئۆزلىرى كۆچۈپ بارغان يېڭى يۇرتتا بوز يەر ئېچىپ جاپالىق ئوتتۇز يىلغا قەدەر ئىشلىگەن ۋە ھال - ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، ئۆزلىرى مۇستەققىل ئىگىدارچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان مەلۇم مىقداردىكى يەر - زېمىنغا ئىگە بولغان. ئەنە شۇ نۇرغۇن تەر ئاققۇزۇپ ئەھيا قىلىنغان تىرىلغۇ يەرلەردىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنىشقا باشلىغان چاغلاردا رۇسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، بولشېۋىكلار چار پادىشاسىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئورناتقانىدى ۋە بۇ ئىنقىلاپنىڭ شاملى تاكى دىلمۇك تېغىنىڭ غەربىي ئېتىكىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر يۇرتلىرىغىچە يېتىپ كەلگەن. ئەنە شۇ چاغدا بوۋاينىڭ بوۋىسىنى بولشېۋىكلار «كۇلاك» يەنى باي دېھقان دەپ ناھەق ئېتىۋېتىپ، بارلىق بىساتىنى مۇسادىرە قىلىپ، پۈتۈن بىر ئائىلىنى يالاڭ تۆش قىلىپ قويغان ۋە بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە ئائىلە ئەزالىرىنى سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلماقچى بولغان. لېكىن بوۋاينىڭ

دادىسى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر كېچىدىلا ئىنىلىرى بىلەن بىرگە قېچىپ كەتكەن ۋە بىرتالاي جاپالارنى تارتىش بەدىلىگە ئۆز ئەجداتلىرى ياشىغان مۇشۇ يېزىغا كېلىۋالغانىدى. شۇندىن مۇقەددەم ئۇياقتىن بۇياققا كۆچۈپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تاكى 1932 - يىلغىچە داۋام قىلغانىدى. دەرۋەقە، بىر مەزگىل قېچىش توختىغان بولسىمۇ، زۇلۇم توختاپ قالمىدى. ئاخىر ئىلى خەلقى قولىغا قورال ئېلىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ چىقىپ تاكى 1949 - يىلغىچە نىسبىي دەرىجىدە تىنچ بىر موھىتتا تىرىكچىلىك قىلغان ۋە ھەقىقىي ئەركىنلىكتىن بىرمەھەل ھۇزۇرلانغانىدى. بوۋاي بولسا ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىنى ئەنە شۇ ئازات زامان، ئازات چاغلاردا ناھايىتى بەختلىك ئۆتكۈزگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن بوۋاي ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئەنە شۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. دېمىسىمۇ بوۋاي مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ھېچبىر زامان ئەركىنلىكتىن ۋاز كەچمىدى. گەرچە جىسمانىي جەھەتتىن كىشەنلەنگەن چاغلىرى بولسىمۇ، بىراق روھىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىنىشىغا ھېچ بىر زامان يول قويمىدى. خىتاي كوممۇنىسلىرىنىڭ ئايىغى بۇ يەرلەرگە يېتىپ، تاكى 1963 - يىلغىچە قەدەر بۇ مەھەللىدىكى ئۇيغۇرلار تاغنىڭ غەربىيگە قېچىپ كېتىشنى دۋاملاشتۇرغانىدى. قېچىپ كەتكەنلەر ئارىسىدا بوۋاينىڭ ئىككى ئىنىسى ۋە بىر سىڭلىسىمۇ بار ئىدى. ئەمما لېكىن بۇ قېتىم بوۋاي ئەجداتلىرىدەك جېنىنى قولتۇقىغا قىسىپ قېچىشقا رايى بارمىغانىدى. ئۇ نېمە كۆرسەم ئۆز يۇرتۇمدا كۆرىمەن

دىگەنلەرنى ئەقلىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇ تۇرغان جايىدىن بىر قەدەممۇ نېرىغا كەتمىگەنىدى. ۋاھالەنكى، بۇۋاي بۇنىڭ دەردىنى يەتكۈدەك تارتتى. بولۇپمۇ ئاتالمىش پۇرۇلتارىيات مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋردە «چەتئەلگە باغلانغان ئۆنسۈر» دىگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، زىندانغا تاشلانغانىدى. بۇ جەرياندا دىلمۇك تېغىنىڭ ئاستىدىكى كۆمۈر كانلىرىدا مەجبۇرى «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» كە سېلىندى. ئەنە شۇ چاغلاردا كۆرمىگەننى كۆردى، ھەتتا بەزىدە ئىنلىرى بىلەن بىرگە تاغنىڭ غەربىگە قېچىپ كەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلغان چاغلىرىمۇ بولغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇۋاي ئەركىنلىك روھىدىن ۋاز كەچمىدى، ئۆزىگە ھەر كۈنى قاراپ تۇرغان بەھەيۋەت دىلمۇك تېغىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ «گۈلنى ئۈيلىساڭ گۈلىستان بولسەن. تىكەننى ئويلىساڭ تىكەنلىك» دىگەن سەقىمە سۆزى بويىچە ھەرۋاقىت گۈلنى ئويلاپ، ئۆز تىرىكچىلىك بىلەن بەنت بولۇپ، تا بۈگۈنكى كۈنلەرگە قەدەر يېتىپ كەلدى. ئىگەكىم مومىيىدىن، يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۈمىدىدىن ئايرىلمىدى، ھەرزامان ياخشى كۈنلەرنى، ياخشى ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر مېھرىبانى بولغان نەۋرىسى بىلەن ئەۋرىسى ئۈچۈن ياشاشقا بەل باغلاپ كەلگەنىدى. يېشى 80 گە يەتكەنگە قەدەر كۆرمىگەننى كۆرگەن بۇۋاي كۆرگەنلىرىنى ھېچ ئۇنۇتماي كېلىۋاتاتتى. ھاياتى بويىچە شۇنداق قورقۇنچلۇقلۇق ئىشلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھېچبىر زامان باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېچىنىش تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان ئىش ـ ھەرىكەتتە بولماي، كاتىكىدىكى يالغۇز

قېرى غورۇزىدەك شۇنداق مەغرۇر ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھازىرغىچە ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئىشلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق پۈتۈن ھاياتى بويىچە كۆرگەنلىرى ھازىرقى قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ يېنىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. بۇ ئەھۋالنى بوۋاينىڭ ئۆزىمۇ مۇتلەق ئېتىراپ قىلاتتى. دەرۋەقە، ھازىرقى زۇلۇم بۇرۇنقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. ھەتتا بۇ زۇلۇم بۇ يەرنىڭ خەلقلىرىنى ئىلگىركى كىشىلەردىن پەرقلىق قىلىپ قويغانىدى؛ ئەڭ يامان يېرى ھازىرقىلار ئىلگىركى كىشىلەردەك تارىخقا، ئەجداتلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ئىدى. بۇ دۇنيادا ئەلۋەتتە ھەممە ئادەم ھاياتىنىڭ بۈيۈك ھاياجانلار بىلەن تولغان مۇختەشەم بىر بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى ئىستەيدۇ. بىراق ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەممىسىنىڭ روھىدا، پىكرىدە، قەلبىدە ئۇنچىلىك بۈيۈك بىر ئارزۇلارنى قىلىشقا يەر قالمىغانىدى. ھەم ئۇنداق ئارزۇلارنى قىلىدىغانلار ۋە شۇنداق ئارزۇلارنىڭ ئۇرۇقىنى مىللەتنىڭ روھىي تۇپرىقىغا تېرىيدىغان كۆزى ئوچۇق زىيالىلار قالمىغان ئىدى، قالغانلىرى پەقەت ۋە پەقەتلا باياشات تۇرمۇشنىلا ئويلايتتى خالاس. بوۋايمۇ ھېچكىمسىز ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى ئۆزۈ بەرپا قىلىپ، ھەسرىتىنى يوشۇرۇپ، بەختلىك بولۇشقا تىرىشىپ، ياشاپ كېتىۋاتقانىدى. ئىگەكىم ئۇ يالغۇز ياشاۋاتقان بولغاچقا، سەزگۈرلۈكى ئېشىپ، ھەممە نەرسە شۇنچىلىك تېز ئۆزگىرىۋاتقان بۇ جاھاندا، بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، ئاخىرەتنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى روشەن رەۋىشتە تونۇپ

يېتىشۋاتقانىدى ؛ دەل مۇشۇ ۋەجىدىن ئەبەدىي ئەركىنلىكنىڭ تاتلىق ھېسلىرىنى ۋە بۇ دۇنيادىكى زىنداندىن قۇتۇلۇشنىڭ بەختىنى ھېس قىلىپ، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بولغان نارازىلىقنى ئىچىگە كۆمۈپ، ئۆزۈ بىلەن ھەپىلىشىپ كۈن ساناپ ياشاۋاتاتتى. بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ باراڭدا سايراشا باشلىغان سېغىزخاننىڭ شاراقلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، كېلىدىغان مېھماننىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغان ئىدى، ھەتتا ئۆز قولى بىلەن سوقۇم قىلغان گۆشلەرنى پېشۇرۇپ، تەييارلىقلارنى تەق قىلىپ بولغانىدى. بۇۋاي مومىيدىن ئايرىلغان ئون يىلدىن بۇيان بۇ ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتقانىدى، ئۇ ھەممە ئۆي ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز قىلاتتى، تاماق ئېتەتتى، ئۆي سۈپۈرەتتى، ئوچاق بېشىنى تازىلايتتى، ئۇنى بۇنى يامايتتى، ئۇ بۇ ئىشلارنى شۇنچىلىك ئاستا ئەمما كۆڭۈل قويۇپ قىلاتتى، يىغىپ ئېيتقاندا ئۇ مەزكۇر يالغۇزچىلىققا كۆنۈپ قالغانىدى.  گويا ئۇ، دەرەخ شېخىغا ساپىقى بىلەن چىڭ باغلانغان ئۆتكەن يىلدىن قېپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى ياپراقتەك، بۇ ھاياتقا شۇنچىلىك باغلانغانىدى. بىراق كۈندىن ـ كۈنگە تەسلىشىپ كېتىۋاتقان ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرى ئىچىدە ئەمدى چارچىغاندەك قىلاتتى ۋە قېرىغانسېرى يالغۇزلۇقنىڭ ھەسرىتى ئۇنى قىيناپ قويۇۋاتقانىدى. شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە نەۋرىسى بىلەن ئەۋرىسىنى كۆرگەن بۇۋاي، كۆڭلىدە سېغىزخانغا رەخمەت ئېيتقاندەك قىلىپ، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان باراڭغا بىر كۆز ئاتتى ۋە لېكىن سېغىزغان جايىدا كۆرۈنمەيتتى.

بـوۋاي نـەۋرە ۋە ئەۋرىسى بىلـەن يەنـە قايتتا هـال ـ مۇڭ سوراشـقاندىن كېيىـن، ئۇلارغـا تېرمۇسـقا يېڭـىلا قۇيـۇپ قويغـان قايناق سۇ بىلـەن چەينەككـە چاي دەملەشـكە تۇتـۇش قىلـدى، دەل مۇشـۇ چاغـدا يـاش خانـىم ئوغلىنـى ئېلىـپ هويلىغـا چىقتـى ۋە هەجەتخانىغـا كىرىـپ چىققانـدىن كېيىـن، قولىرىنـى پاكىـز يۇيـۇپ يەنــە ئۆيگــە كىــردى. شـۇ ئارىلىقتـا بــوۋاي شـېرەنىڭ ئۈسـتىنى مۇشـۇ يېزىنىـڭ دېهقانلىـرى ئـۆز قولـى بىلـەن تېرىغـان بۇغدايىنىـڭ ئۇنىنـى سـۈت ـ قايمـاقلار بىلـەن يۇغـۇرۇپ ياغقـان توقــاچلار ۋە قــورۇق يــەل ـ يېمــىش، قەنــت ـ گېزەكلــەر بىلـەن بېزەۋەتكەنىـدى. ئـۇلار كىرىشـى بىلـەن بوۋاي تىزلىنىـپ تـۇرۇپ سـىركايىلارغا چـاي قۇيـدى ۋە توقاچتىـن بىرنـى ئېلىـپ «بىسـمىللاهىر رەهمانىـر رەهىـم» دەپ ئوشـتۇپ، تـۆت پارچىگـە بۆلـۈپ، بىـر پارچىنـى ئېلىـپ بالىغـا سـۇندى، بـۇ چاغـدا بـالا يېقىملىــق كۈلــۈپ تــۇرۇپ، بــوۋاي ئۇزاتقــان نانىنــى ئالــدى ۋە يېتىقىمسـىراپ تـۇرۇپ «رەخمـەت بـوۋا» دەپ ئاسـتا پىچىرلىـدى، بـوۋاي يەنـە بىـر پارچـە توقاچنـى يـاش خانىمغـا سـۇندى، خاش خانــم دەرهــال ئېلىــپ، ئالدىغــا قويــۇپ قويــدى. بــوۋاي تەكەللـۇپ بىلـەن ئۇلارنـى نـان ۋە تاتلىـق ـ تۈرۈملـەر بىلـەن چــاي ئىچىشــقا تەكلىــپ قىلــدى. ئۆزىمــۇ بىــر پىيالىگــە چــاي قويـۇپ، بالىنىـڭ يېنىـدا چـازا قـۇرۇپ ئولتـۇردى. ئـۇلار بىـر پىيالىدىـن چـاي ئىچكـەچ، پاراڭلاشـتى. يـاش خانـم ئۆزىنىـڭ ئالدىــن تېلىفــون ئــۇرۇپ خــەۋەر بىرىــپ قويمىغانلىقــى ئۈچــۈن ئــۆزۈر تىلــدى ۋە تېلىفـون ئۇرمىغانلىقىنىڭ بەزى سـەۋەبلىرىنىڭ بارلىقىنـى قىسـقىچىلا قىلىـپ ئىزاهلىـدى، يەنـى بـۇ يەرگـە قانچە

شەپسىز كەلسە ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ بۇسىنى چىقارماي قىلسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن تېلېفون قىلمايلا تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىنى سۆزلىگەچ، يولدىشىنىڭ لاگېردىن چىقارغان مەكتۇبىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ئېيتتى ۋە يولدىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى بوۋايغا ئەينەن دېدى: «مېنىڭ ئۆز تەغدىرىمنى ئۆزگەرتىشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى ئەركىن بولغان ئىنسانلارغا بېرىلگەن نېمەتتۇر. مەن بولسام بىر مەھكۇم، مەندەك بىر مەھكۇمدىن ئىنسانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجلىرىدىن بىرى بولغان ئەركىن تەرەت قىلىشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھوقۇقمۇ تارتىۋېلىنغان. لېكىن سەن ھازىرچە بولسىمۇ نىسپىي ئەركىنلىككە ئىگە. ئەنە شۇ نىسپىي ئەركىنلىكتىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پايدىلىنىپ تۇرۇپ، مۇتلەق ئەركىنلىككە ئېرىشىش يولىغا قاراپ قاچ. سەن ماڭغان يول قانچە خەتەرلىك بولسا بولسۇن، ئوغلۇمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە لاگېردىكى بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ ئاۋازىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، تەۋەككۇل قىلىشقا ئەرسىزدۇ. مېنى ئۇنۇتماڭلار! ئىنسان نەرگە كەتسە كەتسۇن، سۆيگەنلىرىنى قەلبىدە ساقلايدۇ! بىزنىڭ تېنىمىز ئارىسىدا ئۆزۈن مۇساپە بولغىنى بىلەن روھىمىز ۋە قەلبىمىزنىڭ ئارىسىدا قىلسىققىدەك يوچۇق يوق. بىز ھامان بىرگە! قەلبىمنىڭ ئىچىدە سىلەر بار، مەن سىلەرنى قەلبىمدە تا ئۆلگۈچە ساقلايمەن» ياش خانىم مۇشۇ سۆزلەرنى بوۋايغا دەۋاتقاندا، نېپىز لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاق بېلىقنىڭ قاسىراقلىرىدەك پاقىراپ تۇرغان چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى ۋە

سۈتتەك ئاق يۈزلىرى بىلەن لەۋلىرىدە مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان بىر خىل ھەسرەت قېتىپ قالغانىدى. بوۋاي نەۋرىسىنىڭ قىسقا ئەمما، جىددىي قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا بېشىدا چاقماق چاققاندەك يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، ئەنسىرەش تۇيغۇسى پەيدا بولدى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئاندىن كاللىسىدا نۇرغۇن چىگىچ سوئاللار تۇغۇلغان بولسىمۇ، سوراشتىن ۋاز كەچتى. چۈنكى، مۇشۇنداق بىر قىش كۈنىدە بۇ تاغلىق يېزىغا كېلىشىنىڭ ئۆزىدىن، نەۋرىسىنىڭ ئاللا بۇرۇن قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بوۋاي نەۋرىسىنى ئارىسالدا قويۇدىغان سوئالنى سوراشنىڭ ئورنىغا، ھوشىنى يىغىپ، نەۋرىسىگە مەدەت بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشنى ئويلىدى. بىراق ئۇ ئەنە شۇ خىياللارنى قىلىۋاتقاندا گەۋدىسى مىڭ پاتمان يۈك ئارتىلغاندەك ئېغىرلىشىپ، پۇت ـ قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپ باراتتى. دەرۋەقە، بوۋاي نەۋرىسىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ ۋەزنىدىن ۋە مەكتۇپنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن ئىدى ۋە ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى ئاجىزنىڭ مۇشۇنداق قىشتا تاغنىڭ غەربىي تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىگە كۆزى يەتمەيۋاتاتتى. بوۋاي ئالدىدىكى سىركايىنى قولىغا ئېلىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقا سىركايىنى جايىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، تىترەپ تۇرغان بىلەن مۇنداق دېدى: «ياشلار ئۈمىد ـ ئارزۇ بىلەن ياشايدۇ، بىزدەك قېرىلار بولسا ئەسلىمىلىرىمىز بىلەن، خاتىرىلىرىمىز بىلەن ياشايمىز. قىزىم سېنىڭ ۋە يولدىشىڭنىڭ نېمىنى ئارزۇ قىلىپ بۇنداق بىر خەتەرلىك

يولنى تاللىغانلىقىڭلارنى چۈشىنىمەن ۋە يەنە بۇنداق قىشنىڭ ھەم سوغۇق ھەم قىسقا كۈنىدە تاغنىڭ غەربىي تەرىپىگە كەچمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىڭلارنىمۇ بىلدىم. گەرچە سەن ماڭا بۇ توغرىسىدا ئېنىق بىر نېمە دېمىگىنىڭ بىلەن تەقىي - تۇرقىڭدىن، ئىش - ھەرىكەتلىرىڭدىن، قىلىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ ئۇرانىدىن شۇنداق ئېنىق ئاڭلىدىم. قىزىم، ھازىرقى بولۇۋاتقان ئىشلار بۇرۇنمۇ بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن. مەن مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە نى - نى ھەرىكەتلەرنى كۆردۈم، نى - نى پاراكەندىچىلىكلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم، ھەرخىل ئاۋارىچىلىقلارغا ئۇچرىدۇم ۋە يەتكۈچە دىشۋارچىلىقلارغا شائىت بولدۇم. يەنى كومپارتىيە يېتىپ كەلگەندىن بۇيان ئۇ ھەرىكەت - بۇ ھەرىكەت دەپ ئېلىپ بارغان بارلىق سىياسى ھەرىكەتلەر ۋە بۇ ھەرىكەتلەر ئېلىپ كەلگەن جىددىيچىلىك، بېشىمىزغا سالغان بالا- قازالار ۋە يەنە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ تۇركىسىدە مىسلىي كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە شەپقەتسىزلىك بىلەن يۈرگۈزۈلگەن باستۇرۇشلارنىڭ ئايىغى ھېچ كېسىلمىدى. بىرسى بېسىقسا يەنە بىرسى چىقتى، كونىسىنىڭ ئورنىنىي يېڭىسى ئالدى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي مەزگىللىرىدە نۇرغۇن ئېسىل كىشىلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. ھەزىرقى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتمۇ بۇرۇنقى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن يەنە بىر شەكلى. شۇ چاغلاردىمۇ نۇرغۇن ياشلار بىر كېچىدىلا ئۇياققا ئۆتۈپ كەتكەن، ھەتتا قىشنىڭ جۇدۇن كۈنلىرىدىمۇ ئۇياققا قاچقانلار بار ۋە ئۆلگەنلەرمۇ يوق ئەمەس. سېنىڭ مۇشۇنداق قىشتا ئۇياققا ئۆتۈشۈڭگە رايىم ھېچ بارمايۋاتىدۇ. يەنە ئازراق سەۋر قىلساڭ بۇ كۈنلەرمۇ

ئۆتۈپ كېتە بولغۇيتى دەپ ئويلايمەن. سەن ئوقۇغان بىر زىيالىي، بەزى ئىشلارنى مېنىڭدىن ياخشى بىلىسەن، ئىشقىلىپ ئويلاپ ئىش قىلغىنىڭ ياخشىمىكىن دەيمەن. ئۇياققا ئۆتكەنلەرنىڭ ياخشى كۈنلەرنى كۆرۈپ كەتكەنلىكىمۇ چاغلىق، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، بۇ يولغا جان تىكىشكە ئەرزىمەدۇ ئەرزىمەمدۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئويلۇشۇپ قارار بەرگىن قىزىم. خۇدا بەرگەن جاننى قەدىرلە، بالاڭنى ئويلا، بۈگۈن پاتقان قۇياش ئەرتە چىققان بىلەن بۈگۈن قەبرىگە كىرگەن تەن، ئەرتە تىرىلمەيدۇ.» بوۋاينىڭ ئەنسىرەش ئىچىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئاران تەخىر قىلىپ ئاڭلىغان ياش خانىم، بوۋىسىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ «بوۋا ئاڭلاپتۇر، بۇ قېتىمقى سىياسىي ھەرىكەت بۇرۇنقىسىغا ئوخشىمايدۇ، سەن دېگەن ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا، خەنزۇلاردىنمۇ بەدەل تۆلىگەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى، ھەتتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان مارشاللاردىنمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولغان. ئەمما بۇ قېتىمقىسى بۇرۇنقىدىن پەرقلىق، بۇ ھەرىكەت پەقەت بىزنى يوقۇتۇش ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇشى ۋە جەمئىيەتتىكى تېز ئۆزگىرىش بولسا بۇرنۇمغا قاننىڭ ھىدىنى ئەكىلىۋاتىدۇ، مانا بۇ ئىشنىڭ ئەڭ يامان تەرىپى. ۋەزىيەت كەسكىن، سىياسەت ئۆتكۈر، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن قارشى پىكىردىكى ئۇيغۇرلارنى شەپقەتسىزلىك بىلەن تۇتۇپ، سولاۋاتىدۇ. تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ يىتتۈپ كەتكەن كەشتە يىغىنىسىدەك ئىز- دېرىكى بولماۋاتىدۇ. ھازىر جاھاننىڭ نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەن دەپ ئولتۇرمىسامۇ

مۇشۇ يېزىدا بولىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ ئۆزۈڭ پەرەز قىلىپ باق، ھازىر ھەممە ئادەم ئۈچ خىل كۈچ، ھەممە ئادەم جىنايەتچى ھەتتا پىروفېسسوردىن تارتىپ بازاردىكى يايمىچىغا قەدەر، دېھقاندىن تارتىپ چارۋىچىغا قەدەر، بوۋاي - مومايدىن تارتىپ ئۇششاق بالىلارغىچە قەدەر ھەممە ئادەم لاگېردا، ھەممە ئادەم ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گۇمانلىق ئۆنسۇر، ئەسەبىي دۈشمەن. مۇشۇ سەۋەبتىن مېنىڭ يولدۇشۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يولنى مېنىڭ ئەقلىملا ئەمەس بەلكى يەنە روھىم تالللىۋالدى. مەن بۈگۈن ئۆيۈمدىن بالامنى يۆتىلەپ ناھايىتىمۇ ئىككىلىنىش، قورقۇمسىراش كەيپىياتى ئىچىدە يولغا چىققان ئىدىم، بىراق يولدا كېتىۋېتىپ ئويلىغانلىرىم ۋە يول ئۈستىدە كۆرگەنلىرىم مېنى ئەسىردىن ھالقىغان بىر زۇلۇمنىڭ بىزنى ئۈستىمىزدىن تاغدەك بېسىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم روشەن رەۋىشتە ھېس قىلدىم. مېنىڭ كۆزۈم ئېچىلدى، ئاشۇ ئېچىلغان كۆز بىلەن روھىي دۇنيارىمنىڭ تېگى - تەكتىنى كۆردۈم ۋە يەنە گاللىشىپ كەتكەن ئىرادەم سىلىق بىلەي بىلەن بىلەندى. ئۇشبۇ بىلەي بولسا، دەل مېنىڭ يول بويى قىلىپ كەلگەن پىكىر- خىياللىرىم ئىدى. گەرچە يۈرىكىمنى قايغۇ - ھەسرەت بىلەن قورقۇمسىراش تەڭلا چىرمىۋالغان بولسىمۇ، ئاشۇ بىلەنگەن ئىرادەم ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. ئەمدى بۇ قورقۇنچلۇق ماكاندىن ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ قۇتۇلۇشۇم كېرەك، ئەڭ ياخشىسى ھازىرلا يولغا چىقىشىم لازىم، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، بۇ يەردە تۇرغانسېرى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە تارتىمىز. گەرچە

يولـدا تـالاي ـ تـالاي جاپـا ـ مۇشـەقەتلەر بىزنـى كۈتـۈپ تۇرغان ۋە دۈشـمەنلىرىمىز قورقۇنچلـۇق پۇسـۇلارنى قـۇرۇپ ياتقـان بولسـىمۇ، ئىرادىمىنىـڭ ئالدىـدا ئۇلارغـا پەرۋايىـم پەلـەك. مېنىـڭ ئـەڭ ئاخىرقـى قارارىـم بـۇ، سـېنىڭ بىزگـە قىلىـپ بېرىدىغـان ئىشـىڭ بىزنـى ئـات ھـارۋاڭ بىلـەن تاغنىـڭ يېنىغىچـە ئاپىرىـپ قويـۇش، ھـە ئاپارغاندىمۇ ھېچكىمنىـڭ دىققىتىنـى قوزغىمىغـان شەرت ئاستىدا ئاپىرىپ قويۇسەن تېخى».

بـوۋاي نەۋرىسـىنىڭ كەسـكىن قىلىـپ ئېيتقـان سـۆزلىرىگە قـاراپ، ئىلاجىسـىزلىقتىن تـالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇشـىنىڭ ھاجىتـى قالمىغانلىقىنـى ئويلـىدى ۋە مۇنـداق دېـدى :«قىزىـم مـاڭا قـارا ‹ دىلـىدا باغلىغاننـى چىـش بىلەن يەشكىلى بولمايدۇ › دېگـەن تەمسـىل بويىچـە ئېيتقانـدا، مەزكـۇر سـەپەرگە ئـالا بـۇرۇن دىلىڭـدا ئاتلىنىـپ قارارلىرىڭنـى بېرىـپ بوپسـەن، ئۇنىڭ ئۈسـتىگە قىلغـان گەپلىرىـڭ ئاساسسـىز ئەمـەس، ھەقىقەتـەن بـۇ قېتىمقـى ھەرىكـەت مـەن ئـۆز ئۆمرۈمـدە كۆرگەنلىرىمگـە ھېـچ ئوخشـىمايدۇ، بۇرۇنلاردىكـى ھەرىكەتلـەردە سـەن ئېيتقانـدەك خەنزۇلارمۇ كـۆپ زىيانكەشـلىككە ئۇچرىغـان، بـۇ قېتىـم بولسـا ئۇلاردىـن باشـقا ھەممىمـىز زىيانكەشـلىككە ئۇچراۋاتىمىـز، پەقەت ئـۇلارلا ياخشـى، قالغـانلار بولسا يامـان ئاتاقـا قىلىـپ، بىگۇنـاھ قارلىنىـپ زۇلـۇم چېكىۋاتـىدۇ. بىـز بەرىبىـر ئۆلـۈم ئارقىلىـق نەتىجىلىنىدىغـان ھاياتنـى ئاخىرلاشـتۇرۇپ دۇنيادىـن كېتىمىـز. مادامىكـى ئەھـۋال بۇنـداق ئىكـەن، ئـۆزۈڭ توغـرا دەپ بىلگـەن يولـدا ئۆلـۈپ كېتىدىغـان ئىـش بولسـىمۇ نىيىتىڭدىـن يانمـا. ئېيتقىنىڭـدەك ۋەزىيـەت بىزنىڭ تەسـەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسـە يامـان، ئۇنـداق بولمىسـا يولدۇشـۇڭ ئاشـۇنداق بىـر

مەكتۇپنى يازماس ئىدى. دەرۋەقە، بۈگۈننى بولسا تۈنۈگۈننى ئارمان قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىۋاتىمىز. جاھان مۇشۇنداقلا كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئەرتە بۈگۈننى ئارمان قىلىدىغانلىقىمىز مۇتلەق» بوۋاي سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا ئالدىدا گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان نەۋرىسىگە قارىدى. ياش خانىم بوۋىسىنىڭ بىردىنلا تەلتۆكۈس ئۆزگەرگەنلىكىدىن خوش بولغانىدى، ئۇنىڭ بۇ خوشاللىقى بىر جۈپ كۆزىنىڭ ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىرەر ئادەم بىلەن پاراڭلاشماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن بوۋاينىڭ ئاغزى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى، يولدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا قازىلىق قىلىۋاتقاندەك كېسىپ سۆيلەۋاتاتتى، ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ - بىزدە «نىكا غايىپ، رىسقى غايىپ، سەپەر غايىپ» دېگەن گەپ بار، سەپەردە ئالدىنغا نېمىلەرنىڭ چىقىدىغانلىقىنى سەپەرگە چىقماي تۇرۇپ بىلەلمەيسەن، خۇددى بۇرۇن بۇنداق بىر سەپەرگە چىقىدىغانلىقىڭنى يەتتە ئۇخلىساڭ چۈشىڭگە كىرمىگىنىدەك. يول ئۈستىدە ناھايىتى ھوشيار بول «ئوشۇق چوماق گاھىدا باش يارىدۇ» دېگەندەك ئوشۇق نەرسىلىرىڭلار بولسا ئالماڭلار، پەقەت ئۆزۈڭلارغا ئەڭ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ سومكاڭلارنىڭ يەڭگىل قىلىپ مېڭىڭلار. بولسا ئىككى كۈنلۈك ئوزۇقلۇق ئۈچۈن سوقۇم قىلغان گۆشتىن ئېلىۋېلىڭلار، بۇنداق گۆش ئادەمنىڭ قوسىقىنى توق، بەدەننى قۇۋۋەتلىك قىلىپلا قالماي يەنە بەدەننى ئىسسىق تۇتىدۇ،- بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ياش خانىم شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ، بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ تۇردى.

دېمىسىمۇ بوۋاي تەبىئەت ئاتا قىلغان كۆچكە، ئۆمرىدە يىققان تەجرىبىلىرىگە ۋە ئۆز ئىتىقاتىغا تايىنىپ مۇشۇ كۈنلەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. بوۋاي ئەمدى ئەقلىگە كەلگەنلا ئويلىرىنى ئېغىزىدىن بىر- بىرلەپ چىقىرىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بوۋاي يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ - ئۇياققا ئۆتىۋالساڭلارلا يېتىمسىرىمايسىلەر، سەن بىلىسە قىزىم، ئۇياقتا ئۇرۇق - تۇغقانلار كۆپ، ئۇلار سىلەرنىڭ ئىلتىجارىڭلارنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۇياقلارغا بارغان، ياركەنتتىكى تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تونۇيسەن. قىزىم ياقا يۇرتلاردا دەرمەھەل خەجلىگۈدەك پۇل جايلىۋالدىڭلارمۇ؟ يەنە شۇنىمۇ ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ئۇياقتىكىلەر ئۇرۇق - تۇغقاندىن بەكرەك دوللارنى تونۇيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تىلىمۇ دوللار، ئىمانىمۇ دوللار، دوللارنىڭ ئاچمايدىغان ئىشىكى يوق، ئەينى چاغدا مەن تۇققان يوقلاپ چىققاندا مانا مۇشۇنداق تەسىراتقا ئىگە بولۇپ قايتىپ كەلگەن ئىدىم، شۇ ۋەجىدىن بۇ سۆزلەرنى يەنە سېنىڭ ئېسىڭگە ساپ قويۇشنى لايىق تاپتىم، - بوۋاينىڭ سەممىي گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ياش خانىم - شۇنداق بوۋا، سەن بۇ ئىشلاردىن غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ، مەن ئۆزىمىزگە يېتىپ ئاچقۇدەك دوللارنى تەق قىلىپ ماڭدىم. ھازىر مېنىڭ ئوي - خىيالىم بۈگۈن كېچتە قانداق قىلىپ ئۇياققا ساق - سالامەت ئۆتىۋېلىشتا قالدى، قالغان ئىشلار ئۆزلىكىدىن يولىشىپ كېتىدۇ،- بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ - قىزىم دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەندىم، سەن تاغىنىڭ ئەگىر- بۈگرە يوللىرىدىن ئۆتىۋالساقلا، ئۇياقنىڭ يولى تۈز

دېمەكچىغۇ، دېمىسىمۇ بىزدە «تۈز يول، مەنزىلگە تېز يەتكۈزىدۇ» دېگەن سەقىمە سۆزى بار ئەمەسمۇ ؟!، ـ دېدى. بوۋاي بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى كالپۇكلىرىنىڭ ھەرىكىتى گويا ئۈجمە يوپۇرمىقى يەۋاتقان پىلە قۇرتىنىڭ ئاغزىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كەتكەنىدى. بوۋاي ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇرۇن تاغقا ۋە بۇ يەرلەرگە شۇنچىلىك كۆپ قار ياغىدىغانلىقىنى ھەتتە ئىشىكلەر ئىچىلماي قالغىچە ۋە دېرىزىلەرنىڭ راملىرىغىچە قار ياغىدىغانلىقىنى، لېكىن يېقىن زاماندىن بۇيان تەبىئەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ، قار ياغماس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ يىل تاغقىمۇ بەك ئاز قار ياغقانلىقىنى ئېيتتى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ يەنە بۇگۈن يولغا چىقسا غەلىبىلىك بولىدىغانلىقىنى، چۈنكى چارلىغۇچىلار بۇنداق چاغان بولغان ۋاقىتلاردا يوللاردا، جىرالاردا كۆپ چارلاش ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق بىر قىشتا چېگرادىن بىر ئايال بىلەن بىر بالىنىڭ ئۆتۈدىغانلىقى يەتتە ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىرمۇنچە لاپ ئاتتى. يېنىدا ئولتۇرغان بالىنىڭ ئەمدى ئىچى سىقىلدىمۇ ۋە ياكى بوۋاينىڭ گەپلىرى تەسىر قىلىپ، سەل ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى، شۇ دەمدە بالا ئولتۇرغان جايىدىن كەينىگە ئاستا سۈرۈلۈپ، ئارقىسىدىكى ياستۇققا بېشىنى قويدى، ئارقىدىنلا ئىككى قولىنى گىرەلەشتۇرۇپ بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، سەل ئېگىلگەن سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئوڭ پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، بەجايىكى ئايدىڭدا ئوما ئورۇپ بېلى ئاغرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوڭدىسىغا يېتىپ ئارام ئالغاچ،

ئاسماندىكى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقان دېھقاندەك، ئۆزىنىڭ تورىسىغا قاراپ بىر نېمىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىغانىدى. بوۋاي بولسا يەنە تاغنىڭ غەربىي تەرىپىگە ئۆتكەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ - قىزىم چەتئەلگە يېتىپ بارغاندا ھەرگىز شوئارۋازلىق قىلماي، دېھقاندەك ئەمەلىي ئىش قىل. شۆھرەتپەرەزلىك يولغا كىرىپ قىلىشتىن زىنھار ساقلان. ئۇ يولغا بىر كىردىڭمۇ چىقالمايسەن، ئۇ يولنىڭ ئاخىرى يوق، شۇ يولدا ئۆمرۈڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمىسۇن. پەقەت ئەس - يادىڭ تىنىمسىز مېھنەت قىلىپ، ئۆز خەلقىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە بالاڭنى ياشى تەربىيەلەشتە بولسۇن. ھەرگىز كۆپ پۇل تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولما، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ھەممە ئۆستەڭنىڭ بېشىدا مىراب بار. ھەرگىز ياللانما ئىشچى بولۇپ ئىشلىمە، ئۇلار ئىشچىنى قانداق ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدىن قانداق نەپ ئۇندۇرۇۋېلىشنى ئوبدان بىلىدىغان خەق. سەن ئوقۇغان بىرسى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئامال بار ئەقلىي خىزمەت قىلىشقا تىرىش. تىرىشقان ئادەم ھامان ئۆز يولىنى تاپالايدۇ. ماددىي مەنپەئەتنى دەپ ئۆزۈڭگە بولغان ھۆرمىتىڭنى يوقىتىپ قويما؛ ئاشۇ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان كاپىتالىزمنىڭ جاۋاھىراتلىرى روھىڭنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىدىن ساقلان، ئىگەكىم بۇ ئىشلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلسەڭ، ئەدەبىيات ئوقۇغان بىر مۇئەللىمە بولغاندىن كېيىن، نۆۋەتتە كەلگەندە ياخشى بىر يازغۇچى بولۇپ قىلىشىڭ مۇمكىن. يازغۇچى بولۇش ئۇلۇغ بىر ئىش. پەيغەمبىرىمىز «قەلەم دۇنيانىڭ ئىززىتى ۋە ئاخىرەتنىڭ

شەرىپىدۇر» دېگەن ئەمەسمۇ. ھە راس سېنى قوينىغا ئالغان دۆلەتكە سادىق بول، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە، پاش ـ پانا بولغان دۆلەت ئۈچۈن ئۆمرىڭنىڭ ئاخىرغىچە خىزمەت قىلىشنى ئۇنۇتما ؛ ھەرگىز بىكار يېتىۋېلىپ ئاغزىدا لاپ ئېتىپ، بىر ئىش بولسا «ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىمەن» دەپ شوئارۋازلىق قىلىدىغان نان قېپىلارىدىن بولۇپ قالما. ئىشلەپ تۇرۇپ، ئۆز جېنىڭنى جان ئېتىپ، ئاندىن ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىل، شۇنداق بولغاندا ھەم ئۆزۈڭگە، ھەم باش پانا بولغان دۆلەتكە يۈز كېلەلەيدىغان ئىشنى قىلغان بولىسەن. بالاڭنى ياخشى ئوقۇت، ئۇ چوڭ بولغاندا ئۆزىنىڭ مىللىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقسۇن. نۆۋەتتە كەلگەندە بالاڭ ئازراق ماددىي مەنپەئەتنى دەپ، ئۆزىنى ئوقۇتۇپ يارامىلىق ئادەم قىلغان دۆلىتىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمىسۇن، ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، شۇ ۋەجىدىن قايسى دۆلەت ئۇنى ئوقۇتۇپ ئادەم قىلغان بولسا، شۇ دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن. مەن يۇقاردا دېدىم پۇل ھەممە ئىشنى ئاسانلاشتۇرغان بىلەن، ھەممە نەرسىگە قادىر ئەمەس. ئادەمگە ئەڭ كېرەكلىك نەرسە ئۈستۈن بىر روھ. ھەر زامان قەلبىڭدە ئېرىڭنىڭ يېرى بولسۇن! قەلبىڭدىكى ئېرىڭنىڭ ئورنى ۋەتىنىڭدەك ئۇلۇغ بولسۇن! زامان ۋە ماكانىنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق، قەلبىڭ ۋە ئەقلىڭ ئۈمىدىڭگە خىزمەت قىلسۇن. قىزىم شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا يالغۇز بىزلا ئەمەس، بەلكى خەنزۇ خەلقىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھەممە نەرسىنى يالغان دەپ

چوقـان كۆتـۈرۈپ كوچىلارغـا چىقىـپ ۋاقىرايـدۇ. ئەنـە شـۇ چاغدا سـىلەر يەنـە مۇشـۇ ۋەتەنگـە قايتىپ كېلىشـىڭلار مۇمكىـن، لېكىن ئـۇ چاغـدا مـەن يـوق، مـەن ئاللىقاچـان ئاخىرەتكە سـەپەر قىلغان بولىمـەن. شـۇ چاغـدا مېنىـڭ قەبرەمنـى ئىـزدەپ تېپىپ ئۈسـتىگە كاككـۇك گـۈلـى تىكىـپ قويـۇڭلار. كاككـۇك گـۈلـى قۇرغاقچىلىققا چىداملىـق، يىلدىـزى هـەم چـوڭ، هـەم يـەر قاتلىمىنىـڭ تېگىگـە چوڭقـۇر يىلتىـز تارتىدىغـان گـۈل ؛ ئۇشـبۇ گۈلنىـڭ يەنـە بىـر ئالاهىدىلىكـى شـۇكى، هـەر يىلـى باهـاردا ئۆزلىگىدىـن ئۆسـۈپ، ياشـناپ، زەڭگـەر رەڭـدە ئېچىلىـپ، كىشـىنىڭ كۆڭلىنـى لال قىلىـدۇ. بەزىـدە مـەن كاككـۇك گۈلنـى ئۆزۈمگـە ئوخشـىتىمەن. مـەن مۇشـۇ يېزىـدا تۇغۇلـدۇم، بىـر ئۆمۈر مۇشـۇ يېزىدا ياشـىدىم، بىزنىـڭ ئەجداتلىرىمىزمـۇ مۇشـۇ يېزىـدا ئۆمـۈر بويـى مۆرىسـىدىن كەتمـەن چۈشـۈرمەي ئۆتكـەن، مەنمـۇ هـەم شـۇنداق ئۆتتـۇم. بـۇ يۇرتنىــڭ ئېتىــز- ئېرىقلىرىــدا، تــاغ - دەريالىرىــدا، دەل - دەرەخلىرىــدە، هەربىــر تــۈپ گىياهلىرىــدا ئەجداتلىرىمىزنىــڭ ئەجـرى بـار، قالدۇرغـان ئىزلـىرى بـار. مۇشـۇ زېمىننى مۇشـۇنداق گـۈل - گۈلىسـتان قىلىـپ ياشـناتقان ئۇيغـۇر دېهقانلىرىنىـڭ قان - تــەرى! مەزكــۇر زېمىــن بىزنىــڭ ۋە مەڭگــۈ بىزنىــڭ بولـۇپ قالىـدۇ، بـۇ ھەقىقەتنـى ھېچقانـداق بىـر كـۈچ ئۆزگـەرتەلمەيـدۇ. دەل مۇشــۇ ۋەجىدىــن مۇشــۇ يېزىــدا ۋاپــات بولۇشــنى تولىمـۇ ئــارزۇ قىلىمــەن. كىــم چىــن يۈرىكىدىــن بىــر نەرسـىنى ئــارزۇ قىلسـا، ئۇنىــڭ ئارزۇسـى چوقـۇم ئەمەلگـە ئاشـىدۇ. مـەن ياشـايدىغىنىمنى ياشـاپ بولـدۇم، مـەن لوقمان ھېكىمـدەك ئۇزۇن ئۆمـۈر كۆرۈشـنىمۇ خالىمايمـەن. ئەمـدى يەنـە ياشاشـنىڭ ھېچقانـداق بىـر مەنىسـى قالمىـدى، ۋاقتـى - سـائىتى كەلگـەن

چاغدىكى ئۆلۈم، مەن ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆلۈم ھېسابلىنىدۇ. بۇ جاھاننىڭ تېخىمۇ ئەسكى چاغلىرىنى كۆرۈشكە رايىپ يوق، ئەمدى ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشىمنىڭ زامانى كەلدى؛ دەل مۇشۇ پەيت مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق پەيت. كېيىن قالسام جەسىتىمنى كۆمىدىغان يەرمۇ تېپىلماسلىقى مۇمكىن، ھازىر بولسا ھەرھالدا مېنى كۆمگۈدەك يەر بار. مەن ئۆلگەندە مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاستىغا كۆمۈلىمەن، بۇنىڭدا شەك يوق. كاككۇك گۈلى مۇشۇ يۇرتنىڭ تۇپراقلىرىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۇمۇ مەڭگۈ مۇشۇ يۇرتنىڭ گىياھسى، مۇشۇ يۇرتنىڭ مۇئەتتەر گۈللىرى، مەڭگۈ مۇشۇ يۇرتتا چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ناۋادا مەن ئەنە شۇ كاككۇك گۈلگە ئوخشىغان بولسام، ئەلۋەتتە سىلەر كاككۇكقا ئوخشىغان بولىسىلەر. سەن يولدىشىڭدىن، ئوغلۇڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ، ھىجران دەردىدە، ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈڭلارنى ياقا يۇرتلاردا ئۆتكۈزىسىلەر. ھە راس دۇنيادا پەقەت ئۇۋىسى يوق قۇش پەقەت كاككۇكلا، كاككۇكنىڭ ئۇۋىسى بولمايدۇ، ئۇ تۇخۇملىرىنى باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا تۇغۇدۇ ۋە شۇيەردە باسۇرۇپ، شۇيەردە باشكا چىقىرىدۇ. يەنى دېمەكچى بولغۇنۇم شۇكى، سىلەر بۇ يۇرتلاردىن ئايرىلىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىڭلار بىلەن، مەڭگۈ كاككۇكدەك ئۇۋىسىز ئۆتۈسىلەر، خەقنىڭ يۇرتى سىلەرگە ھەقىقي ئۇۋا بولالمايدۇ. بەربىر يات ئەللەرھەقنىڭ ئۇۋىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر كاككۇكتەك چىرايلىق باغلاردا سەيلە - ساياھەت قىلىپ، بەختلىك ياشىغاندەك قىلغىنىڭلار بىلەن، ئاۋازىڭلاردىن ھەر زامان ھىجران، ئازاب، ھەسرەت ۋە سېغىنىش ئوتىدىن كۆتۈرۈلگەن

ئىزتىرابىنىڭ پىراقى كېلىپ تۇرىدۇ. قاچانكى ئانا يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كەلگۈچە ئەنە شۇ كاككۇكتەك ياشايلەر، كاكۇكتەك ھىجران ئازابىدا نالە قىلىپ، ھەسرەت بىلەن ئۆتۈسىلەر. يەنە شۇنداقتىمۇ مەن شۇنىڭغا پۈتۈن قەلبىم بىلەن ئىشىنىمەن، بىر كۈنلەردە سەن قايتىپ كېلەلمىگەن تەغدىردىمۇ، ئوغلۇڭ چوقۇم ئۆز ئۆۋىسىغا قايتىپ كېلىدۇ؛ ئەنە شۇ چاغدا قەبرەڭنى تېپىپ، كاككۇك گۈلىنى تىكىپ قويۇشنى ئۇنۇتمىسۇن. مەن شۇ چاغدا ئەنە شۇ كاكۇك گۈلىنىڭ ھىدىنى پۇراپ، بۇ يۇرتنىڭ يۈزىنىڭ كۈلگەنلىكىنى تۇيۇپ، خاتىرجەم ياتىمەن، - بوۋاي ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار ئىدىيەلەرنىڭ پاسىبانى بولمىش پەيلاسوپلاردەك سۆزلەپ كەتكەن ئىدى؛ لېكىن ھەسرەتلىرى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇراتتى، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلىرىدىن بورانىدا قالغان شىۋاخنىڭ ئاۋازىدەك ئەلەملىك ئاچچىقنىڭ تېۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ بۇ سۆزلەر بوۋاينىڭ ھاياتى بويىچە ئوقۇغان، ئاڭلىغان، ئىگە بولغان ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسى ۋە بارلىق نادامەت - ئازابىنىڭ مۇجەسسىمى، شۇنداقلا خاتىمىسى ئىدى. بىز نېمىلا دېمەيلى بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەن بوۋاينىڭ رېئال مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتقان يۈرەك سۆزى ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەتى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى گويا پۈچەك شىمشىكىدەك مېڭىزسىز بولماستىن، شۇتاپنىڭ ئۆزىدە ياش خانىم ئاغزىغا سېلىپ، چايناپ - چايناپ يۇتىۋېتىشكە كۆزى قىيماۋاتقاندەك قىلىپ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بادامنىڭ مېڭىزىدەك دانىلىق - دانىلىق تاكامۇللاشقان سۆزلەردىنىدى. بولۇپمۇ سۆزلىرىدىكى ھەربىر

جۇملىنىڭ ئارىسىدا ئادەمنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرىدىغان، ئۇيغا سالىدىغان جۇدالىق ھەسرەت بار ئىدى. مانا بۇ ھەسرەت ياش خانىمنىڭ قەلبىگە جۇۋالدۇرۇستەك سانجىلغان ئىدى، يەنە شۇنداقتىمۇ بوۋاينىڭ ئۇزۇن ۋەز - نەسىھەتلىرىنى كۆڭلىدە يۇڭىرۇپ، قەتئىي قارارغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ بوۋىسىنىڭ گەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، بوۋاينى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، بېشىنى سىلىپ ئېغىزىدىن چىققان ھەر بىر سۆزنى تەستىقلاپ ئولتۇردى ۋە پەرىشان كۆڭلى ئەركىنلىك قۇياشىنىڭ نۇرىدا يورۇشقا باشلىغانىدى. بوۋاي بولسا تۇيۇقسىز بىر مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سالدى ۋە تېلىفونىنىڭ دىگېتال سائەتىگە بىر كۆز ئاتقاندىن كېيىن - پېشىن ناماز ۋاقتى بوپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، قىزىم مەن دەرھال تەرەت ئېلىپ، نامىزىمنى ئوقۇۋالاي، سەن مۇشۇ ئارىلىقتا مۇشتۇمدەك خېمىر يۇغۇرۇپ، يېيىپ، كېسىپ نارىنغا تۇتۇش قىل، ئەمدى تولا ئويلاپ، تولا گەپ سېتىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋەتكەن بىلەن بولمايدۇ، - دەپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى. ياش خانىم بولسا، پەگاھتىكى جاۋەننىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان تەڭنەنى ئېلىپ، ئاستىدىكى ئىشكاپنى ئېچىپ، ئىچىدىكى خالتىدىن تۆت سىركايە ئۇننى ئېلىپ، تەڭنەگە قۇيدى ۋە سۇ، تۇزلارنى تەڭشەپ قۇيۇپ، خېمىرنى چەيلەپ يۇغۇردى ۋە ئازراق تىندۇرغاندىن كېيىن، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى يېمەك - ئىچمەكلەرنى يىغىشتۇردى، ئاندىن كېيىن ئەمبەل بىلەن نوغۇشنى ئېكىلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تىنغان خېمىرنى ئۈچكە بۆلۈپ زوگۇلا تۇتتى. بۇ چاغدا بوۋاي

ساراي ئۆيدە پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ، ئاخىرىدا ئىككى رەكەت شۈكرى ناماز ئۆتەشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئىدى. بوۋاي دىققىتىنى نامازغا بېرىپ، شۈنچىلىك ئەستايىدىللىق ئوقۇغان ئىككى رەكەت شۈكرە نامازدىن كېيىن، پۈتۈن قەلبىي بىلەن دۇئا قىلىپ، ئۇلۇغ خۇداۋەندە كېرەمدىن نەۋرىسى بىلەن چەۋرىسىنىڭ ئامان - ئېسەن ئۇياققا ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلىدى ۋە ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ يوللىرىنى ئوچۇق، دۈشمەندىن يىراق، دوستقا يېقىن قىلىشىنى ئىلتىجا قىلدى. بوۋاي نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆكتات ئورىسىدىن ئىككى باش پىيازنى ئېلىپ ئاشخانا ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ياش خانىم خېمىر يۇغۇرۇپ، يېيىپ ۋە يايغان چۆپلەرنى كېسىپ بولۇپ، قازاندىن سۈزۈپ ئالغان سۆر گۆشتىن ئۈچ كىشىگە يەتكۈچىلىكىنى ئايرىپ ئېلىپ، نارىن ئۈچۈن ئۇششاق قىلىپ توغراشقا كىرىشكەن ئىدى. هايال ئۆتمەيلا گۆشنىمۇ توغراپ كىچىكىرەك بىر كورىغا سالدى ۋە بوۋاي ئەكىرگەن ئىككى باش پىيازنى ئاخلاپ يۇدى ۋە ئارقىدىنلا توغراپ، نارىن ئۈچۈن توغرالغان گۆش سېلىنغان كىچىك كورىغا سالدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆر گۆشنىڭ شورپىسىدىن چىلاشقىچە قۇيغاندىن كېيىن، تۇزنى ئېلىپ، ئوبدان تېتىغىدەك قىلىپ سالدى ۋە يەنە ئازراق قارمۇچ سېلىۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى ۋە كىچىك كورىنىڭ ئاغزىنى يېرىم ياپتى - دە، پىلتىنىڭ يەنە بىر كىچىك چويۇن كۆزلىكىنى ئېچىپ ئۈستىگە قويدى. قازاندا ئېشىپ قالغان شورپىنى يەنە بىر قاچىغا قۇيۇپ قويغاندىن كېيىن، قازاننى يۇيۇپ، ئاندىن ئىچىگە سۇ

قوّيۇپ يەنە ئوچاققا ئاستى ۋە تۈۋىقىنى يېپىپ قويىدى. ياش خانىم مانا ماشۇ بىر قاتار مەشغۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى شۇنچىلىك ئەپچىللىك بىلەن مۇكەممەل تاماملىدى. ئوتنىڭ يۈزىنى تېخى كۆل تۇتمىغان بولغاچقا قازاندىكى سۇمۇ تېزلا قايناپ ئۈلگۈرگەن ئىدى، ئەمدى ياش خانىم كېسىلگەن چۆپلەرنى قازانغا سېلىپ، پىشۇرۇپ، سۈزۈپ، چوڭ بىر تاۋاققا ئۇسۇپ، شىرەگە ئەكىلىپ قويدى ۋە ئوچاقتا ئېسىغلىق تۇرغان ئاستى تۈز قازاننىڭ تۈۋىقىنى ياپقاندىن كېيىن ئىككى قولۇقىنى قولىدا تۇتىۋالغان سەل ـ پەل كىر پىشىپ قالغان كىچىك لۆڭگە بىلەن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئالدى ۋە پىشىق خىش ياتقۇزۇلغان پاگاغا ئاۋايلاپ قويغاندىن كېيىن، ئوچاقنىڭ چوڭ چويۈن كۆزلۈكىنى ئوچاقنىڭ يېنىدىكى تۆمۈر ئىلغۇچ بىلەن ئىلىپ ئەكىلىپ ياپتى، ئاندىن كېيىن يەنە پەگاھتىكى قازاننى ئېلىپ ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. بۇ ئىشلارنى قىلغۇچە پىياز، گۆش ۋە شورپا سېلىنغان كىچىك كورىمۇ قاينىغانىدى. ياش خانىم يەنە قايناۋاتقان كىچىك كورىنى ئوچاقنىڭ ئەڭ ئارقىسىغا ئىشتىرىپ قويغاندىن كېيىن، كىچىك چويۈن كۆزلۈكنى يەنە ئىلغۇچ بىلەن ئىلىپ ئەكىلىپ ئوچاقنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويدى. ئاندىن كىچىك كورىدىكى تەييارلانغان گۆش، پىياز ۋە شورپىلارنى چۆمۈچ بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، جاۋەننىڭ بىر چېتىگە قويۇپ قويغان كىچىك لۆڭگىنىڭ بىرى بىلەن كىچىك كورىنىڭ بىر قۇلىقىنى تۇتقان پېتى شىرەنىڭ يېنىغا ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، شىرەنىڭ ئۈستىدە ھور چىقىپ تۇرغان تاۋاقتىكى چۆپنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قولىدىكى

چۆمۈچ بىلەن ئۇسۇپ ئېلىپ قويدى. شورپىغا چېلىشىپ تۇرغان چۆپنىڭ ئۈستىدىكى گۆش بىلەن پىياز ۋە قارمۇچنىڭ پۇرىقى ھور بىلەن بىرگە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ئۆينىڭ ئىچىنى مەزىلىك پۇراققا چۆمكۈۋەتكەن ئىدى. ئۇۋاققىچە بالىمۇ ئوڭدىسىغا ياتقان پېتى ئۈزۈۋاتقان خىيال دېڭىزلىرىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، شىرەنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. بوۋايمۇ شىرەنىنىڭ يېنىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. مەزكۇر چۈشلۈك غىزا بوۋايغا نىسبەتەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى بىلەن يېگەن ئەڭ ئاخىرقى غىزاسىدىنمۇ ئەھمىيەتلىك غىزا ھېسابلىناتتى. بوۋاي نەۋرىسىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يۇغۇرۇپ، يېيىپ، كېسىپ، پىشۇرۇپ، سۈزۈپ ئېلىپ ئالدىغا ئەكەلگەن نارىنىنى بىر قوشۇقتىن بىر قوشۇقتىن پۈۋلەپ تۇرۇپ ئالدىرماي ئاغزىغا سېلىپ، گويا مۇقەددەس بىر نەرسىنى يەۋاتقاندەك يۇدىۋاقتانىدى. نارىنىنىڭ سۈيىنى بولسا گويا كېسەلگە شىپا بولىدۇ دەپ پۈتۈن بىر جامائەتنىڭ دۇئاسىنى قېتىپ ئەكەلگەن دېمىدىنى ئىچكەندەك شۇنچىلىك ئاۋايلاپ، پەملەپ ئىچمەكتە ئىدى. بالىنىڭ قىلىقلىرىمۇ بوۋايىنىڭكىدىن قىلىشمايتتى. ئۇ نېپىز لەۋلىرىنىڭ كۆيۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ، قوشۇقتىكى لوقمىنى ئاز- ئازدىن ئاغزىغا سېلىپ چايناپ، ئاۋايلاپ يۇتىۋاتاتتى. ياش خانىم بولسا ئۇشبۇ غىزانىڭ بوۋىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ يېگەن ئەڭ ئاخىرقى غىزا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئىشتىھاسى تازا يوق ئىدى. نېمىشقىدۇر بىر پەس بوۋىسىغا قارىسا بىر پەس ئوغلىغا قاراپ، گويا ئۇزۇن بىر ئارقاننىڭ قايسى ئۇچىنى تۇتۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئادەمدەك، ئاغزىدىكى گۆشنى سېغىز

چاپىنغانىدەك چاپناپ ئۆلتۈراتتى. كالللىسىدا بولسا يېرىم ئۇچۇق، يېرىم تۇتۇق بىر نەرسىلەر ئۈزۈپ يۈرەتتى; كۆڭلى يېرىم بولۇپ، گويا دېڭىزغا چۆككەن لەڭگەردەك، ئېغىر غەم - قايغۇ دېڭىزغا بارغانسېرى پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىر چەتتىن ئوغلىنىڭ بەختىنى ئويلاپ چاققانىراق يولغا چىقىشقا ئالدىراۋاتقان بولسا، يەنە بىر چەتتىن بۇ دۇنيادىكى يېگانە باش - پانايى ھېسابلىنىدىغان بوۋىسىنى غىلۋەت يېزىغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە رايى بارمايۋاتقانىدى. ئەنە شۇ پۈتمەس - تۈگىمەس زىددىيەتلىك خىياللار كالللىسىنى ئۈزۈلۈكسىز قويچىۋاتقاندا، بوۋاي يەنە سۆز ئاچتى - قېنى قىزىم، تاماقنى سوۋۇتماي ئىشتىكرەك يە! يولغا چىقىدىغان ۋاقىت تولدى، - دېدى. ياش خانىمۇ كېسىپلا ئۆزىنىڭ تويغانلىقىنى ئېيتتى، بۇنىڭ بىلەن بوۋاي قولىنى دۇئاغا كۆتەردى ۋە ئانا بىلەن بالىمۇ بوۋايغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدى. تاماق دۇئاسىدىن كېيىن بوۋاي ئۆزىنىڭ دەرھال ئاتنى ئېغىلدىن ئەچىقىپ، ھارۋىغا قېتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئارقىدىنلا يەنە ياش خانىمغا پىشۇرۇلغان سۈر گۆشىنىڭ ھەممىسىنى يولدا يېيىش ئۈچۈن ئېلىۋېلىشنى تەكىتلەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يەنە ئۆزىنىڭ ئازراق قېزا تەيارلاپ قويغانلىقىنى ئېيتتىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ياش خانىم شېرەنىڭ ئۈستىنى يېغىشتۇرۇپ، قاچا - قومۇچلارنى يۇيۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان سۈر گۆشنى توغراپ، بىر پىلاستىك قاچىغا سالدى ۋە ئاغزىنى مەككەم ئەتكەندىن كېيىن، ئىككى تال قوشۇق بىلەن بىرگە كىچىك بىر خالتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئاندىن سومكىسىغا قويدى ۋە

ئۆينىڭ ئىچىگە يەنە بىرە قۇر قاراۋەتكەندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ ئۇستىبېشىنى كىيگۈزۈپ، ئۆزىمۇ راسلاندى. دەل مۇشۇ چاغدا بوۋاينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاي هويلىدا ئات هارۋىسىنى تەق قىلىپ بولغان ئىدى. ياش خانىم ئوغلىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىش بىلەن تەڭ، بوۋاي بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئالدىراپلا پېشايۋاننىڭ ئۇستىگە چىقىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى ۋە تۆردىكى ساندۇقنىڭ ئۇستىگە قاتلاپ قويۇپ قويغان ئەستەرسىز جۇۋىنى ئېلىپ، قولتۇقۇغا قىسقان پېتى تالاغا ئېلىپ چىقتى ۋە هارۋىنىڭ قىشىدا قاراپ تۇرغان ئانا ۋە بالىغا قاراپ تۇرۇپ ـ بۇ جۇۋىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغىنى تاس قاپتۇق ئەمەسمۇ، بۇنداق قىشنىڭ كۈنىدە بۇ جۇۋا تازا ئەس قاتىدۇ، هارۋىدا ئولتۇرغاندا ئۇستۈڭلارغا يېپىنچا قىلىۋالساڭلار توڭمايسىلەر، ـ دېدى ۋە جۇۋىنى ئەكىلىپ هارۋىنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ تۇرۇپ ـ قېنى ۋاقىت كەلدى، هارۋىغا چىقىڭلار، ـ دېدى. ياش خانىم بىلەن بالا سومكىلىرىنى هارۋىغا قويۇپ، ئۆزلىرىمۇ ئۇستىگە چىقىپ ئوبدان جايلىشىۋالدى ۋە جۇۋىنى ئېلىپ پۇتلىرىنىڭ ئۇستىگە يوتقاندەك ياپتى. بوۋاي دەرۋازىنى ئېچىپ، ئېتىنى هەيدەپ تالا چىقتى ۋە ئارقىدىنلا دەرۋازىنى سىرتىن ئاستا ئېتىپ قويدى.

## 31

كوچىدا يەنىلا تىمتاسلىق پادىشاھ ئىدى، بىراق قىرىشقاندەك بىر لەھزە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا تېمتاسلىق پادىشاھىنىڭ تەختى ـ راۋېغىغا دەز كەتتى. يەنى پاكار

ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان بىر چا غوراز ئىككى قانىتىنى دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىدەك ئېچىپ تۇرۇپ، قاقاقلاپ ئاۋاز چىرىشقا باشلىغانىدى. غورازنىڭ ئاۋازى يۇكسەلگەنسېرى، پوكانلىرى كۆپۈپ، پەيلىرى بەدىنىدىن تۇزۇپ كېتىدىغاندەك بىر- بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھال كوچىدا بىرەسىنىڭ كۆرۈپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئېتىنىڭ پۇشۇلدىشىدىنمۇ خۇدۇكسىرەپ تۇرىۋاتقان بوۋاينىڭ غەزىپىنى تازا قوزغىدى بولغاي، شالاڭ چىشلىرى ئاچچىقىدىن قىمىرلاپ كەتتى، ھەتتا تامدىن يامشىپ چىقىپ، ئىككى قانىتىنى سۆرەپ ئۆگزىنى سۈپۈرىۋاتقان ئاۋۇ قاغىش تەككەن غورازنىڭ چىرايلىق پەيلەر بىلەن بېزەلگەن بويىنىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ ئۈزۈۋەتكۇسى كەپ كەتكەنىدى. لېكىن، غورازنىڭ قانات سۆرەپ قاقىلداشلىرى ئۇزاققا بارماي پەسەيدى، ئەمدى بوۋاينىڭ بىھۇدە ئەنسىرەشلىرى، ئاچچىقلاشلىرىنىڭ ئەھمىيتى قالمىغانىدى، يەنە شۇنداقتىمۇ بوۋاي ھارۋىسىغا ئىرغىپ چىقىپلا، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى سىلكىپ ئىشتىك مېڭىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. بوۋاي كوچىدا بىرەسىنىڭ كۆرۈپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، ئەگەر بىرەسىنىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ، سالاملاشقاندىن كېيىن نەرگە ماڭغانلىقىنى سورىسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى تېخى ئويلاشمىغانىدى. ئەگەر راستىنلا بىرەسى ئۇچراپ ئەنە شۇ سوئالنى سوراپ قالسا بوۋاي ئادىتى بويىچە «ياۋا توشقان ئوۋلىغىنى» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇتلەق ئىدى. ئەسلىدە، بوۋاي ياۋا توشقان ئوۋلاشنى ئەمەس، بەلكى تۈلكە ئوۋلاشنىڭ ماھىرى ئىدى. لېكىن ھازىر ئوۋلايدىغان تۈلكە نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز، ھەرقانداق ھېلىگەر

تۈلكىمۇ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇۋلىنىشتىن قورقۇپ، قۇيرۇقىنى ئاستىغا باستۇرۇپ، ئۇۋىسىدىن تالاغا چىقالماس بولۇپ كەتكەن تۇرسا. بۇرۇنلاردا جىلغا - ئېدىرلاردا تۈلكە كۆپ ئىدى، ئۇلار ئەركىن ئوۋلاپ يۈرەتتى، ئەنە شۇ ئەركىن چاغلاردا بوۋايمۇ تۈلكىدىن قىلىشمايدىغان ئۇستا ئوۋچى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بوۋاينىڭ لەقىمىمۇ «تۈلكە» ئىدى. كىشىلەر دائىم ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «تۈلكە» دېگەن لەقىمىنى قوشۇپ ئاتايتتى. بوۋاي بۇ لەقەمنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تۈلكىدەك ھىيلىگەر، كاززاپ بىرسىدەك تونۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى ۋە بۇ لەقەم بەزىدە غۇرۇرىغا تېگەتتى. لېكىن، نېمە چارە «لەقەمنى غىزىر قويۇدۇ» دەپ مەزكۇر لەقەم بوۋايغا دېۋىرقايدەك مەككەم چاپلىشىۋالغانىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوۋايمۇ «ئەلەكمۇللىللا» دەپ لەقەمگە كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋايدا تۈلكىنىڭ ئۇنداق «سەلبىي» خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق بولۇپ، ئەكسىنچە ئەنە شۇنداق تۈلكىدەك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە مىزان قىلغان كىشىلەرنىڭ ئوۋچىسى بولۇشقا مۇناسىپ كىشىلەردىن ئىدى؛ ئۇ پەيتتى كەلگەندە تۈلكە خۇسۇسىيەتلىك شەخسلەرنىڭ ئەدىپىنى تازا ئوبدان بېرىپ كېلىۋاتقان بۆرە خۇسۇسىيەتلىك كىشىلەردىن ھېسابلىناتتى. ھېلىمۇ ياخشى ھازىر بوۋاينىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، دەرۋازىنى تاقاپ، مەھەللىدىن يىراقلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا كوچىدا بىرەسى ئۇچرىمىدى. مانا بۇ ئاجايىپ ئەھۋال بولسا سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنىڭ بېشارىتى ئىدى. بوۋاينىڭ كەيپى چاغ ئىدى، ئۇ

بېشـــىغا چۈكـــۈرۈپ كـىيـۋالغـــان تۆلكــە تېرىســـىدىن تىكىلگـــەن قۇلاقچىســـىنى تۈزەشـــتۈرۈپ قويـــۇپ، ئۇچۇســـىدىكى مېتىـــس قويىنىـــڭ تېرىســـىدىن تىكىلگـــەن ئەســـتەرلىك، توقۇلمـــا ياقىلىـــق كالتــە جۇۋىســـىنىڭ ياقىســـىنى ئېگىـــز كۆتـــۈرۈپ، بويۇنلىرىنـــى ئوبـــدان ئېتىـــپ، ھارۋىســـىنى تـــۈز يولغـــا ســـېلىپ كېتىۋاتاتتـــى. ماڭلىيىـــدا ئاپئـــاق بۇلۇتتـــەك قاشقىســـى بـــار، بوينـــى ئـــۇزۇن تورۇق ئېتـــى ئوينـــاقلاپ ھارۋىنـــى ئىشـــتىك ســـۆرەپ، بـــۆرە يورغۇســـىدا مېڭىۋاتاتتـــى، ئۇمـــۇ گويا مۇشـــۇ يېزىدىن چاققانراق يېراقلىشىشـــنى ئويلىغانـــدەك قىلىـــپ، بوۋاينىـــڭ تىزگىنـــى تارتىـــپ تۇرۇشـــلىرىغا بـــوي بەرمـــەي، بويۇنلىـــرى تولغـــاپ، شاشلىشـــىپ كەتكەنـــدى؛ نەچچــە ۋاقىتتىـــن بۇيـــان ئېغىلدىـــن ســـىرتقا چىقمـــاي، ئىچـــى تىتىلـــداپ تۇرغـــان چاغـــدا، مەزكـــۇر ســـەپەر ئۇنىڭغـــا كەيپىياتىنـــى تەڭشـــەيدىغانغا تـــازا ئوبـــدان پۇرســـەت يارىتىـــپ بەرگـــەن بولۇشـــى ئېھتىمالدىـــن يىـــراق ئەمەســـتەك قىلاتتـــى. بـــوۋاي بولســـا نـــەۋرە ۋە ئەۋرىســـىنى ئەندىشـــىگە ســـېلىپ قويماســـلىق ئۈچـــۈن يورغـــۇلاپ كېتىۋاتقـــان ئېتىدىـــن ۋە ئۇدۇلـــدا ئۆزىگـــە قـــاراپ تۇرغـــان تاغدىـــن ئالغـــان جاســـارىتىنى نەۋرىســـى بىلـــەن ئەۋرىســـىنىڭ ئۈســـتىگە چېچىشـــقا ۋە ئۇلارغـــا ئۈمىـــد بېرىـــپ توختىمـــاي ياخشـــى گەپلەرنـــى قىلىـــپ، سۆزلەشـــكە تۇتـــۇش قىلماقچـــى بولىۋاتاتتـــى. بوۋاينىـــڭ شـــوتىدىن تۆۋەنگـــە ســـاڭگىلاپ تۇرغـــان قـــارا پىمـــە كىيىۋالغـــان ئىككـــى پۇتـــى بولســـا، ئاتنىـــڭ يورغۇلىشـــىغا تەڭكـــەش بولـــۇپ پىلاڭلاۋاتاتتـــى. بـــۇ چاغـــدا قۇيـــاش دىلمـــۇك تاغلىرىنىـــڭ ئۈســـتىدە چىرايلىـــق كۈلـــۈپ تۇراتتـــى. ئاســـماندىكى قـــارا بۇلـــۇت ســـۈزۈلۈپ، پارچــە ـ پارچــە قـــاردەك ئـــاق بۇلۇتلارغـــا ئايلىنىـــپ، شـــەرقتىن غەربكــە قـــاراپ ئـــۈزۈپ كېتىۋاتاتتـــى، كۆكتىكـــى ئۇشـــبۇ ئـــاق

بۇلۇتلارنىڭ يولى بىلەن ئانا ۋە بالىنىڭ يولى بىر ئىدى. هازىر قۇياشمۇ ئادەتتىكى كۆڭۈلەرنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا ئالاھىدە پاقىراق ئىدى؛ تاغنىڭ يان باغرىدىكى بىر- بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن قارىغاي - ئارچىلار، تال - چىتىنلار، تېۋىلغا - ئىرغايلار بولسا ئۈستىبېشىغا قونغان بوز قارلار بىلەن قوشۇلۇپ بەرق ئۇرۇپ چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. شۇڭقار چوققىسى كۆمۈشتەك يالتىراپ گويا ياش خانىمغا تەلپۈنۈپ تۇرغان بوۋاقنىڭ سەبى كۆلكۈسىدەك يېقىملىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاغنىڭ ئۈستىدىكى قۇياش بولسا گويا يۈزنى رىزىكە چاقلىق ئاتھارۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن بارغانسېرى ئۇزاقلىشىۋاتقان يېزىغا قېلىپ، نۇرلۇق قانىتىنى يېزىنىڭ ئۈستىگە يېيىپ جايىدا مىدىرلىماي تۇرغان پەرىشتىدەك باقماقتا ئىدى. هالبۇكى، يېزىنىڭ ئۈستىدە ئۇسۇل ئويناۋاتقان قۇياش نۇرلىرى ھەم سوغۇق، ھەم جانسىز بولۇپ، قار - مۇزنىڭ ئىچىدە قالغان يېزىنى ئىسسىتىشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، مۇشۇ دەمدە قۇياش ئەڭ يۇكسەك نۇقتىغا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئىسسىتىش قۇۋۋىتى يەنىلا ئاجىز ئىدى. يولنىڭ ئىككى يېنىدىكى قارلىق دالانىڭ بەزىبىر يەرلىرىدىكى قارلارنى شامال ئاللاقاياقلارغا ئۇچۇرتۇپ ئەكەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاستىدىكى مۇز تۇتقان قارا تۇپراق ئېچىلىپ قالغانىدى، ئاغىل - تاغىل كۆرۈنۈپ تۇرغان يەرلەر بولسا كىشىنىڭ كۆزىگە دۇنيا خەرىتىسىنى ئەسلىتەتتى. بوۋاي ئاتنىڭ تىزگىنىنى مەيلىگە قويۇۋەتتى، ئات ھارۋىنى سۆرەپ قار ۋە مۇز قاپلىغان دالىدا ئۆز يولىنى تېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئات بۇ يوللاردا كۆپ ماڭغان، بوۋاي ئەنە شۇ

كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ باغرىدىكى كۆمۈر كانلىرىغا مۇشۇ هارۋىسىغا مۇشۇ ئاتنى قېتىپ كۆپ قېتىم قاتىرىغان، بۇ يوللار ئاتقا يات ئەمەس. تاغ يولىدا بەخىرامان كېتىۋاتقان ئات هارۋىسى بولسا، يولنىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇل چوقۇرلىرىغا چۈشۈۋاتقان چاقىدىن چىققان ئاۋازى بىلەن ساقىلىق قازىنىدىكى شارىكلارنىڭ غىچىرلاشلىرىغا ئات تۇيىقىغا مىقلانغان تۆمۈر تاقىنىڭ توك يەرگە تەككەندە كۆتۈرۈلگەن سادالىرىنى تەڭكەش قىلىپ گويا ئاجايىپ بىر كېلاسسىك مۇزىكىنى ئورۇلاپ كېتىۋاتقان ئورچېستىرغا ئوشاپ قالغانىدى. يولدا ئۇشبۇ ئورچېستىر ئورۇنلاۋاتقان تەبىئىي مىلودىيەدىن ۋە يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغان قۇرۇق گىياهلارنىڭ شىرىلداشلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەبىئەت مۇزىكىسىدىن باشقا بىر ئاۋاز يوق ئىدى. يول ياقىسىدىكى قۇرۇق گىياهلار ئارىسىدىكى ئۈچى سۇنغان تىۋىلغىلارنىڭ باشلىرى يەرگە ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، گويا بېشى كېسىلگەن باهادىرلاردەك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. تىۋىلغىلارنىڭ سۇنۇپ غولىدىن ئايرىلغان بەزى ئىنچىكە شۇڭگىلىرى شامالنىڭ كۈچى بىلەن تەنها هالدا غەربكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. گويا ئەنە شۇ ئۇچۇپ، دوملاپ، سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان تىۋىلغا شۇڭگىلىرىدا هامان بىر كۈنى ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىدىغاندەك بىر تەنهالىق ۋە ھەسرەت بار ئىدى. ئەنە شۇ سۇنۇق تىۋىلغا شۇڭگىلىرى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يىراق جايلاردا قانداقتۇر بىر نېمىلەر مىدىرلا ۋاتقاندەك كۆرۈنىۋاتاتتى. بەلكى مۇشۇ دالادىكى مىدىرلاۋاتقان بىردىن - بىر مەزكۇر جانلىق نىڭ ياۋا توشقان بولۇشى ئېھتىمالدىن

يىراق ئەمەس ئىدى. جۇۋىنى يېپىنىم، دۈمبىسىنى هارۋىنىڭ ئوقى يان پېنىگە تېيەپ ئولتۇرغان ئانا ۋە بالا قانداقتۇر بىر خىياللارنىڭ ئىچىگە شۇڭغىغان پېتى جىمجىت ئولتۇراتتى، جۇۋىدىن چىقىۋاتقان يۇڭنىڭ پۇرىقى بىلەن سوغۇق هاۋا ئۇلارنىڭ نەپەس يولىغا بۇرنىدىن كىرىپ تۇرىۋاتاتتى. دەسلەپتە ئۇلار يۇڭنىڭ پۇرىقىدىن سەسكەنگەن بولسىمۇ، مۇزلىغانسېرى ئۇشبۇ پۇراققا كۆنۈپ قالغانىدى، ھەتتا مەزكۇر پۇراق ئۇلارنى ئىسسىتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى ۋە يولنىڭ ئاۋۇيىشىغا ئەگىشىپ ئۇلار ئۇشبۇ پۇراقنى ياخشى كۆرۈپ قالىۋاتقانىدى. جۇۋا يۇڭىنىڭ بەزىلىرى قارا، بەزىلىرى ئاق رەڭدە بولۇپ، ھەممىسى ۋاقىتنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزلىگىدىن ئېشىلىپ ئۇچلىنىپ قالغانىدى. ئاق رەڭدىكىلىرى بولسا، كىرپىشىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولغاچقا بەجايىكى لامپىنىڭ كىرسىن سۈمۈرگەن پىلىكىگىلا ئوشاپ قالغانىدى. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ئەنە شۇ قارا ۋە كىرپىشىپ قالغان ئاق يۇڭلۇق جۇۋا ئۇلارغا مۇشۇ دالىدا ھەممىدىن ئىسسىق يوتقان بولغانىدى. ئۇشبۇ جۇۋا ئاق ۋە قارا قازاق قويىنىڭ تېرىلىرىدىن تىكىلگەن بولۇپ، پېشىنىڭ ئاق قازاق قويىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن قىسمىنىڭ بىر پارچىسى پىچاق بىلەن كېسىپ تاشلىۋېتىلگەندەك پۇچۇق ئىدى. ياش خانىم جۇۋىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ كۆڭلى سەل يېرىم بولغانىدەك بولدى، بىراق ھازىرقى مەسىلە بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادى يول ئاۋۇپ، مەنزىلگە تېز ۋە بىخەتەر يېتىۋېلىشتا ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ياش خانىم دەسلەپتە جۇۋىنىڭ ئۇ يېرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كېسىلىپ

تاشـلىۋېتىلگەنلىكىگە ئىرەڭشىپ كەتمىدى. بىراق يول ئۇزارغانسېرى بۇ يەرگە كۆزى تىكىلىپلا قالغانىدى، قارىغانسېرى جۇۋىنىڭ پۇچۇق پېشى تېخمۇ سىرلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن هارۋىنىڭ مېڭىشى ياش خانىمنىڭ دىققىتىنى بۇزىۋېتىپ باراتتى، يول تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلغان بولغاچقا، ئاتنىڭ تۇياقلىرى بارغانسېرى ئىشتىكلەپ، هارۋا سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاي بولسا، ئاتنىڭ تىزگىنى تارتىپ ـ تارتىپ قويۇۋاتاتتى، ئات گويا ئۆزىنى مۇشۇ ئانا ۋە بالا قاراپ قاچقان ئەركىنلىككە ئىنتىلىۋاتقان ۋە ئاشۇ مەنزىلگە قاراپ چېپىۋاتقان تۇلپاردەك چاغلاپ، ئۆكرەڭ تاشلاپ شۇنچىلىك ئىشتىك مېڭىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. ئۇ بوۋاينىڭ تىزگىننى تارتىپ تۇرغىنىغا بوي بەرمەي، تېخمۇ ئىشتىك مېڭىشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى، ئاتنىڭ ئۇشبۇ ئەسكى خۇيىنى كۆرگەن بوۋاينىڭ تەرسالىقى ئۆرلەپ، قولىدىكى ئۈچ تال ئىنچىكە تاسمىدىن ئېشىلگەن ئۇزۇن تېۋىلغا ساپلىق قامچىسى بىلەن ئاتنىڭ بوغىسىغا كلەتۇرۇپ بىرنى سالدى، قامچىنىڭ ئۇچى بوغىدىن ئۆتۈپ ئاتنىڭ بېشىغا تەككەن بولغاچقا، ئاتنىڭ قۇلۇقىنىڭ قېنى قاچتى بولغاي كىشنەپ، پۇشقۇرۇپ، يالىسىنى سىلكىپ سۇنچىلىك تەرسالىشىپ كەتتى، ھەتتا ئاتنىڭ تەرسالىقى بوۋاينىڭكىدىن ئېشىپ چۈشتى بولغاي يەرنى چاپچىپ، تۇمشۇقلىرىنى كېرىپ، يۇگەننىڭ سۇلۇقىنى چاينىغاچقا ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ چىقىپ كەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئاتنىڭ ھېلال ئايدەك پاقىراق تاقىلىق تۇياقلىرى قارلىق يولغا ھەر ئۇرۇلۇپ كۆتۈرۈلگەندە يەرلەردىن ئويۇلۇپ ـ ئويۇلۇپ چىققان چېڭدالغان قارلار ئالما چېچەكلىرىدەك تۇزۇپ، هاۋادا

لەيلىگەن پېتى هارۋىنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتاتتى. بوۋاي بولسا داۋاملىق تىزگىننى تارتىپ ئولتۇراتتى، ھەتتا شۇنچىلىك چىڭ تارتاتتىكى ئاتنىڭ ئاغزىدىكى يۈگەن ئېغىزىنى ئاغرىتىۋەتكەنلىكتىن، ئاتنىڭ جانلىرى قىيلىنىپ، بويۇنلىرى تولغۇنۇپ كېتىۋاتاتتى. يەنە شۇنداقتىمۇ ئات ئاشۇ تاغنىڭ غەربىدىكى ئەركىنلىك ئۈچۈن تۆمۈر يۈگەنگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغاندەك قىلىپ، بوۋاينىڭ تىزگىننى چىڭ تارتىپ تۇرۇشىغا قارىماي تىزگىن سىيرىپ، ئىرغىپ تۇرۇپ شامالدەك ئىشتىك مېڭىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. هاسىراشتىن كېرىلىپ كەتكەن بۇرۇنلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن توختىماي ئاقۇش تۇمان چىقىۋاتاتتى. هالبۇكى، ئات يەنىلا ئۆز پەيلىدىن يانماۋاتاتتى. مىجەزى قوداڭشىپ كەتكەن بوۋاي ئېتىنىڭ تىزگىننى غەزەپ بىلەن تارتىپ تۇرۇپ - بۇ لەنىتى ئاتقا بۈگۈن نېمە بولدى ؟ خۇددى ئالدىدا تېزراق يېتىپ بارمىسا بولمايدىغان بايتىلى ساقلاپ تۇرغاندەك شۇنچىلىك ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىغا قارامدىغان، - دەپ غۇدۇڭشىدى. بوۋاي تىرەككەنسېرى ئاتمۇ بوي بەرمەي تەڭ غەزەپلىنىپ، بىر چەتتىن تۇمشىقىنى ئۇياق - بۇياققا تولغاپ سىلكىسە، يەنە بىر چەتتىن غەزەپ بىلەن قۇيرۇقىنى سىلكىپ، هارۋىنىڭ شوتىسىغا تاراسلىتىپ ئۇرىۋاتاتتى، بۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە هارۋىنىڭ ياغىسىراپ كەتكەن ساقىلىق قازانلىرىدىن نالە قىلىۋاتقاندەك چىقىۋاتقان غىچىرلىغان ئاۋازلار بوۋاينىڭ چىشىنى تېخىمۇ قىرىشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئات بىلەن بوۋاي ئەنە شۇنداق تىركىشىپ، يولمۇ ئوبدانلا ئاۋىغانىدى. ئات ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن هاردى بولغاي، ئاخىرى ئۆزىنىڭ

ھالىغا تەن بېرىپ، تۇياقلىرىنى ئاستىلاتتى، بوۋايمۇ «ئۇۋ» دېگەنىدەك قىلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، نەۋرىسى بىلەن ئەۋرىسىگە قارىدى. بالا ھارۋىدا كېتىۋېتىپ گويا پۈتۈن دۇنيا ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدەك قىلىپ، قارا زەيتۇنىدەك كۆزلىرىنى ئاق قار بىلەن تون كىيگەن دالاغا ۋە سوزۇلۇپ ياتقان دىلمۇك تاغلىرىغا تىكىپ ئولتۇراتتى. ياش خانىم يەنىلا خىيالچان كۆزلىرىنى جۇۋىنىڭ پۇچۇق يېرىدىن ئالماي تۇراتتى. بوۋاي ئەمدى ئاتنىڭ تەن ئالغانلىقىدىن مەمنۇنىدى. ئۇ، ئات بىلەن ھارۋىنىڭ جىددىيلىدىن قۇتۇلغانلىقىدىن ھوش بولۇپ، گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ، بىر يۆتۈلىۋەتكەندىن كېيىن سۆز ئاچتى - قىزىم قاراپ تۇرسام كۆزىڭنى جۇۋىنىڭ پېشىدىن ئالماي ئولتۇرىسەن، ھەقاچان بۇ جۇۋىنىڭ پېشىنى كىم كېسىپ تاشلىغاندۇ، شۇنداق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولغىيتى ؟ دەپ ئويلاۋاتقانسەن، مەن ساڭا بۇنىڭ جاۋابىنى بېرىپ، سېنى بۇ يۈكتىن قۇتۇلدۇراي، - دەپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى ھارۋىنىڭ دوغىيسىغا ئوراپ قويغاندىن كېيىن، تاغ تەرەپكە بىر قاراۋېتىپ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلىشقا ئالدىراپ - قىزىم سەن ھەقىقەتەن شۇ تاغنىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆتۈش نىيىتىدىن يانمىغان بولساڭ، ئىككى نەرسىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىڭ كېرەك، ئۇنىڭ بىرى چېگرا چارلىغۇچى ئەسكەرلەردىن يەنە بىرى بولسا بۆرىلەردىن. بۈگۈن كەچتىن چېگرا قاراۋۇللىرى بەكمۇ چارلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما بۆرىلەر ئۆزلىرىگە ئوزۇق ئىزدەپ توپ - توپ بولۇپ يۈرۈدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىنراق. ئەنە شۇ بۆرىلەرگە ئۇچراپ قىلىشىدىن خۇدا

ساقلىسۇن. بۇنىي ئويلاشىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق. قىشتا بۆرىلەر ئوۋ تاپالمىغاچقا ئۆزىنىڭ كۈچى يەتكۈدەك نەرسىنى كۆرسىلا ھېچ پەيتنى قولدىن بەرمەي ھۇجۇم قىلىدۇ، - دەل مۇشۇ چاغدا بوۋاينىڭ گېپىنى بۆلگەن ياش خانىم - سەن تاغدا بۆرە بارلىقىغا قانداق جەزم قىلدىڭ؟ مۇشۇ زاماندا تاغدا بۆرە نېمە قىلسۇن، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ئەسكەرلەر تاغدا ياشايدىغان كىيىك، تاغ ئۆچكىسى، تۈلكە ۋە بۆرە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئوۋلاپ، نەسلىنى قۇرۇتىۋەتكەنمىش، - بۇ سۆزلەرنى تەخىرسىزلىك بىلەن ئاڭلىغان بوۋاي جىددىي تۈس بىلەن - قىزىم، بۆرە دېگەن ئەقىللىق، ھوشيار ھايۋان، ئۆزىنىڭ جانلىرىنى قانداق ساقلاپ قىلىشنى بىلىدۇ، ناۋادا ئالدىغا قوراللىق ئەسكەرلەر چىقسا، كۆزگە چىلىقماي، ئۇلارنىڭ كۆزىنى بوياپ، تىۋىش چىقارماي چېگرانىڭ ئۇياقىغا قېچىپ كېتىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا تاكتىكىلىرى ۋە ئالدىن چارلىغۇچىلىرى بار. ئۇلار شۇنداق بىر خىسلەتكە ئىگە ئىكەنكى، ئىنسانلار ئۇلارنىڭ بۇ ئەقلىگە ھەيران قالماي تۇرالمايدۇ. مەسىلەن، ئۇلار شۇنچىلىك ئۆم ياشايدۇ، كۈچلۈك دۈشمەنگە ئۇچرىغاندا چوقۇم كوللىكتىپ ھۇجۇم قىلىدۇ؛ ھەمدە ھۇجۇم قىلغاندا شۇنداق ھۇجۇم قىلىدىكى، دۈشمىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىسىنى تېپىپ تۇرۇپ شىددەتلىك زەربە بېرىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز كېلىپ قىلىشىنى بايقىغان ھامان چېكىنىش يولىنى تاللايدۇ، قارغۇلارچە جېنىنى دوغا تىكمەيدۇ. بۆرە ھەر زامان ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ياشايدۇ، ھەرگىز ئۆزىنى شىر چاغلىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار دائىم ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش

تۇتىدۇ، ئەڭ ئاز بەدەل تۆلەپ، زور غەلىبىگە ئېرىشىشنى بىلىدۇ. ئۇلار يەنە ئىنتايىن ئىنتىزامچان كېلىدۇ، گەرچە تەنھا ياشاشنى خالىسىمۇ، كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ كەلگەندە تەلۋىلەرچە ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەي، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ تاقابىل تۇرىدۇ ۋە ھۇجۇم قىلغاندا تەڭ ھۇجۇم قىلىپ، تەڭ چېكىنىدۇ، سەپداشلىرىدىن بىرەسىنى جەڭ مەيدانىغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ چېكىنمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇلار بىر- بىرىگە ئىنتايىن ساداقەتمەن. بولۇپمۇ بۆرە ئۆز جۈپتىنى بەك ھۆرمەتلەيدۇ. ئەركەك ۋە چىشى بۆرە ئۆز كۈچىكىنى تەڭ بېقىپ چوڭ قىلىپ، بىرگە قاتارغا قاتىدۇ. كۈچىكى مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندا، ئۇلار بالىسىنى تاشلاپ خاتىرجەم ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ. دەرۋەقە، ئۇلار ئۆزى يېتىشتۈرگەن بالىسىنىڭ قوي ئەمەس بەلكى بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا بالىسىغا پۈتۈن قەلبى بىلەن ئىشىنىدۇ. بۆرە يەنە ئىنتايىن ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان ھايۋان، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ھەر زامان تەبىئەت قوينىدا ياشايدۇ، ئەنە شۇ ئېگىز تاغلارنىڭ قوينى بۆرىنىڭ ئۆز ئۆيىدۇر، ئەركىن ياشايدىغان مۇقەددەس ماكانىدۇر. ئۇ ئەركىن، تەنھا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر ئوۋلايدىغان ئوۋ تاپالمىسا، نەپسىنى دەپ، بىر پارچە تەييار لوقمىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تۈلكىدەك قۇيرۇق شىپاڭشىتمايدۇ. مەن مۇشۇ سەۋەبتىن بۆرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، - ياش خانىم گەپنىڭ بەك ئۇزىراپ، ئۆزىنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان جاۋابىغا تېخىچە ئىگە بولالمىغانلىقىدىن ئىشى پۇشقاندەك قىلىپ بوۋاينىڭ سۆزىنى يەنە كەستى - بوۋا مەنمۇ سىنىڭ

بۆرە توغرىسا سۆزلەۋاتقانلىرىڭنى كىتابلاردىن كۆپ ئوقۇغان، قېنى ئېيتقىنە جۇۋىنىڭ پۇچۇق پېشى بىلەن بۆرىنىڭ زادى نېمە مۇناسىۋېتى بار؟، ـ بوۋاي بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋال، ئالدىغا بۇرۇلۇپ سوزۇلۇپ ياتقان قارلىق يولغا بىر قاراۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى ـ قىزىم بۇ سەل ئۇزۇن ھېكايە، سەن پاراڭنىڭ بېلىگە تەپمەي ئاخىرغىچە ئاڭلا، قارا قىزىم، كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، مەن بۇرۇنقى خۇيۇم بويىچە تاغقا ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن چىقتىم، بۇنداق مەزگىللەردە دەرەخلەر ياپراق تاشلاپ، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ، تاغلار تاقىرلىشىپ كېتەتتى، شۇ ۋەجىدىن ئوۋنى پەملەش ۋە ئۇنى ئوۋلاش ئاسانغا چۈشەتتى. مەن شۇ چاغدا ھېچ ئىككىلەنمەي ئولتۇرمايلا ئېتىمنى توقۇپ، ئوۋ مىلتىقىمنى دولامغا ئېسىپ، مۇشۇ جۇۋىنى ئېگەرنىڭ ئارقىسىدىكى غانجۇغىغا ئوبدان تېڭىپ يولغا چىقتىم. ئەپسۇس كەچ كۈزدە تاغنىڭ ھاۋاسى تېز ئۆزگىرەتتى، ئەگەر ئۆزگىرىدىغان بولسا قىشتىنمۇ بەتتەر جۇدۇن بولۇپ كېتەتتى، ھەتتا ھەش ـ پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن تاغ ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىپ، يوللارمۇ تامامەن ئېتىلىپ قالىدىغان پالاكەتلەر يۈز بېرىدىغان ئەھۋال بولۇپ تۇراتتى، مۇشۇ ۋەجىدىن ھەر ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇۋىنى ئېلىۋالغان ئىدىم. مەزكۇر جۇۋا مەن ئۈچۈن ھەم ئىسسىق يېپىنچا ھەم كەچتە ئورۇنۇپ ياتىدىغان يوتقان ھېسابلىناتتى. شۇنداق قىلىپ دىلمۇك تېغىغا يېتىپ باردىم. مەن بارغاندىمۇ ھازىر بىز كۆزلەپ كېتىۋاتقان چېگراغا يېقىن شۇڭقار غولىنى كۆزلەپ ماڭدىم. تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى بىز تەرەپكە، تەسكەي تەرىپى

قازىغىزتانغا قارايتتى. بۇ تاغلار بۆرىلەرنى قوغدايدىغان ئەڭ ياخشى جاي بولۇپلا قالماي، بەلكى بىز ئۇيغۇرلارنى ئاتا - ئانام زامانىسىدىن تارتىپ قوغداپ كېلىۋاتقان باش سىغدۇرىدىغان جاي ئىدى. بۇياقتا جانلىرى تەھدىتكە ئۇچرىغان ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ئۇياققا ئۆتەتتى، ئۇياقتا جانلىرىنى تاھدىتكە ئۇچرىغاندا بۇياققا قاچاتتى. ئەنە شۇنداق قېچىپ يۈرۈپ ھاياتلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلار قاتارىدا بۆرىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ بىز خەقتەك ئۇياقتىن بۇياققا، بۇياقتىن ئۇياققا قېچىپ نەسىللىرىنى تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ تاغلار بولماي، ئورنىدا تۈپ - تۈز تۈزلەڭلىك بولغان بولسا ئىدى، ئۇياقتىن بۇياققا ياكى بۇياقتىن ئۇياققا جان سالاپ قىلىش ئۈچۈن ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرىنىڭ توساقلىرىدىن ئۆتۈش مۇمكىن بولمايتتى. دېمەك بىز ئۈچۈن مەزكۇر تاغلار ناھايىتىمۇ ياخشى مۇداپىئەلىنىش قورغانىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىزنى ۋە بۆرىلەرنى خەتەردىن، دۈشمەننىڭ ئوقىدىن قوغداپ، دائىم ئۆز قوينىغا ئېلىپ كەلدى. مانا بۈگۈنكى كۈندە سەنمۇ مۇشۇ بەش ياشلىق ئوغلۇڭ بىلەن ئاشۇ تاغدىن ئۆتمەكچى بولىۋاتىسەن. ئەمما ئىشىنىمەنكى سەن چوقۇم بىخەتەر ئۇياققا ئۆتۈپ كېتىسەن، كۆڭلۈم تۈيۈپ تۇرىۋاتىدۇ، خۇددى ساڭا بىر ئىلاھى قول ياردەم قىلىدىغاندەكلا بىر تۈيغۇ ئىچىمنى يورۇتۇپ تۇرىۋاتىدۇ. يەنە گەپتىن قىيىپ كەتتىم، ھە راس يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، بۇ تاغلار ئەلمىساقتىن تارتىپ بىزنىڭ يۆلەنچىكىمىز بولۇپ كەلدى. يەنى مەيلى سادىر

پەۋلان بولسۇن مەيلى نوزۇگۇم بولسۇن، مەيلى غېنى باتۇر بولسۇن ھەممىسى مۇشۇ تاغلارنى ئۆزلىرىگە ماكان قىلىپ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ جاجىسىنى بېرىپ كەلگەن. بۇ قېتىم بۇ تاغ سىلەرگە ھەمرا ھەم باشپاناھ بولىدۇ. مەن ئەنە شۇ ئەڭ ئاخىرقى ئوۋغا چىققان چىغىمدا كەچ كىرىشكە يېقىن قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ، ھەممە يەردە قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ يۈرۈشكەن باشلىدى. شۇ چاغدا مۇنۇ جۇۋا ئۇچامدا بولغاچقا، تۇمشۇقۇمنى جۇۋىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئوۋلىغان يەتتە ياۋا توشقاننى مۈرەمگە ئېسىپ، قولۇمدا مىلتىقىمنى تۇتقان ھالدا ئېتىمنى باغلاپ قويغان تاغ باغرىغا قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتسام، قولۇقىمغا بىر نەرسىنىڭ ئېڭىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەزكۇر ئاۋاز خۇددى قاتتىق ئازاپقا چىدىمىغان بىر جانۋارنىڭ نالە قىلىۋاتقان ئاۋازىغا ئوخشايتتى. مەن قەدىمىمنى توختۇتۇپ، قۇلۇقىمنى دىڭ تۇتۇپ، تاۋۇش چىققان تەرەپنى تىڭشىدىم، قارىسام راستىن لا بىر جانۋارنىڭ ئېڭىرىغان ئاۋازى ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن تېز- تېز قەدەم تاشلاپ، ئاشۇ تاۋۇش چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئازراق ماڭا ماڭمايلا نېمىنى كۆردۈڭ دېمەمسىلەر، شۇنداق قارىسام ئالدىمدا قانغا مىلىنىپ ياتقان بىر بۆرە تۇرمامدۇ. مېنى شۇ چاغدا ئاشۇ بۆرىنىڭ ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىك تېرىسى راسا ئىسسىق جۇۋا بولىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى دەپ قالماڭلار، ياق ئۇنداق خىيال زىنھار ئەقلىمدىن كەچمىدى. ئۇنداقتا نېمىنى ئويلۇمدۇم دەمسىلەر؟ مەن ئۇنى قانداق قىلىپ قۇتۇكلدۇرۇشنى ئويلۇدۇم، ھېچ ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭ يېنىغا ئېھتىيات بىلەن كەلدىم. ئۇ يارىلانغان يېرىنى ماڭا كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلىپ، ماڭا

شۇنچىلىك چارىسىز ھالدا تەلمۈرۈپ قارىدى، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆل رەڭ كۆزلىرىدىن شۇنچىلىك مۇختاجلىقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتىكى، تاسلا قالدىم، ئۆز بالامغا ئېتىلغاندەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى باغرىمغا باسقىنى. لېكىن ئۇ بەرىبىر بۆرىدە، دەرھال ئەقىل ـ ھوشۇمنى يىغىپ پەم بىلەن، ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن ئوڭ ئارقا پۇتىغا قولۇمنىڭ ئۇچىنى ئاستا تەككۈزدۈم ۋە نەرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ۋە نېمە بىلەن زەھىملەنگەنلىكىنى بىلمەكچى بولدۇم. قولۇم ئۇچى تېگە ـ تەگمەيلا، ئۇ شۇنچىلىك سەت سىلكىندى ۋە بىر ئېڭراپلا كۆزىنى يۇمدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي بىر پەس تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشاۋېلىپ ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن يەنە تەشۈردۈم، قارىسام ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق تەككەن ئىكەن، تەلىيىگە نەپىسى تېخى كېسىلمەپتۇ، ئەمما لېكىنزە يارا ئېغىرىدىن كۆپ قان ئېقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ھالسىزلىنىپ شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئەپلىك بىر جايغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، ئاندىن پۇتىغا تەككەن ئوقنى چىقىراي دەپ ئويلۇدۇم ـ دە، جۇۋامنى سېلىپ ئۇنى ئورىغان پېتى كۆتۈرۈپ يەنە پەسكە قاراپ ماڭدىم. ئازراق ماڭا ماڭمايلا تاغنىڭ تۆۋىنىدىن شاخ ئايرىپ چىققان چوڭ بىر قىيا تاشنى كۆردۈم ۋە تاشنىڭ ئاستى قار- يامغۇردىن دالدىلىنىشقا ئەپلىك بىر جاي ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. مەن بۆرىنى شۇ يەرگە ئۇخلاۋاتقان بوۋاق ئويغۇنۇپ كەتمىسۇن دەپ ئاستا ئاۋايلاپ قويغاندەك پەم بىلەن قويدۇم. ئاندىن ئېتىمنى باغلاپ قويغان يەردىن يېشىپ ئەكىلىپ، ئاندىن

غانجۇغىسىدىكى قىل خۇرجۇنغا سېلىۋالغان كىچىك - كىچىك كەسلەنگەن قۇرۇق ئوتۇنلارنى ئېلىپ كىچىك گۈلخان ياقتىم ۋە يانچۇقۇمدىن قول ياغلىقىمنى ئالدىم، پىچىقىمنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ تەق قىلدىم، ھە راس قىل خۇرجۇندا پاكىز بىر تال ئاپئاق لۆڭگە بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن قايناق سۇ قاچىلانغان تېرموسنى بىرگە ئېلىپ يېنىمغا قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمچە ئازراق ئوپېراسىيەنىڭ تەييارلىقىنى تاماملىغاندەك بولدۇم. بۇ چاغدا يەنە ئىچىمدە بىر قورقۇنچلۇق ھېس پەيدا بولدى، گويا مۇشۇ ئالدىمدا ياتقان بۆرىگە تەككەن ئوقتىن بىرسى ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز كېلىپ، ماڭا تىگىدىغاندەكلا قېرى جېنىمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. يەنە شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، تەمكىنلىك بىلەن ئىشنى پۈتتۈرۈپ بۇ جايدىن تېزراق كېتىشنى ئويلۇدۇم. مەن دەرھال قول ياغلىقىم بىلەن يارا ئېغىزىنىڭ ئەتراپىنى تازىلىدىم ۋە پىچىقىمنىڭ ئۇچۇنى ئوتتا قىزىتىپ دېزىنپېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، بۆرىنىڭ يارىسىغا پەم بىلەن تىقىپ تۇرۇپ، پىچاقنى ئۇچىنى بىر ئىرغىتىپلا ئوقنى چىقاردىم. مەزكۇر ئوق مۇتلەق سۇ خىتاي چېگرا قاراۋۇللىرىنىڭ ئوقى ئىدى. ئۇشبۇ ئوق بۆرىنىڭ پاچاق مۇسكۇلىنى ئوبدانلا زەھملەندۈرگەن بولغاچقا، يارا ئېغىزىدىن توختىماي قان تامچىپ تۇرىۋاتاتتى، مەن چوقۇم قاننى توختاتمىسام بولمايتتى، شۇ ۋەجىدىن دەرھال قولۇمدىكى پىچاقنى يەنە ئوتقا تىقىپ قويۇپ، تېرموستىكى سۇ بىلەن بۆرىنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان جاراھەتنى پاكىز يۇيۇپ تازىلىدىم ۋە ئاتراپىنى پاكىز سۈرتىم، بۇ مەشغۇلاتلار تاماملانغاندىن كېيىن، چوغدەك

قىزارغان پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن يارا ئېغىزىنى داغلىدىم. ئىشقىلىپ ئېچىمدە ئىشنى خېلە ئوبدان ئەپلەشتۈردۈم دەپ ئويلۇدۇم، ئاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن بۆرىنىڭ داغلانغان يارىسىنى تېڭىپ قويدۇم. يەنە شۇنداقتىمۇ زادى خاتىرجەم بولالمىدىم، قارىسام قار لەپىلدەپ ياققىنى تۇردى، بۇ جانىۋارنىڭ جاراھەتلەنگەن پۇتىغا سوغ ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ ئويلاپ، جۇۋامنىڭ پېشىنى كېسىپ، بۇنىڭ بىلەن بۆرىنىڭ يارىلانغان پۇتىنى ئوبدان تاڭدىم ۋە ئۈستىنى كەندىر شوينا بىلەن ئاۋايلاپ باغلاپ قويدۇم ۋە ھېلىقى ئۆزۈم ئوۋلىغان يەتتە توشقاننى بۆرىنىڭ بېشىغا قويۇپ قويۇپ، ئوتنى يەنە ئۇلغايتىپ يېقىپ قويغاندىن كېيىن، يولۇمغا راۋان بولدۇم. ماڭا بۇنداق قىلماي ئامال يوق ئىدى، ناۋادا چارلىغۇچىلار كېلىپ قالسا، قېرى بېشىمغا بالانىڭ چوڭى كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، بۆرىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ئاتنىڭ ئۈستىدە نىمكەش جۇۋىغا ئورۇنۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆيگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىۋالدىم. ئەنە شۇ چاغدا شۇ ياخشىلىقنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەن بىلەن ئېتىم شۇنچىلىك شاشلىشىپ كەتكەن ئىدۇق، ئۆيگە قانداق تېز كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەيلا قالغان ئىدىم. ئەمما ئۆيگە يېتىپ كېلىۋالغىنىم بىلەن ئەس - خىيالىم ئاشۇ بۆرىدە قالغان ئىدى. شۇ ئىشلار يۈز بېرىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي ئۇ تاغقا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چىققان بولساممۇ، ئۇ بۆرىنى ھېچ ئۇچراتمىدىم. كېيىن مېنىڭمۇ ئوۋ ئوۋلاشقا رايىم بارمىدى، ئاستا - ئاستا قېرىپ كۈچ - قۇۋۋىتىمدىن قالدىم. بىراق تاغقا چىقانلارنىڭ ئېيتىشىچە تاغدىكى بۆرە سۈرىسى

ئىچىدە ئوڭ ئارقا پۇتىنى ئاخساپ ماڭىدىغان ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىك، بويۇنلىرىنى تۇم بىر ئەركەك بۆرە بارمىش. دېمەككى مەن قۇتۇلدۇرۇۋالغان بۆرە دەل ئەنە شۇ بۆرە بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن. مەن بۆرە سۆرىلىرى توغرىسىدىكى شۇ ئۇچۇرلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزۈم شۇنچىلىك خاتىرجەم بولۇپ قالغان ئىدىم. مۇبادا كېيىن ئاشۇ بۆرىنى كۆرگەن بولسام چوقۇم ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر قاراپلا تونىۋالغان بولاتتىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ياردەم سورىغان قىياپەتتىكى تەلمۈرۈپ قاراشلىرىنى ھېچ ئەقلىمدىن چىقارمىغان ئىدىم. ھەتتا تا ھازىرغىچە ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىشتەك كۆز ئالدىمدىن كەتمەۋاتىدۇ. شۇنى دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي، تېخى بۇ بۆرە قايسى بىر كۈنى چۈشۈمگىمۇ كىرىپ قاپتۇ. چۈشۈمدە، ئۇ ئوڭ ئارقا پۇتىنى ئاقساپ ئالدىمدا ماڭا يول باشلاپ كېتىپ باراتتى، مەن بولسام ئۆزۈمدىن شۇنچىلىك پەخىرلىنىپ كېتىۋاتاتتىم، قەدىمقى زاماندا ئوغۇزخان ئاتىمىزغا يول باشلاپ ماڭغان كۆك بۆرە ماڭا يول باشلاپ كېتىۋاتقاندەك خوشنۇت بىر ھېسسىيات ئىچىمنى قاپلىۋالغانىدى. ئىچىمدە، دېمەك «تارىخ تەكرارلىنىدۇ» دېگەن گەپ راس ئىكەنىدە دېگۈدەكمەن. بىراق بۇ ھېسسىيات ئۇزۇنغا بارمىدى، بىردەمدىكىن قارىسام ئالدىما يول باشلاپ كېتىپ بارغان بۆرە شۇ توكۇر ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىك بۆرە بولغىنى بىلەن، مەن ئۆزۈم مەن ئەمەس بولۇپ چىقتىم، بۆرىنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان كىشى باشقا ناتونۇش بىرسى بولۇپ قالدى، ھە تېخى يېنىدا گۈڭگا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر بالىمۇ بار ئىدى. مەن يىراقتىن ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن ۋە ئارقىسىدىن بۆرىنىڭ ھوۋلىشىنى

دوراپ، بـار كۆچـۈم بىلـەن ھوۋلاپتىمـەن، شـۇ چاغـدا ئۈلارغـا ئاگلىتىمـەن دەپ كۆچـەپ ھـوۋلاپ چاچـراپ ئويغۇنـۇپ كەتتىـم. قاربىسـام تـاڭ ئېتىشـقا ئـاز قالغـان ئىكـەن، دەل شـۇ دەمـدە ئىچىمنـى شـەپەقتەك يېقىملىـق بىرھېـس چۇلغىۋالغانىـدى، كۆڭلـۈم پاراكەنـدە بولۇشـنىڭ ئورنىغـا شـۇنچىلىك تىنىـق تۇرغانلىقنى سـەزگەنىدىم. ئەنە شـۇ ھوشـنۇت ھېسلار كۆڭلۈمدىن ھېـچ كەچمىـدى، ئىگەكىـم بارغانسـېرى كۆچىيىـپ بۆگۈنگـە قـەدەر كەلـدى. تـا ھازىرمـۇ ئاشـۇ بـۆرە ئالدىمغـا چىقسـپ مـاڭا قاراپ ھوۋلاپ، قىلغان ياخشـىلىقىمغا رەخمەت بىلدۈرىدىغاندەكلا بىلىنىـدۇ. بۇنـداق دېگەنلىكىـم قىلغـان ياخشـىلىقىمغا مىننـەت قىلۋاتقانلىقىم ئەمـەس، ئىچىمدىـن كەچكەن تەبىئىي تۇيغۇلارنى سـىلەر بىلـەن ئورتاقلىشـىۋاتىمەن. بـىراق مـىڭ ئەپسۇس، ھازىر ئـۇ بـۆرە سـۆرىلىرى يـوق، ئەسـكەرلەر ئالىلقاچـان ئـۇ بـۆرە سـۆرىلىرىنىمۇ تـىرە ـ پـىرەڭ قىلىۋەتكـەن بولۇشـى مۇمكىـن ۋە ياكـى بـۆرە سـۆرىلىرى بـىراقلا قازاغىزتـان تەرەپكـە كۆچـۈپ كەتكـەن بولۇشـى مۇمكىـن، مەيلـى نېمـىلا دېمـەي، ئـۇ بۆرىلـەر ھازىـر مەۋجـۇت ئەمـەس، جۈملىدىـن ئـۇ توكـۇر ئالتـۇن قوڭـۇر رەڭلىـك ئەركـەك بۆرىمـۇ بـۇ دۇنيادىـن كۆچۈپ كەتكەن بولۇشـى مۇمكىـن. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە بۆرىلەرنىـڭ ئاجايىـپ بىـر غەلىتـە قىلىقـى بـار، يەنـى بۆرىلـەر ئاچ قىلىـپ، زادى يەيدىغان نەرسـە تاپالمىغانـدا شـۇنداق ئاجايىـپ بىر ئويۇننى ئويينادۇ، ئۇ بولسىمۇ بۆرىلـەر دۈپ ـ دۈگىلـەك بولـۇپ توختىمـاي تېـز پىقىرايـدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز پىقىـراش جەريانىـدا قايسـى بىرسـى ھالىدىـن كېتىـپ باشـتا يىقىلىـپ چۈشسـە، قالغـان بۆرىلـەر ئۇنىنغـا ئېتىلىـپ بارغـان پېتـى يەيـدۇ ۋە قارنىنـى تويغۇزىـدۇ؛ مانـا بـۇ «بـۆرە

قانۇنى» دۇر، جۈملىدىن بۇ رەھىمسىز ۋە رەھىملىك تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. دېمەك بۇنىڭدىن شۇنداق بىر يەكۈنگە ئېرىشىمىزكى، كىم ئاجىز بولسا گاھ دۈشمىنىگە، گاھ ئۆز سۈرىلىرىگە يەم بولىدۇ. گەرچە بۆرىلەر گۆشخور، تەبىئىيتى ۋەھشى ھايۋان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ۋەھشىلىكنى ئەقلىمىزگە ئاسانلا قوبۇل قىلدۇرىمىز، ھالبۇكى، ئىنسانلار توق تۇرۇپ ئاجىزلارغا قىلغان ۋەھشىلىكنى، ياۋۇزلۇقنى قانداقمۇ ئەقلىمىز قوبۇل قىلسۇن ؟ مانا بۇ ھەممىدىن قورقۇنچلۇق ئىنسان قانۇنىدۇر. قىزىم ئەمدى چۈشەنگەنسەن، مانا بۇ جۇۋىنىڭ پېشىنىڭ نېمە سەۋەبتىن پۇچۇق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ بايانى، ـ دەپ ئالدىغا قارىدى ۋە ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قويۇۋىدى، ئات يەنە بۇرۇنقى ھۇشيار ھالىتىگە كېلىپ، قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ، تۇياقلىرىنى تېز- تېز يۆتكەپ، ھارۋىنى يەڭگىل سۆرەپ مېڭىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ياش خانىم بوۋاينىڭ ئېيتقان ھېكايىسىنى ئىچىدە تۇزەپ، قايتا يېزىپ چىۋاتقاندەك ھەتتا يازغان ھېكايىسىنىڭ پەش ۋە چېكىتلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، تەھرىرلەۋاتقاندەك لام ـ جىم دېمەي يەنە شۇ جۇۋىنىڭ پۇچۇق پېشىغا كۆزىنى تىكىپ ئولتۇراتتى. ئادەم ئەڭ قىممەتلىك كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ، يىراق ـ يىراق جايلارغا قاراپ يولغا چىققاندا قانداقتۇر بىلىپ بىلمەي بىر نەرسىگە تىكىلىپ قالىدۇ، خۇددى ئاشۇ ھىجران ئازابىنى تارتىشقا سەۋەپ بولغان كىشىنىڭ ئاشۇ يەردە ئەمەسلىكىنى ئوپمۇئوچۇق بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە شۇ يەردىن كۆزىنى ئۈزمەيدۇ. ياش خانىمنىڭ ھازىرقى روھى دۇنياسى دەل شۇنداق ئىدى،

كۆزىنى تەنھا ئارالدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان جۇۋىنىڭ پۇچۇق يېرىدىن ئۈزمەي، خۇددى شۇ ئارالدىن ئېرىنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئاشۇ ھېكايىلەر بىلەن تولغان سىرلىق ئارالدا بىر ياخشىلىق يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك، شۇ يەردىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇراتتى. بالا بولسا جۇۋىنىڭ ئىچىگە تۇمشۇقىنى تىقىپ، بۆرىنىڭ كۈچىكىدەك، كۆزىنىڭ قارچۇغىسىنى ئۇياقتىن بۇياققا تېز يۆتكەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى قۇياش قىش پەسلىگە خاس سوغۇق نۇرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سېپىۋاتاتتى، ئاق بۇلۇتلار بولسا پەرۋاسىز ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئات ھارۋىسى يەنە ئالاھەزەل يارىم سائەتچە ئادەمنىڭ ئۈچەيلىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان ئەگرى- بۈگۈر يوللاردا ماڭغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئاچىمىقىغا يېتىپ كەلدى. مەزكۇر ئاچا يولنىڭ بىر تەرىپى كۆمۈر كانىغا، يەنە بىر ئۇچى بولسا چېگرا تەرەپكە تۇتىشاتتى. بوۋاي ھېچ ئىككىلەنمەي ئولتۇرمايلا تىزگىننى تارتىپ، ئاتنىڭ بېشىنى چېگراغا تۇتىشىدىغان يول تەرەپكە بۇرىدى. ئاتمۇ دائىم مېڭىپ كۆنۈپ كەتكەن كۆمۈر كان بار يولغا تارتىشىپ يۈرمەي، ئىگىسى باشلىغان يولغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بۇرالدى. دەرۋەقە، ئۇ بۇ يوللارنىمۇ بەش قولدەك بىلەتتى، گەرچە بۇ يوللاردا ھارۋا سۆرەپ ماڭمىغىنى بىلەن، ئۈستىگە بوۋاينى مىندۈرۈپ، ئوۋغا نەچچە ئون قېتىم چىققان يوللار بولغاچقا، يولنىڭ ئېگىز- پەس يەرلىرىنى پىششىق بىلەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئات يەنىلا بۇرۇنقى سۈرئىتىنى ئاستىلاتماي بۆرە يورغىسىدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئازراق ماڭاماڭمايلا ئات ئۆزلىگىدىن توختىدى، چۈنكى ئالدىدا يول يوق ئىدى. ئالدىدا ئاپئاق قارلىق جىلغا تەنھا سوزۇلۇپ ياتاتتى،

جىلغىنىڭ ئىككى يېنىنى بولسا بۈزغۈن چىقىرىپ، ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشايدىغان دولقۇنسىمان قارلىق تاغلار ئوراپ تۇراتتى. ئۇياققا ئاتنىڭ ھارۋىنى سۆرەپ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قالغان يولنى قار كېچىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئات توختىشى بىلەن تەڭ بوۋاي ھارۋىسىدىن ئىرغىپ چۈشتى ۋە ھارۋىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ ئولتۇرغان ياش خانىم بىلەن بالىنى يەرگە چۈشۈشكە ئىشارەت قىلدى. ئەمدى بوۋاينىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى ئەنسىزلىك ئالامىتى ئىگىلىگەنىدى، بوۋاي بۇ ئوچۇقچىلىقتا ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنداق تاغنىڭ باغرىدا، ئادەمنىڭ ئايىقى تەگمىگەن يەردە ئۇزۇن تۇرۇش ھەرقانداق بىر چارلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايتتى، شۇ سەۋەبتىن بوۋاي نەۋرە ۋە ئەۋرىسىگە ماڭىدىغان يولنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىۋېتىپلا ئارقىسىغا يانمىسا، باشلىرىغا قانداق بىر بالا- قازانىڭ كېلىدىغانلىقى ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ياش خانىم ۋە بالا ئىسسىق جۇۋىنىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ھارۋىدىن يەرگە چۈشتى ۋە سومكىلىرىنى قولىغا ئالدى، جۇۋىدىكى يۇڭنىڭ پۇرىقى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن روھىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئايرىلىدىغان جايى دەل مۇشۇ ھارۋىدىن چۈشكەن جاي ئىدى. ئانا ۋە بالا شۇنداق بىر نۇقتىغا كەلگەن ئىدىكى، بۇ نۇقتىدىن زىنھار ئارقىغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، دەل مۇشۇ ۋەجىدىن ئانا ۋە بالىنىڭ پەقەت ۋە پەقەتلە ئالدىغا قاراپ، يولسىز يەردىن يول ئېچىپ ماڭماقتىن

باشـقا بـر يولـى يـوق ئـدى. نـەزەر دائىرىسى تارلىشىپ قالغانـدەك ھېس ـ تۇيغـۇدا بولىۋاتقـان يـاش خانـم بوۋىسـىغا ھەسرەت بىلـەن قارىـدى. بوۋاينىـڭ پىلـەك يايغـان سـاقال ـ بۇرۇتلىـرى بىلـەن تـەڭ لەۋلىـرى تىرەۋاتاتتـى، كۆزلىـرى يـاش پەردىلىرى بىلەن تورلۇشۇپ خىرەلىششكە باشلىغانىدى. بوۋاي قانـداق خوشلىششـنى، نېمـە دېيىشـنى بىلمەيۋاتقانـدەك قىلاتتـى، بولۇپمـۇ مۇشـۇ ئىككـى يـۈرەك پارىسـىنى قىشـنىڭ سـوغۇقىدا مۇشـۇ تاغنىـڭ باغرىغـا تـاشلاپ قويۇشـقا رايـى بارۋايىۋاتقانـدى. بىـراق قـارار ئېلىنىـپ بولـدى، دېيىلىدىغـان سـۆزلەر سـۆزلىنىپ بولـدى، نەسـىھەت ۋە چـارىلار بايـان قىلىنـدى، دۇئـالار ئوقۇلـۇپ بولغانـدى، ھېكايىنىـڭ ئاخىرىنـى مۇشـۇ يـەردە ئاخىرلاشتۇرۇشـقا مەجبـۇر ئـدى. بـوۋاي، بويىنىدىن بىـر قـارا يىپقـا ئۆتكۈزۈلگـەن ئوشـۇقنى چىقىرىـپ ئېلىـپ ـ بىـزدە «ئوغۇللارغـا بـۆرە ئوشـۇقى تۇمـار» دېگەن سـەقىمە سـۆزى بـار، بـۇ بـۆرە ئوشـۇقى، سـاڭا يولـدا ھەمـرا بولسـۇن، ـ دەپ بالىنىـڭ بويىنغـا ئېسـىپ قويـدى. بـالا ھەيرانلىـق بىلـەن بـۆرە ئوشـۇقنى ئۇيـان ـ بۇيـان ئـۆرۈپ، تاكىسـنى كىچىـك بارمىقـى بىلـەن سـىلاپ ـ سـىلاپ قويغاندىـن كېيىـن يەنـە بىـر ئـۆرۈپ، ئالچۇسـىغا قـاراپ قويـدى ـ دە، ئاندىـن ئوشـۇقنى قوينىغـان تىقىـپ تـۇرۇپ ـ رەخمـەت بـوۋا، سـەنمۇ ئامـان بـول !، ـ دەپ تاتلىـق كۈلـدى. بـۇ چاغـدا بوۋاينىـڭ نۇرسـىز كۆزلىرىـدە يـاش ئەگـدى، ئـۇ نەۋرىسـىگە قـاراپ تـۇرۇپ ـ قىزىـم ئالدىڭلاردىكـى جىلغـا يولـى بىلـەن ئـازراق مانغاندىـن كېيىـن، سـول تەرەپكـە قايرىلغـان يەنـە بىـر تـار جىلغـا يولـى كۆرۈنىـدۇ، ئاشـۇ يولنـى بـويلاپ ئـۇدۇل ماڭسـانلار كۆزلىگـەن نىشـانىڭلارغا يېتىسـىلەر،

ئـەڭ ياخشىسى تېـز يولغـا چىقىـڭلار، قاراڭغۇ چۈشـكىچە چېگراغا تۇتىشـىدىغان جايغـا بېرىۋېلىـپ، ئەپلىـك بىـر ئۆڭكۈرنـى تېپىپ پاناھلىنىــڭلار، تــاڭ ئېتىـــش بىلـــەن تـــەڭلا ئۇياققــا ئۆتــۈپ كېتىدىغـان ئامالنـى قىلىـڭلار، ئۇلـۇغ ئىگـەم سىـلەرگە بـاش - پانــاھ بولسـۇن، - دەپ  كۆزلىرىــدە ئابايىتــن بىــرى ســاقلاپ كەلگــەن مېھرىلىـــك يىشـــنى قۇيۇۋەتتـــى. بوۋاينىـــڭ كـــۆز چاناقلىرىدىـــن ئاققــان يــاشلار، قــاردەك ئاقارغــان ســاقال - بۇرۇتلىرىنـى ھـۆل قىلىۋېتىـپ باراتتـى. يـاش خانـىم يانچۇقىدىن پــەرەڭ ياغلىقىنــى چىقىرىــپ، بوۋىسىنىڭ جۇدالىـق ياشـلىرىنى سـۈرتى ۋە بوۋاينىـــڭ پۈتـــۈن سىغىنىشـــلىرىنى، بارلىـــق ھەسـرەتلىرىنى، ئەلەملىرىنـى، پەريادىنـى ئاشـۇ پـەرەڭ ياغلىققـا ئــوراپ ئېلىـــپ، ئۆزىگـــە مەڭگۈلـــۈك خاتىـــرە قىلىۋېلىشـــنى ئويلىغانـدەك، يـاش يۇقـا ياغلىقنـى پـوملاپ يانچۇقىغا سـالدى ۋە بوۋاينىـــڭ بويىنىغـــا ئېســـىلىپ خوشلاشـــتى. بـــوۋاي ئۇشـــۇق - تۆشـۈك گـەپ قىلىـپ ۋاقىتنـى ئىسـراپ قىلىۋەتمەلسىك ئۈچـۈن دەرھـال ئېتىنـى بـۇراپ، هارۋىسـىغا چىقتى ۋە ئارقىسـىغا قاراشـقا جۈرئـەت قىلالمـاي ئېتىغـا قامچـا سېلىپ، يـۈرۈپ كەتتـى. ئـات ھەسـرەتلىك كىشـنەپ، يۇلقۇنـۇپ كەلگـەن يولـدا كېتىۋاتاتتـى. ئانـا ۋە بـالا بولسـا ئۆزلىرىدىـن بارغانسېرى يىـراقلاپ كېتىۋاتقـان بوۋايغـا قـاراپ تۇراتتـى.  يـاش خانىمنىـڭ سـوغۇقتىن قىزىـل گۈلنىـڭ بەرگىسـىدەك قىزىرىـپ كەتكـەن لەۋلىـرى تىترەۋاتاتتى، بـۇ ھـال ئىچىـدە بوۋىسـىغا دۇئـا قىلغانلىقىنـى روشـەن رەۋىشـتە ئىپادىلـەپ بېرىۋاتاتتـى. بىـر لەھـزە ئۆتـە - ئۆتمـەيلا بـوۋاي ھارۋىسـى بىلـەن تـەڭ كۆزدىـن غايىـپ بولـدى. شـۇ تەرەپكـە كۆزلىرىنـى تىكىـپ، يەرگـە قىقىـپ قويغـان  قوغزۇقتـەك تۇرغـان

ئانا ۋە بالا يەنە بىر پەس جايىدىن بىدىرلىماي جىم تۇرغاندىن كېيىن، ئارىقىسىغا بۇرۇلۇپ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان قارلىق جىلغىغا قاراپ قانداق قىلىشىنى بىلمەي قاراپ تۇرۇپ قىلىشتى.

## 32

ئەتراپ تېپ - تېنچ، ئېگىز دۆڭ ۋە ئادەم بىلەن بويلىشىدىغان قاردۆۋىلىرى پۈتۈن جاھاننى قاپلاپ تۇراتتى. ئاسمان بولسا بارا - بارا خۇنۇكلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، ھاۋانىڭ پەيلى يەنە بىر قېتىملىق سوغاقنىڭ يۈكىنى ئېلىپ كېلىدىغان قارنىڭ ھىدىدىن بىشارەت بېرىۋاتاتتى. مانا بۇ ئادەمسىز قارلىق جىلغىغا ئانا ۋە بالىنىڭ تەغدىر قىسمىتى پۈتۈلگەنىدى. ئەسلىدە بۇ يوللارغا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ باھادىر سەركەردىسى ئابدۇرسۇلبەگدەك باھادىر ئوغلانلارنىڭ تارىخىي ئىزلىرى پۈتۈلگەنىدى. ئەينى چاغدا ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى مۇشۇ جىلغا ئارقىلىق ۋەتىنىمىز زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چار رۇسسىيە ئەسكەرلىرى بىلەن جان تېكىپ جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قايسى يول بىلەن كەلگەن بولسا شۇ يول ئارقىلىق قىچىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئاتلىق ئەزىمەتلىرى يولنىڭ، ھاۋا كېلىماتىنىڭ دىشۋارچىلىقىغا پايلىماي، مۇشۇ جىلغىلاردا ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ يېتىپ، ۋەتەن تۇپراقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلغانىدى. ھازىر بولسا ئۆزگە ئەركىنلىك ئىزدەپ، جانلىرىنى

ئالقىنىغا ئېلىپ ماڭغان ياش خانىم ئوغلىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ماموۇق ئۆتكىنىڭ ئاستىدا مېجىلىۋاتقان قارلاردىن ئېگىزىغاندەك چىقىۋاتقان تاۋۇشلارنى جاھانغا ياڭرىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئانا بىلەن بالا تاغلارغا قارايتتى، تاغلار ئۇلارغا باقاتتى، ھەممە يەردە مۇتلەق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىۋاتقانىدى. ئانىنىڭ خىيال دۇنياسى رېئال دۇنيادەك جىمجىت ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ خىيالىدىن مۇنداق ئويلار كېچىۋاتاتتى :«بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ ھاياتقا بولغان ئىشتىياقىمنى مۇشۇ ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن تاغلار ئاشۇرغانىدى. مۇشۇ تاغلار ئىچىمگە ئۈمىدىنىڭ ئۇرۇقدىنى چاچقانىدى. ئۆزۈم غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ ياتقان تەڭرى تېگى بىلەن ئۇنىڭدىن شاق ئايرىپ چىققان شەرقىي شىمالدىكى ئىرەن قابۇرغا تاغلىرى، كۆگۈرچىن تاغلىرى، بۇلغىنىر تاغلىرى ۋە ئابرال تاغلىرى ئوراپ تۇرغان غۇلجىدىن ئىبارەت بۇ تاغلىق زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىم ئۈچۈن تاغلارغا بولغان ھەۋىسىم ئالدىمدىكى دىلمۇك تاغلىرىدەك يۈكسەك ئىدى. ھازىرمۇ ئۇشبۇ تاغلار ماڭا مەدەت بەرمەكتە، مەزكۇر تاغلارنىڭ چوقۇم ماڭا ئۆز قوينىدىن ئەركىنلىككە قاچىدىغان يولنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچەم كامىل. مەن چوقۇم ھازىر پېشىمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان ئوغلۇمنىڭ ئامانلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن، يارامىلىق بىر ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، يولدىشىمنىڭ لاگېردا تۇرۇپ مەندىن كۈتكەن ئۈمىد - ئارزۇلىرى ئۈچۈن، بوۋامنىڭ تۆككەن كۆز ياشلىرى ئۈچۈن ساق - سالامەت مۇشۇ تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشۈم لازىم. شۇ ۋەجىدىن مۇشۇ تاغلاردەك تىك

تۇرۇشۇم كېرەك !» ياش خانىم ئوغلىغا قارىدى، بالىنىڭ
ھازىرقى ئىرادىسى ئانىسىنىڭكىدىن قاتتىق ئىدى. ئۇمۇ
ئانىسىغا ئوخشاش غەيرەت بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇ بىر دەملىك قىيىنچىلىق ئالدىدا شۇ ھامان يەڭگىل بولۇتقا
ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىرادىسىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پۇشتىدىن
تۆرەلگەن بالا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆشىنىسىدىكى سومكىسى
بېسىپ تۇرغان گەۋدىسىنى رۇسلاپ تۇرۇپ، تاتلىق تىلى
بىلەن «ئاپا مۇشۇ تاغدىن ئۆتەمدۇق ؟» دەپ سورىدى، ياش
خانىم دەرھال «ھە بالام، شۇنداق، ئەسىرمە ئۈستىدىن
ئۆتمەيمىز، ئارىسىدىكى جىلغا يولىدىن ئۆتۈمىز» دەپ قىسقىلا
جاۋاب بەردى. بالا ئالدىغا بىرقانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن،
ئەتراپىتىكى چەكسىز كەتكەن قاتمۇقات قارلىق چوققىلارغا بىر
قۇر كۆز ئاتتى ۋە «مۇشۇ تاغلار بولمىغان بولسا، يولىمىز
شۇنچىلىك ئاسان بولار ئىكەنتۇق» دېدى. ئانىسى دەرھال
جاۋاب بېرىپ «توغرا ئېيتتىڭ ساقام، شۇنداقتىمۇ ئەنسىرمە،
ئارىسىدىن ئوڭايلا ئۆتۈدىغان سەن ئويلىغاندەك بىر تۈز يول
چوقۇم چىقىدۇ» دەپ بالىسىنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىنى سىلاپ
قويدى. لېكىن بالا ئانىسىنىڭ بۇ سۆزىگە ئانچە ئىشىنىپ
كەتمىدى، شۇنداقتىمۇ ئانىسىغا ئىلھام بەرمەكچى بولغاندەك
قىلىپ، يۈزىگە قاراپ تاتلىق كۈلۈپ ئانىسىنىڭ پىكرىنى
تەستىقلىدى. ئۇشبۇ تاغ ئانا ۋە بالىنىڭ تەغدىرى ئۈچۈن
تەس سىناقلارنى ھازىرلاپ تۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار
غەيرەتلىك بولۇشى لازىم. ئۇلار مۇشۇ غەيرىتى بويىچە
ماڭىدىغانلا بولسا، كېچىدە پاناھلىنىدىغان ئەپلىك جاينى
تېپىپ، ئازراق كۆزىنى ئۇيقۇغا ئېلىندۇرۇپلا تاڭ ئېتىش

بىلەن تەڭ ئۇياققا ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە تاغقا بۇ يىل بۇرۇنقىدەك ئۇنچىلىك كۆپ قار ياغمىغان ئىدى، ئالدىدىكى جىلغا يولىنى ۋە تاغنىڭ پوكاللىرىنى قېلىن قار قاپلاپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، شامال يالاپ ئالا ـ تاغىل قىلىپ قويغان ئىدى. ئانا ۋە بالا دەسسەپ مېڭىۋاتقان قارمۇ، ئۇلارنىڭ ئوشۇقىغىمۇ كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يول ئېلىشى خېلىلا ئاسانغا توختاتۋاتاتتى. نۆۋەتتە ئادەمنى خاتىرجەم قىلىۋاتقان نەرسە ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىرادىلىك بولۇپ، ھېچنېمىدىن قورقماي ئۇزلۇكسىز ئالدىغا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقى ئىدى. بۇنداق بىر تەۋەككۇلچىلىك ھەرقانداق كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى. ئەلۋەتتە ياش خانىمنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن تەۋەككۇلچىلىك قىلىشىنىڭ ئۆزى يوللۇق بىر ھەرىكەتتۇر. ئۇلار ھازىر ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەۋاتاتتى، ئەس ـ خىيالى بولسا، تېزراق يول ئېلىپ، كۆز ئولتۇرۇشىنىڭ ئالدىدا بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن نىشانغا يېتىپ بېرىپ، ئەپلىك بىر جايدا تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈشتىلا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى پائالىيىتى دەل «ئاقىۋەتنى ئويلىغان قەھرىمان بولالمايدۇ» دېگەن سۆزگە ئۇيغۇن كېلەتتى. دەرۋەقە، ئۇلار يولدا نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى يول ئۈستىدە كۆرۈشكە تەييار. ئۇلارنى بۇنداق بىر غەيرەتكە كەلتۈرىۋاتقان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ پەقەت تاغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئەركىنلىك ئىدى. ئۇلار ئالاھەزەل بىر سائەتتىن ئوشۇق  يول ماڭغاندىن كېيىن، چارچارقا باشلىغانىدى. بالىنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ، جىلغىدىكى قاردىن بېشىنى چىقىرىپ ماراپ ياتقان تاشلارغا

ئاسانلا پۈتلىشىۋاتاتتى. ئانا ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ سەل ئەنسىرەشكە باشلىدى، يەنە شۇنداقتىمۇ ئوغلىغا بەدەت بېرىپ، يولىنى داۋام قىلىۋاتاتتى، مۈدۈر- چوقۇر يولدا يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بوۋاي ئېيتقان سول تەرەپكە قايرىلغان تار جىلغا يولى كۆرۈندى. ئۇلار دەرھال سولغا قايرىلىپ يولىنى داۋام قىلدى، لېكىن قەدەملىرى ئاستا ئىدى، ئەتراپتا يەنىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىۋاتاتتى. قۇياش بولسا بارغانسېرى غەربكە سىلجىپ، تاغنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىۋاتقانىدى. ئاسماندىكى ئاقۇش بۇلۇتلارنىڭ ئورنىنى قارا بۇلۇتلار ئالغانىدى. دەرۋەقە، قۇياشنىڭ نۇرىدا نېمە دېگەن ئاجايىپ قۇدرەت بار ھە !؟ مانا ئەمدى قۇياش نۇرىدىكى ئەنە شۇ قۇدرەت ئاستا - ئاستا يوقىلىۋاتاتتى، سوغۇقمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. قەھرىتان سوغۇق بالىنىڭ بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى قىزارتىۋەتكەنىدى، ياق بۇرنىنىڭ ئۇچۇنىلا ئەمەس، بەلكىدە كىچىك ۋۇجۇدىنىڭ ئوچۇق قالغان ھەممە يېرىنى جۈملىدىن قوشۇقتەك يۈزىنى ۋە دوپپىسىدىن سىرتقا چىقىپ قالغان نېپىز جىلتىدەك قۇلاقلىرىنىڭ قىرلىرىنىمۇ چېچەك بەرگىسىدەك قىزارتىۋەتكەن ئىدى. ياش خانىم ئوغلىنىڭ مۇزلاپ ۋە ھېرىپ كەتكەنلىكى نەزەرگە ئېلىپ، جىلغىغا سېرىلىپ چۈشكەن تاغنىڭ باغرىدىكى بىر قورام تاشنى دالدا قىلىپ، بىر ئاز دەم ئالماقچى بولدى ۋە سومكىسىدىكى تېرموسنى ئېلىپ، ئوغلىغا قايناق سۇ قۇيۇپ بەردى. بۇ چاغدا ھاۋادا قاياقتىن ئۇچۇپ كەلگىنى نامەلۇم بولغان بىر بۇركۇت پەيدا بولدى، ئۇ قانات سۈزۈپ ئۇچۇپ ياش خانىملار تۇرغان جايىنى پەملەپ

بارغانسېرى پەسلەپ كېلىۋاتاتتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ياش خانىم بىردىنلا ئەندىشىگە چۈشتى ۋە يېنىدا ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ھالدا خاتىرجەم قايناق سۇ ئىچىۋاتقان ئوغلىنى قورقۇتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، تەمكىنلىك بىلەن ئۇنى ئاستا تارتىپ تاشنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتكۈزدى ۋە بۇ جەرياندا كۆزىنى كۆكتىن ئۈزمىدى. ياش خانىمنىڭ ئۇشبۇ ھەرىكەتلىرى گويا ئارقان ئۈستىدە مېڭىۋاتقان داۋازنىڭكىدەك شۇنچىلىك ئېھتىياتلىق ئىدى. بىراق ئەقلى ئىشتىك، كۆزى ئۆتكۈر بولۇپ كەتكەنىدى. سەرگۈر بالا بولسا ئانىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن يامان بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى تۇيغاندەك بولۇپ، دەرھال ئانىسىغا ئۆزلىگىدىن ماسلىشىپ، قولىدىكى قايناق سۇنى ئىشتىك ئۇتلاۋەتكەندىن كېيىن، قويۇق ياپراق ئارىسىغا مۆكۈۋالغان گۈلدەك تاشنىڭ يېنىغا مۆكۈندى. بۈركۈت بولسا مىجەزى قوداڭشىپ كەتكەنىدەك ئەسەبىلەرچە ئاۋاز چىقىرىپ ئانا ۋە بالانىڭ تۆپىسىدە چەمبەر شەكلىدە جىددىي ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ياش خانىم بولسا بۈركۈتنىڭ ئەسەبىي چىرىلدىشىدىن ئالدىدا بىر تالاپەتنىڭ بارلىقىنى پەملىدى. بۈركۈت توختىماي چىرىلداپ، قاناتلىرىنى سوزۇپ يەنە بىر قېتىم ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن كۆككە ئۆرلەپ، سۈرەن تارتىپ، يۇندا رەڭگىدىكى ئاسمان قەھرىدە بىر قارا چېكىتكە ئايلىنىپ ئاخىرى كۆزدىن غايىپ بولدى. جىمجىت تەبىئەت قوينىدا بۈركۈتنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاڭلىنىپ ئەتراپقا بىردەم بولسىمۇ دەھشەت سالغانىدى. گەرچە بۈركۈت بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىپ بولغان بولسىمۇ، بىراق جىمجىت تەبىئەت قوينىدا

تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ دەھشەتلىك ئاڭلىنىدىغان چىرىلداشلىرى ئارقىلىق ئۆلۈمنىڭ، ھىجراننىڭ، نادامەتنىڭ ھىدىنى ئانا ۋە بالىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ كەتكەندى. ياش خانىم جىددىيلىشىپ، يۈرەكلىرىنىڭ سوقۇشى بىردىنلا تېزلىشىپ كەتكەندى. ئۇ دەرھال بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى ۋە ئاغزى ئوچۇق قالغان قەپەسدىن ئۇچۇپ چىققان قۇشلاردەك ئوغلىنى يېتەكلىگەن پېتى ئۇچقاندەك مېڭىپ يولنى داۋام قىلدى. بۈركۈتنىڭ چىرىلداشلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئانىسىنىڭ روھى ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقىغان بالا بۇرۇنقىدىن بەتەر شوخ بولۇپ كەتكەندى. ئۇ لام - جىم دېمەي ئانىسى باشلاپ ماڭغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل جىلغا يولىدا ئېگىز- پەس دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ياش خانىم قورققان ئىدى، بىراق ئوغلىغا جاسارەت بېرىش يۈزىسىدىن ئۆزىنى جەسسۇر كۆرسىتىشكە تىرىشتى ۋە جەسسۇر بولدى. پېشىغا چىڭ ئېسىلغان پېتى قورقۇنچ بىلەن جاسارەت ئاراسىدا تەمتىرەپ كېتىۋاتقان ئوغلىغا قاراپ، ئۆزىدە پەيدا بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۈلۈپ - كۈلۈپ قويۇۋاتاتتى. مانا شۇ تاپتا ئانا ۋە بالا قازان بىلەن تۇۋاقتەك بىر- بىرىگە شۇنچىلىك ماسلاشقانىدى. دەرۋەقە، ئانىنىڭ ئوغلىدىن باشقا ئەنسىرگۈدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. ئېرى زاتەن جازالاگېرىدا، ئۇ يەردىن قاچان چىقىدۇ، قانداق چىقىدۇ، ئۆلۈكى چىقامدا، تىرىكمۇ ؟ بۇلار ئانىغا مۇتلەق نامەلۇم ۋە ئۇلارنى پەرەز قىلىپ يېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ توغرىسىدا ئېرىمۇ مەكتۇبىدا ئۈمىدسىز مەنالارنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنى يازغانىدى. دېمەك ئۇزۇن گەپنىڭ

قىسقىسى ياش خانىمنىڭ ئوغلى يېنىدا بولىدىكەن، ھېچنېمىدىن ئەنسىرمەيتتى. قولىدىن بىرىپ قويغۇدەك ئوغلىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. ئۆز ئىلكىدە ھېچنېمىسى يوق ئادەم ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادەم جەسسۇر، تەلۋە بولىدۇ. ياش خانىم ئەنە شۇنداق ئادەملەر تائىپەسىدىن بولۇپ قىلىۋاتاتتى. شۇ ۋەجىدىن ياش خانىم بۇ خەتەرلىك يولغا تەۋەككۇل قىلغان. ھازىرمۇ جىلغىنى بويلاپ ئۇياققا ئۆتۈش توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالمىدى، ئەركىنلىكنىڭ شەپىسى كېلىپ تۇرىدىغان تەرەپكە يېقىنلاشقانسېرى ئىرادىسى پولاتتەك تاۋلىنىۋاتاتتى. يول ئۇستىدىكى دىشۋارچىلىقلار ئانا ۋە بالىنىڭ ئالدىدا مۇشۇ تاغنىڭ بىر تال كېچىك تېشىنى يۆتكىگەنچىلىككىلا بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلىۋاتقانىدەكلا ئىدى. بىراق مەزكۇر يول ئانا ۋە بالا ئۈچۈن بەك ئېغىر ئىمتىھانلارنى تەييارلاپ قويغانىدەك قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئانا ۋە بالا مۆلچەرلىگىنىدىنمۇ بەتەررەك كۈچلۈك بولىشقا توغرا كېلەتتى. يېرىم يولدا بەل قويۇۋېتىشكە زىنھار بولمايتتى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالالارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ ئادەمنىڭ رايى بارمايتتى. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرلەۋاتاتتى، ئەتراپتىكى شەپىلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ مېڭىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى قەتئىي بولۇپ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئەتە سەھەردە چوقۇم ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. ئانا ۋە بالىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىرىدىغان بىردىنبىر تەسەللىسى ھېسابلىناتتى، ئەنە شۇ ئىشەنچ ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ يول

باشلاپ كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ قىسقىرىشىغا ئەگىشىپ ۋاقتىمۇ
قىسقىراپ، كۈن ئولتۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى، تاغنىڭ
ئېتەكلىرى گۇڭگۇگاللىقنىڭ قوينىغا شۇڭغۇشقا باشلىغانىدى. ئانا
ۋە بالىنىڭ ئاياقلىرىدىن چىققان ئاۋازلار ئەنە شۇ گۇڭگۇگاللىققا
ئارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسماندا تۇيۇقسىز پەلەك بويلاپ
ئۆرۈپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ تۈگمەن تېشىدەك
ئايلىنىۋاتاتتى. بىردىنلا سوغۇق شامال كۈچىيىپ، ھاۋا تېخىمۇ
مۇزلاشقا باشلىدى. ھاۋادىكى بۇ خىل تېز ئۆزگىرىش ئانا ۋە
بالىنى تەمتىرىتىپ قويۇۋاتتى. ئەمدى ئۇلارمۇ مۇزلاشقا
باشلىغانىدى ۋە ئاسماندىن دانلىق - دانلىق قار ياغقىنىتۇردى.
بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشى ئاپئاق قار بىلەن
چۈنكىلىپ كەتتى. ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتكەچكە ئاسمان ۋە زېمىن
بىر- بىرىگە ئاستا - ئاستا تۇتۇشۇپ، بىر پۈتۈن بولۇپ
بىر-بىرىدىن ئىلغا قىلىش مۇمكىن بولماي قالغانىدى. پەقەت
يېغىۋاتقان قارنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ تۇرۇپلا يەر بىلەن
زېمىننى ئايرىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلغانىدى. كېتىۋاتقان يول
تاغ ئارىسىدىكى جىلغىدا بولغاچقا يولدىن ئادىشىپ كېتىش
ئېھتىمالى يوق ئىدى، پەقەت ئۇدۇلغا قاراپ ئىلگىرىلىسىلا
بولىۋېرەتتى.  بىراق ئۇلار ئالدىدىكى يول ئۈزۈراپ كېتىپ
قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىچە پاناھلىنىدىغان جاينى تاپالماي
قىلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. بۇ ئەنسىرەش تۇيغۇسى يولنىڭ
ئۈزۈرىشىغا ئەگىشىپ بولۇپمۇ بالىدا قورقۇنۇچنى پەيدا قىلىشقا
باشلىغانىدى. يەنە شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى چوڭ ئادەملەردەك
چاغلىغان بالا، ئانىسىغا ئۆزىنىڭ قاپ يۈرەك ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك قىلىپ، ئالدىدا مەردانە قىياپەتتە

كېتىۋاتاتتى. شامال ئۇچۇرغان قار ئۇچقۇنلىرى كېلىپ بالىنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇۋاتاتتى. ياش خانىم بولسا، بالىسىنىڭ بىرە نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا هاي بەرگەندەك قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ياش خانىم يەنىلا ناۋادا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىچە پاناھلىنىدىغان ئەپلىك بىر جاينى تاپالماي قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پېشكەچىلىككە ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئەندىشىسىنى ئەقلىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى. دەرۋەقە، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە مۈدۈر- چوقۇر يوللاردا ھېچنىمىنى پەرق ئېتەلمەي يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلىنىشى ۋە ياكى جىلغا يولىدىن قېيىپ كېتىپ ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى ھەرھالدا ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. ياش خانىم ئەنە شۇ ئېھتىماللىقلارنى ئويلاپ ئۆلگۈدەك قورقۇۋاتاتتى. راستىنلا قارانغۇدا قالسا پىلجىكتورنى يىقىشقا ئەلۋەتتە بولاتتى، بىراق بىرەر قارارۋۇل پىلجىكتورنىڭ يورۇقىنى بايقاپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە تارتقان جاپالىرىنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىشىدىن باشقا، ياش خانىم بۇ يەرلەردە كىچىك بالا بىلەن نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرەلمەي، بالانىڭ چوڭغا قالىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىدى. ياش خانىم ئەنە شۇنداق بالا- قازانلارنىڭ بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى ئويلاپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنى ئەسىر ئالغان قورقۇنچلۇق خىياللاردا ئازات بولۇش ئۈچۈن «قاراڭغۇ چۈشسە چۈشمەندۇ، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامالىنى قىلىپ، تەمتىرەپ بولسىمۇ پاناھلىنىدىغان بىر يەرنى تېپىشقا تىرىشىمەن» دەپ ئويلىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھاۋا رەڭ بىر سەس پەردىسى ئېسىقلىق تۇرغاندەك بىلىندى، ئارقىدىنلا بىرلىرىنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، ئەمما بۇ ئاياق تىۋىشىنىڭ ئىگىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بەلكى مەزكۇر ئاياق تىۋىشى بۇركۇت ئايلىنىپ ئۇچقان يەردە بىرەر شەپىنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىپ بۇ ياققا كېلىۋاتقان چېگرا قاراۋۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئاياقلىرىنىڭ ئاستىدىن چىققان تاۋۇش بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىنىدى. ياش خانىم ئەمەدى داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ۋە ئوغلىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان پېتى جايىدا مىدىرلىماي، ھەيكەلدەپ قېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىپشى ئاپئاق قارغا چۈمكەلگەنىدى. بالىنىڭ يۈزلىرى مۇزلاپ ئاچچىق مېغىز يەۋالغان بالىنىڭ چىرايىدەك پۈرلۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ تېخى تۈنۈگۈن ياكى بىر كېچە ئىلگىرى بەختىيار بالا ئىدى، ئەمدى بولسا، قارلىق تاغدا تەمتىرەپ قالغان ئانىسىنىڭ يېنىدا، غەمنىڭ دەستىدىن چۈشۈپ كەتكەن قاپاقلىرى بېسىپ تۇرغان ھارغىن كۆزلىرىنى ئەندىشە ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مىدىرلىتىپ، ئانىسىنىڭ چارە - تەدبىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇ دەمدە ئانا ۋە بالىنىڭ غەم - ئەندىشىسىگە دۇنيادىكى ھەرقانداق غەم - ئەندىشە تەڭ كەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان قىيا تاشلار مۇشۇ ئانا - بالىنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى چەكسە ئىدى، بەلكى غەم - ئەندىشە دەستىدىن يېرىلىپ كەتكەن بولار ئىدى. ئەمما ئادەم دېگەن قان - گۆشتىن پۈتۈلگەن مەۋجۇدات بولغىنىغا باقماي ئالامەت چىدامىلىق بولىدىكەن. مانا ئەمدى ئۇزلۇكسىز ئاڭلىنىۋاتقان تىۋىش بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇشبۇ

يېقىمسىز تاۋۇش بولسا، ياش خانىمغا قۇلىقىغا تېگىۋاتقان مۇشتەك شۇنچىلىك ئازاپلىق ۋە قورقۇنچلۇق بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەسلىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن ھەر كۈنىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلىرى ئەڭ ياخشى ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا، ھەممە ئادەم بىر كۈنلۈك ئىش - پائالىيەتلىرىنى تۈگۈتۈپ، ئۆيلىرىگە قايتىدۇ ۋە كەچلىك غىزاسىنى يېيىش ئۈچۈن شىرەنىڭ چۆرىسىدە ئائىلە بويىچە ئولتۇرۇپ، بىرلىكتە كەچلىك غىزالىنىدۇ. مۇشۇ بەختلىك چاغنى ئويلىغان ھەركىمنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ ھاياجانلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنىنىڭ بۇ چاغلىرى ھەممە ئادەم ئۈچۈن گۈزەل. مانا دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئانا ۋە بالا تاغ ئارىسىدا ھەم تەبىئەت ھەم ئىنسانلارنىڭ تاۋۇشلىرىدىن قورقۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، چارىسىز يۈرەتتى. ياش خانىم دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاۋېلىشى ۋە چوقۇم چارە - تەدبىر تېپىشى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە چارە - تەدبىر بېسىم ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەنە شۇ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان ئاياق تاۋۇشى ياش خانىم ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بېسىم ھېسابلىناتتى، دەل مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇ، تەۋەككۈل قىلىشنى ئويلىدى. ئادەم دېگەن بەزىدە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى بىلىشى لازىم، ھەربىر تەۋەككۈلچىلىكنىڭ قوينىدا ئاجايىپ سىرلارغا باي مۆجىزىلەر ياتقان بولىدۇ، ئەنە شۇ سىرلىق مۆجىزىلەر سىزنى ئەركىنلىككە يەتكۈزىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياش خانىمنىڭ نىگاھىغا ئوڭ تەرەپتىكى غەرب تامام سۆزۈلغان تاغ ئۆركىشى گۈگگا چېلىقتى، بۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان پېتى، ئەنە شۇ خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ ئۆركىشىگە

قاراپ ماڭدى ؛ يول ھەم تار، ھەم غەربكە قاراپ ئۇزۇن سوزۇلغانىدى، ئۈستىدىكى ئاسمانىنىڭ تېگى كۆرۈنمەيتتى، يېغىۋاتقان قارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى. ئۇلار يىرتقۇچ ھايۋان ۋە يىرتقۇچ قۇشلاردىن قېچىۋاتقان توشقانلاردەك شۇنچىلىك ئىشتىك كېتىۋاتاتتى، ئۆركەشنىڭ يانلىرىدىكى قىيا تاشلار ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققان گىياكلارنىڭ قۇرۇق شاخلىرى چاپانلىرىنىڭ يەڭلىرىگە تىگىپ ئاجايىپ ـ غارايىپ تاۋۇشلارنى چىقىرۋاتاتتى. ئانا ۋە بالا قورقىنىدىن تىترەۋاتاتتى، ئۇچقۇر قارلار ئارقىسىدىن قوغلاۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شامال قار ئۈستىدىكى ئىزلىرىنى يالاپ ئۆچۈرۈۋېتىپ باراتتى. ئۇلار ئەمدى ئىسسىپ تەرلەشكە باشلىغان ۋە قول ـ پۇتلىرى تالغانىدى. بالىنىڭ ئۆشنە سومكىسى مۆرىسىنى بېسىپ مۇكچەيتىۋەتكەنىدى. ياش خانىمنىڭ قولىدىكى سومكىسىمۇ بارغانسېرى ئېغىر تۇيۇلۇپ، قوللىرى تىلىپ كەتكەنىدى. يەنە شۇنداقتىمۇ ئۇلار غەيرەتكە كېلىپ، گويا جەڭگە ئۆلۈمنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان جەڭچىلەردەك مەردانە قەدەم تاشلاپ يول ئېلىپ كېتىۋاتقانىدى. ئۇلار بۇ يولدا نائېنىقلىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى ئالىي غايە قىلغانىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ تەغدىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى خۇداۋەندە كېرىمنىڭ ئەمرى بىلەن ئاللا بۇرۇن پۈتۈپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بۇ سەپەرنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشى ئۈچۈن سەۋەب قىلىپ، ئېھتىيات بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ياش خانىم بولسا خۇداۋەندىسىنىڭ ئوغلى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر مۆجىزە كۆرستىشىنى تىلەيتتى. ياش خانىم مۇشۇ دەملەردە پەقەت مۇشۇ بۆگۈن ئۈچۈنلا تا ھازىرغىچە ياشاپ كەلگەندەك ۋە

مۇشۇ قار يېغىۋاتقان كەچقۇرۇن ئۇچۇنلا بۇ دۇنياغا تۆرەلگەندەك، بۇگۈن كېچە ئوغلىنىڭ بەختى بەلگىلىنىدىغاندەك شۇنچىلىك كۈچلۈك ئۈمىد ـ ئارزۇ بىلەن ۋە شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇ يولدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان بارلىق ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر ئېلىشقا هازىر هالدا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ مېڭىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇل ئەسكەرلەرنىڭ قاياقتىن كېلىپ ئوق چىقىرىشىنى ئوبدان پەملىشى ۋە بالىسىنىڭ هاياتىنى قانداق قوغدىشىنى بىلىشى لازىم ئىدى. ھەمدە دائىم دېگىنىمىزدەك قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا پاناھلىنىدىغان ئەپلىك بىر جاينى تېپىۋېلىشىغا توغرا كېلەتتى. شۇ ۋەجىدىن ياش خانىمنىڭ ۋۇجۇدى ۋە زېھنى دائىم ھەرىكەت هالىتىدە ئىدى. تار يولنىڭ ئەتراپىغا سەپ سېلىپ مېڭىۋاتاتتى.

## 33

ئۇلارنىڭ تەلىيىگە يېغىۋاتقان قار قانداق تۇيۇقسىز ياغقان بولسا شۇ تەرزدە شۇنداق تۇيۇقسىز توختىغانىدى؛ بىردىنلا هاۋا سۈزۈلۈپ، جاھان تىمتاسلىق قوينىدا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاياقلىرىدىن چىققان تاۋۇشتىن باشقا بىر ئاۋاز يوق ئىدى. تۇيۇقسىز ياش خانىم ئورنىدا مېدىرلىماي توختاپ قالدى، بالىمۇ دەرھال توختىدى، ئۇلار بىر چېتى تۆۋەنگە سېرىلىپ كەتكەن بىر يەرگە چىقىپ قالغانىدى، يولنىڭ سول تەرىپى تۆۋەنگە يانتۇ سېرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ تەرەپ

كۆز يەتكۈسىز ھاك ئىدى، تۆۋەنگە قارىغان ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاغاتتى. ئالدى تەرەپتە ئېگىز بىر قىيا تاش تۇراتتى، ئۈستىدە غۇۋا بىر نەرسە كۆزگە چېلىقىۋاتاتتى. ئۇلار تۇرغان جايدىن قوزغۇلۇپ، ئاستا - ئاستا تاشنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى، قىيا تاش بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە قىسقاردى ۋە ئۈشبۇ غۇۋا نەرسىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، بىر بۆرىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بۆرە بولسا، گويا يىللاردىن بۇيان ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغاندەك، ئىنتايىن سەۋرچانىدى؛ تۇرۇشلىرىدىن ئۆزگە بولغان ئىشەنچە بالقىپ تۇراتتى. بۆرىنىڭ يالىسى سوغۇق تاغ شاملىدا ھەيۋەتلىك يەلپۈنۈپ ھەيۋىسىگە ھەيۋە قاتقانىدى، بويۇنلىرى تۇم بولۇپ، تۈكلىرى يالتىراق، گەۋدىسى ئۇلۇغ تەرەپكە سەل قىيساقلىق ئىدى. ئۇلار بىلەن بۆرىنىڭ ئارىلىقى ئاران ئون قەدەمچە كېلەتتە. ئەنە شۇ ئون قەدەم نېرىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان جانلىق بولسا يىرتقۇچ ھايۋانلار تائىپىسىگە تەۋە بۆرە ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ياش خانىم بىلەن بالا ئۆلگۈدەك قورقۇپ، بەدەنلىرى بولغان خېمىردەك بوشاپلا كەتكەنىدى. ھالبۇكى، بۆرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا خاس ۋەھشىلىك ئەمەس، بەلكى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان توشقاننىڭ كۆزىدە ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل ھەسرەتلىك ئالامەتلەر يېغىپ تۇراتتى. ياش خانىم ئوغلىنى ئېلىپ يا ئارقىغا بۇرۇلۇپ قېچىشنى، يا ئالدىغا قەدەم بېسىشنى بىلمەي، قورققىنىدىن جايىدا قىمىرلىماي تىترەشكە باشلىغانىدى. ئەمما بىر لەھزە ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۆزىنى ئوڭشاۋېلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئوغلىغا جاسارەت بېرىش

يۈزىسىدىن ئۆزىنى جەسۇر كۆرسىتىشكە تىرىشتى ۋە جەسۇر بولۇپ، ئۆزىنىڭ قەددىنى رۇسلىۋالدى. بالا بولسا ئانىسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى چىڭ تارتقان پېتى قورقۇمسىرىغان ھالدا ئانىسىنىڭ شامالدا ئېگىلىپ تۇرغان مەجنۇن تالدەك زىلۋا گەۋدىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالدى. ياش خانىم ئۆزىنى ۋە ئوغلىنى قوغداش زۆرۈرىيىتى ئالدىدا، تېز قارارغا كېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن قانداق قىلىشىنى بىلمەيتتى، بۆرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ كۈچى بۆرە بىلەن ئېلىشىشقا يەتمەيتتى. ياش خانىمنىڭ كالىسى چاقماق تېزلىكىدە پىكىر يۈرگۈزىۋاتاتتى. ئۇ دەرھال «ئەسلىدە بوۋام ئېيتقاندەك تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا ئەڭ كۈچلۈك بولغان ھايات قالىدۇ، ئەپسۇس بۇ بىر تەرەپلىمىلىك ھۆكۈم. بىز ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق ئەسلىدە ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئەمەس، بەلكى تەبىئەتكە ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە ماسلاشقان ھاياتتا قالىدىغانلىقى ئېنىق. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن مەن بۆرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، تەۋەككۈل قىلىش يولىنى تاللىشىم كېرەك، بولۇپمۇ ھازىر بىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولىمىز يوق، مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بىز» دېگەنلەرنى ئىچىدە ئويلاپ، ئۆزىنىڭ قارارىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلدى. ئەمدى بۆرە تاشنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، ئۇلار تەرەپكە بەش قەدەم ئارىلىق قالغىچە يېقىنلاپ كەلدى، ياش خانىم نازۇك گەۋدىسىنى ئوغلىغا قالقان قىلىپ تۇردى، بۆرە قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندەك، كۆمۈرنىڭ قارىسىنى سۈرتىۋالغاندەك قاپقارا تۇمشۇقىنى

يۇقۇر- تۆۋەن مىدىرلىتىپ، پۇرۇشتۇرۇپ قويىدى، ئاندىن ئورنىدا جىم تۇردى. بۆرىنىڭ ھەربىر ھەركىتىنى جىددىي كۈزىتىۋاتقان ياش خانىمنىڭ كۆل رەڭ كۆزلىرى بۆرىنىڭ ئارقا ئوڭ پۇتىنىڭ توكۇر ئىكەنلىكىنى بايقىدى ۋە كۆزلىرى يەنە بۆرىنىڭ بېلىگىيە توشقىنىنىڭ تۈكلىرىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىك تۈكلىرى ئۈستىدە يۈگۈردى، ئاندىن كېيىن بۆرىنىڭ كۆل رەڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.مەزكۇر كۆل رەڭ كۆزلەر بولسا بوۋاي يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بۆرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ياش خانىم بۆرىنىڭ ھارغىن كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە، بوۋىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدى. دەرۋەقە، بۆرىنىڭ سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنىڭ رەڭگىمۇ ياش خانىمنىڭ كۆزىنىڭ رەڭگىدەك كۆل رەڭ ئىدى. ياش خانىم ئەمدى بۆرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە بوۋىسىنىڭ كۆزلىرىنى ئەمەس بەلكى دەل ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئىچىدىكى قورقۇنچ ئاستا - ئاستا يوقاشقا يۈزلەندى ۋە بۆرىگە ئىششىنىش ئارزۇسى كۆڭلىدە يۈكسەلدى. بۇ چاغدا ئانىسىنىڭ ئارقىسىدا قورقۇمسىراپ تۇرغان بالا قانداقتۇر بىر غايىۋىي كۈچنىڭ ئىلھامى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىغا مەردانىلىق قىياپەت بىلەن ئۆتتى ۋە ئانىسىنى ۋەھشىي دۈشمەندىن قوغداشقا تەييار تۇرغان باھادىردەك باتۇرلارچە بۆرىگە تىكىلدى ۋە قولىنى قوينىغا سېلىپ، مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغان بۆرە ئوشۇقىنى تۇتتى، مۇزدەك قوللىرى بۆرە ئوشۇقىنىڭ ئىسسىق ھارارىتى بىلەن ئىللىدى، قولىلا ئەمەس بەلكى قەلبىمۇ ئىللىشقا باشلىدى، پۈتۈن بەدىنىنى ئەسىرگە

ئالغـان قورقۇنـچ تۇيغۇسـى ئاللاقاياقلارغـا ئۇچـۇپ كەتكەنـدەك بولـدى. بـۆرە ئوشـۇقنى تۇتـۇپ تۇرغـان ئومـاق قوللىرىدىـن ئۆتكـەن مېھرىلىـك بىـر خىـل ھېـس، سـەدەپتىن چىققـان قولۇلـدەك يۇمشـاق بارماقلىرىدىـن گويـا ئېلېكتىـر ئېقىمـدەك ئىنچىكـە بىلەكلىرىگـە ۋە بېلەكلىرىدىـن پۇتـۇن بەدىنىگـە تارقىلىـپ، بىردەمنىـڭ ئىچىـدىلا شـۇنچىلىك راھـات بىـر تۇيغـۇ پۇتـۇن ۋۇجـۇدىنى چۇلغىـدى. ئەمـدى بـالا بىـر قورققۇنچـاق بـالا ئەمـەس بەلكـى جەسـۇر بىـر باتۇرغـا ئايلانغانـدى. بالىنىـڭ روھـى ھالىتىـدە باشـقىچە بىـر ئۆزگىـرىش بولـدى، بـۇ ھـال يـاش خانىمغـا تېخىمـۇ خاتىرجەملىـك تۇيغۇسـى ئاتـا قىلـدى ۋە كۆزىگـە ئوغلىنىـڭ تەققىـي ـ تۇرقـي يېڭىـلا سـۇدىن چىققـان نىلۇپـەردەك تېخىمـۇ چىرايلىـق، تېخىمـۇ يېقىملىـق، تېخىمـۇ ئومـاق كۆرۈنـۈپ كەتتـى.

ئالتـۇن قوڭـۇر رەڭلىـك بـۆرە ئۇلارغـا بىـر نەرسـىنى ئىما قىلىۋاتقانـدەك، موينىمـۇ تەۋرىتىـپ قويمـاي بىـر لەھـزە قـاراپ تۇرغانـدىن كېيىـن، ئارقىغـا بۇرۇلـۇپ ئاسـتا ئاسـقاقلاپ ماڭـدى. يـاش خانىـم ئۇشـبۇ توكـۇر بۆرىدىـن ئۆزلىرىگـە بىـر خەتـەر كەلمەيدىغانلىقىنـى پەملـەپ، ئوغلىنـى يېتىلـەپ ئارقىسـىدىن ئېھتىيـات بىلـەن ئەگەشـتى. ئالتـۇن قوڭـۇر رەڭلىـك بۆرىنىـڭ ئـوڭ ئارقـا پۇتىنى ئاقساپ مېڭىۋاتقانلىقىغـا سـەپ سالغان يـاش خانىـم، بوۋىسـى قۇتۇلدۇرۇۋالغـان بۆرىنىـڭ دەل مۇشـۇ بـۆرە ئىكەنلىكىنـى مۇتلـەق رەۋىشـتە جەزملەشـتۈردى ۋە ئىچىدىكـى بىخەتەرلىـك تۇيغۇسـى ھەسسىلەپ ئاشتى. يـاش خانىـم ئىچىدە «ئاجايىـپ ئىـشلار يـۈز بېرىۋاتىـدۇ، بـۇ قانـداقلا بولمىسـۇن بىـر مۆجىـزە» دەپ ئويلىـدى ۋە ئەقلىگـە ئوغۇزخـان داسـتانىدا

قەيت قىلىنغان كۆك بۆرە كەلدى. ئەنە شۇ كۆك بۆرىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قېيىن ئەھۋالدا قالغان ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغانلىقىنى كۆز ئالدىدىن سۈرەتتەك ئۆتكۈزۈپ، روھى تېخىمۇ تىنجىدى. يول باشلاپ كېتىۋاتقان ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىك بۆرىنىڭ پۇتىنى ئاقساپ ماڭىدىغان ئەيىپى بولسا، ئۇنىڭ ھەم قويۇق، ھەم ئۇزۇن، ھەم يالتىراق يالىسى بىلەن تىك تۇرغان يوغان بېشى، توم بويۇنى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىن گەۋدىلىنىۋاتقان سالتەنەتكە تەسىر يەتكۈزەلمىگەنىدى. ياش خانىم كۆڭلىدە ئۇشبۇ بۆرىگە ئىشەنگەن ۋە كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن كۆك بۆرىنىڭكىدىن قىلىشمايدىغان مەغرۇر قىياپىتىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئېھتىيات قىلىپ، ئوغلىدىن بىر غېرىچمۇ ئايرىلماي، يانمۇ - يان مېڭىۋاتاتتى. ئەمما بالا بۇنىڭغا بوي بەرمەي، ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇماق قوللىرى بىلەن ھېچ قورقماستىن بۆرىنى ئىشارەت قىلىپ، بىر نېمىلەر دېيىشكە تەمشىلىپ، توكۇر بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كېتىۋاتاتتى. ھاياتتىكى بەزى تەسادىپىيلىقلارنىڭ ئۆزى بىر ئۈمىد. چەكسىز دېڭىزدا ئىككى كېمە، پايانسىز چۆلدە ئىككى تۆگە كارۋانى دوقۇرۇشۇپ قالغاندەك ئانا ۋە بالا قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدا مەزكۇر قۇتقازغۇچى توكۇر بۆرە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. يەنى بوۋاي يارىسىنى ئۆز قولى بىلەن تېڭىپ قويغان دەل ئاشۇ ئوڭ پۇتى ئاقساق بۆرىگە يولۇققىنى ئادەمنى ئەجەپلەندۈرىدىغان بىر تەسادىپىيلىقمىدۇر؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش ھەقىقەتەن قىيىنىدى. مەيلى نېمە بولسا

بولسۇن، ئەسلى مۇھىم بولغان نەرسە ياش خانىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە روھىنى چىرمىۋالغان قورقۇنچ تۇيغۇسىنىڭ بارا - بارا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ئىدى. ياش خانىم ئوغلىغا قاراپ بىر جەھەتتىن خاتىرجەم بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن بىر نەرسىلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، گۇمانخورلۇق بىلەن «قىش كۈنلىرى بۆرە ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تېپىش ئانچە ئاسان ئەمەس، بەلكى بۆرىنىڭ قوسىقى ئاچتۇ، شۇ ۋەجىدىن كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلماي، ئاچ قىلىپ ئۆلگەندىن كۆرە تەۋەككۈل قىلىپ ئۆلگەن ياخشى دېگەندەك قىلىپ خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلماي، ئۇۋىسىدىن سىرتقا چىققان بولسىچۇ ؟ ئەگەر راستىنلا قارنى ئاچ بولسا، بىزنى بىر بۇلۇڭغا ئالداپ ئاپىرىپ قاپسىۋالغاندىن كېيىن، يەۋېتەمۇ يا؟» دېگەن سوئال جۈملىلەرنى زېھنىدە تۈزدى. ئارقىدىنلا يەنە ئۆز پىكىرلىرىدىن ۋاز كېچىپ «بۆرە دېگەن ساداقەتمەن هايۋان، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ، يامان ئويلارنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەي. ئەركىنلىك ئۈچۈن بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا ئەرزىيدۇ. بىلىق يېيىشنى ئويلايدىغان ئەمما پۇتلىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن قورقىدىغان مۈشۈكتەك ئىش قىلىپ، ئەركىنلىكنى قورقۇنچاقلىققا قۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك. قورقۇنچ تۇيغۇسىغا مەھكۇم بولغان ئادەم، ئەركىنلىككە هاكىم بولالمايدۇ» دەپ ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلىدى، ئۆز- ئۆزىنى بەزلىدى، ئاندىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. توكۇر بۆرە خېلە ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئۇلارنى بۇرۇنقىدىنمۇ تار بىر ئۆركەشكە باشلاپ ئەكەلدى. ئەمدى ئۇلار ئېگىز ئىككى قىيا ئارىسىدىكى بىر ئادەم ئاران قىسىلىپ ماڭىدىغان تار

بىر يەردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. مەزكۇر تارچىق توكۇر بۆرىگە تونۇش بولغاچقا، ھېچ ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي ناھايىتى ئەركىن، بىمالال كېتىۋاتاتتى، ئارىقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بالىمۇ بۆرىگە يېتىشىپ مېڭىۋاتاتتى، ياش خانىم بولسا، سومكىسىنى قوچاقلىغان پېتى، ھېچ قولۇشالماي، قىسىلىپ، يېرىلغان تاشنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈۋاتقانىدەك قىيىنىلىپ كېتىۋاتاتتى. نېملادېگەنبىلەن ياش خانىم چوڭ بىر پالاكەتتىن قۇتۇلغانىدەك خاتىرجەم ئىدى، ئۇسىبۇ خاتىرجەملىك بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇرغان سېلىق يۈزلىرى بولسا، بەجايىكى تاشنىڭ ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققان تاغ گۈللىرىدەك يېقىملىق ئىدى. ياش خانىم «دېمەك مۇشۇ تار ئۆركەشتىن ئۆتسەكلا، تاغنىڭ قازاغىستانغا توغرا كېلىدىغان تەرىپىگە يېتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلدى.

ھەي تەبىئەت دېگەن نېمە دېگەن سىرلىق، قارىمامدىغان! ئادەم ئايىغى تەگمىگەن يەرلەرگە يەنە قانداق يوللار يوشۇرۇنغان ھە ! يول تار، مېڭىش قىيىن، لېكىن ئەركىنلىك ئۈچۈن بۇنچىلىك جاپا چەكمىسە ئېرىشكە ئەركىنلىكنىڭ قەدرى قىممىتى بولامدۇ دەمسىز، ئۇلار ئۈچۈن بۇنچىلىك ئىشلار ھېچ گەپ ئەمەس، مۇھىم بولغىنى قانچىلىك جاپا تارتىسمۇ ئۇياققا بىر پېشكەللىكە ئۇچرىماي ساق - سالامەت ئۆتۈپ كېتىش. ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىق توكۇر بۆرە بولسا، ئەنە شۇ تارچۇقتا ئانا ۋە بالىنى بىر ھازا ئارقىسىغا سېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، كەڭرەك تۈز بىر يەرگە باشلاپ چىقتى ۋە يان تەرەپتىكى ناھايىتىمۇ چوڭ بىر قورام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ توختى.

توكۇر بۆرە گويا يوقلۇم قىلىنىۋاتقاندەك ياش خانىمغا ۋە بالىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، تەمكىنلىك بىلەن ئەتراپقا يەنە بىر قۇر كۆز ئاتتى ئاندىن كېيىن، دەرھال چوڭ قورام تاشنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتتى، ياش خانىم ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ توكۇر بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى، قورام تاشنىڭ يان تەرىپىدىكى قىيادا خۇددى بىر ئادەم ئويۇپ قويغاندەك بىر كامار بار ئىدى. توكۇر بۆرە دەل ئاشۇ كامارغا كىرىپ كەتتى. ياش خانىم ھودۇققان ھالدا ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى كامارنىڭ ئالدىدا داڭ قېتىپ قالدى. كامارنىڭ ئەتراپى ئاپئاق قارلار بىلەن چۆككەنگەنىدى، سەل نېرىراقتا قارلارنىڭ ئاستىدا قالغان بىر شاخنىڭ قار كۆمۈشكە قۇدرىتى يەتمىگەن ئۇششاق قىزغۇچ يوپۇرماقلىرى قاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ بۇلارنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم قاناۋاتقان بىر يارا ئېغىزىنى يادىغا كەلتۈرمەي قالمايتتى. بالا بولسا، بىر خىل ئىشەنگىلى بولمايدىغان ھەيرانلىق بىلەن كامارغا قاراپ تۇراتتى. ياش خانىمنىڭ كۆزىگە ئۇشبۇ كامار گويا كوھىقاپنىڭ ئاغزىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۆزلىرىنى بۆرىنىڭ كەينىگە كىرىپ كوھىقاپنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىپ، پۈتۈن بەدىنىنى بىر خىل قورقۇنچ تۇيغۇسى چۇلغىۋېلىشقا باشلىغانىدى. بىراق ئەمدى كېچىككەنىدى، ئارقىغا يېنىشقا زىبىز ئىمكان يوق ئىدى. شۇتاپنىڭ ئۆزىدە كوھىقاپنىڭ سۈمۈرۈش كۈچى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن كۈچلۈك ئىدى. بىر لەھزە ئۆتكەندىن كېيىن ياش خانىم ھوشۇنى يىغىپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، كارامەتلەرگە ئىشىنىپ مۇشۇ يەرگە

كەلگەنلىكىنى ئويلىدى ۋە كامارغا كېرىش كېرەكمۇ، ياكى ئارقىغا يېنىش لازىممۇ ؟ دەپ ئۆزىگە يەنە بىر قېتىم سوئال قويدى ۋە ئارقىدىنلا ئۆزى سورىغان سوئالغا سوئال جۈملە ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ ـ كارامەتكە ئىشەنمەي ئامال يوق، هازىر قانداق قىلىمىز ؟ قەيەرگە قېچىپ، قەيەرگە مۆكىنىمىز ؟ توكۇر بۆرىدىن باشقا كىمدىن پانالىق تىلەيمىز ؟ مۇشۇ ئالدىمىزدىكى تۆشۈكنى پاناھ قىلماي ئامالىمىز يوق. توكۇر بۆرە بىزنى توندى، بىزدىن بوۋامنىڭ هىدىنى ئالدى، بوۋام ياردەم قىلغان بۆرە دەل مۇشۇ شۇ، شۇدەمدە بىزنىڭ بۆرىنىڭ ئىنىغا كىرمەكتىن باشقا چارىمىز يوق ـ دەپ ئويلىدىيۇ، ئارقىدىنلا يەنە بۇ قاراردىن يېنىۋالدى. بالىدا هېچقانداق قۇرقۇنچ تۇيغۇسى يوق ئىدى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، كامارغا كىرمەكچى بولدى، لېكىن ياش خانىم بۇنىڭغا يول قويمىدى ۋە دەرهال سومكىسىدىن پىلجىكتورنى ئېلىپ ياندۇردى ۋە كامارغا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىچىگە قارىدى، بىراق كامارنىڭ ئىچىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىدى، يەنە شۇنداقتىمۇ ئوغلىنى ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ بىر پەس ئويلاندى، كۆڭلىدە ئوغلىنىڭ ئۆز هەركىتى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن توكۇر بۆرە كىرگەن كامارغا كىرىش پىكىرگە قوشۇلۇش ئىستىكى پەيدا بولدى. دۇنيادىكى ئەڭ تەبىئەي، ئەڭ ساپ پىكىر بولسا، بالىلارنىڭ تەبىئىي هەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ۋە تاتلىق لەۋلىرىدىن تۆكۈلگەن پىكىرلەردۇر. هايات ـ ماماتلىق جىددىي پەيتتە ئارىساللىقتا قالغان ياش خانىم، ئوغلىنىڭ پىكىرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇرئىدى. دەرۋەقە، بالىنىڭ تەبىئىي جاسارىتى ياش خانىمنى جاسارەتلەندۈردى،

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتى ۋە ئەنە شۇ جاسارەت، ئەنە شۇ غايىۋىي كۈچنىڭ تۈركىسى بىلەن ياش خانىمنىڭ زىلۋا گەۋدىسى ئالدىغا سىلجىدى ۋە تىرىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئەقلىمۇ مەۋجۇت رېئاللىققا بوي سۇندى.

## 34

ياش خانىم مۆكچىيىپ تۇرۇپ كامارغا كىردى، ئارقىسىدىن سەۋر قاچىسى تاشقان بالا كىرىپ كەلدى. پىلجىكتورنىڭ يورۇقى ئەتراپنى چەمبەر شەكلىدە يورۇتۇپ تۇراتتى، ياش خانىم دەرھال ئۆزلىرى كىرگەن يەرنىڭ بىر غار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى، غارنىڭ ئۈستى ئېگىز، بىراق تار ئىدى، ئەتراپتا ھېچنىمە يوق ئىدى، پەقەت پىلجىكتورنىڭ يورۇقىدا ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىك توكۇر بۆرىنىڭ بىر جۈپ كۆزى گويا كۆيۈۋاتقان ئىككى تال قارا كۆمۈر پارچىسىدەك قاپاق چاناقلىرىدا يېنىپ تۇراتتى. مەزكۇر بىر جۈپ كۆز ھەم ياللۇنجاۋاتاتتى، ھەم ئەنسىز ئىدى ۋە بۇ كۆزلەر ھەم بۆيۈك ئىزتىراپ ئىچىدە ئىدى ۋە بۈيۈك بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغاندەك جىددىي ھەرىكەتتە ئىدى. ئارقىدىن كىرگەن بالا كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن قىياپەتتە غارنىڭ مۇدۈر- چوقۇر تاملىرىغا بىر كۆز ئاتقاندىن كېيىن، ئۆشنىسىدىكى سومكىسىنى دەرھال ئېلىپ، يەرگە قويدى ۋە سىرتىمىسى سىيرىپ ئېچىپ، ئىچىدىكى پىلجىكتورنى ئېلىپ ياندۇردى، بالىنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك چاققان ۋە ئەپلىك ئىدى،

قوشۇقتەك يۈزىدە شۇنداق بىر جەسۇرلۇق، شۇنداق بىر ئۆزگە بولغان ئىشەنچىلىك ئىپادە بالقىپ تۇراتتى، بۇ خىل ئىپادە ياش خانىمنى تاڭ قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئانا ۋە بالىنىڭ قولىدىكى مەشئەلدەك يېنىپ تۇرغان ئىككى پىلجىكتور غارنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقنى تېخىمۇ يورۇتۇۋەتتى. ئەمما توكۇر بۆرە بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلىقىنى بىلدۈرگەندەك ئوڭ تەرەپتىكى تار بىر يەرگە قاراپ ماڭدى، ياش خانىم توكۇر بۆرىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى بۇيرۇقنى دەرھال ئىدراك قىلىپ، يەردىكى سومكىسىنى قولىغا ئالدى، بالىمۇ سومكىسىنى ئۆشنىسىگە قايتا ئاستى ـ دە، ئاپىسىنىڭ ئالدىدا توكۇر بۆرىگە ئەگىشىپ ماڭدى. غارنىڭ ئىچىدە گويا بىرلىرى مەخسۇستىن يەر ئاستى تونىل قازغاندەك ئېچىلغان تار بىر يول بار ئىدى، توكۇر بۆرە دەل ئاشۇ تار يولدا ئۈنسىز كېتىۋاتاتتى، ئانا ۋە بالىمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئارقىدىن ئىز بېسىپ كېتىۋاتاتتى. مانا بۇ يەرلەر تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن پىنھان بىر ماكاندى. غارنىڭ ئىچىگە كىرگەن ھەركىمنىڭ سىرتىكى دۇنيادىن ئالاقىسى بىراقلا ئۈزۈلەتتى، ھەتتا سىرتتا ئادەملەر ياشايدىغان بىر دۇنيانىڭ بارلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى. چۈنكى، سىرتىكى دۇنيا شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنگىنى بىلەن غارنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇققا چۆمكەلگەن خاتىرجەملىككە يەنىلا يەتمەيتتى. ئادەم غارنىڭ ئاغزىدىن يىراقلاشقانسېرى، كىچىككىنە كاماردىن كىرىۋاتقان يورۇقلۇقتىنمۇ ئۇزاقلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا قويۇقلۇشۇپ بېرىۋاتقان قارانغۇلۇق ئىچىدە يوقاپ كېتەتتى. گەرچە سىرتقى دۇنيانىڭ ئۈستىدىكى بىپايان

بوشلۇقتىن ھەر زامان يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرسىمۇ، بىراق ئاشۇ چەكسىز ئالەم بوشلۇقىنىڭ ئاستىدىكى ئىنسانلار خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھاياتى دائىم خەتەر ئىچىدە ئىدى. دەرۋەقە، غارنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ، ياش خانىم بىلەن بالىغا خاتىرجەملىك بېغىشلىغانىدى. ئۇلار بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە خاتىرجەملىك تۇيغىسى بىلەن پىلجىكتورنىڭ يورۇقىدا، ئايىقىنىڭ ئاستىدا چىقىپ تۇرغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاشلارغا پۇتلاشما كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە تەخمىنە ئۈچ - تۆت كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىدا يول باشلاپ بەخىرامان كېتىۋاتقان توكۇر بۆرە بىردىنلا توختاپ، مېيىپ پۇتىنى سەل ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، غار يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قىيا تاشلاردىن تۇزۇلگەن تېمىغا «شار..شار..شار» قىلغان قورقۇنچلۇق ئاۋازنى چىقىرىپ سىيدى، پىلجىكتورنىڭ يورۇقى روشەن رەۋىشتە يورۇتۇپ تۇرغان ئۇزۇن تۆكلەر ئارىسىدىكى زەكىرىسىدىن چىقىۋاتقان ساپ - سېرىق سۈيدۈك، چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان تاشلارنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋېتىپ باراتتى. بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان سۈيدۈك تاۋۇشى خۇددى ئېگىز شاقىراتمىدىن چۈشىۋاتقان سۇلارنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋازلىق ئىدى، ھەتتا مەزكۇر ئاۋاز بۆرىنىڭ بار كۈچى بىلەن ھۇۋلىغان چاغدىكى ھۇۋلىشىنىمۇ بېسىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە ئىدى. ئۇ سىيىپ بولغاندىن كېيىن ئارقىسىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان ئانا ۋە بالىغا بىر قاراپ قويۇپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا، بالىنىڭمۇ سىيگىسى كېلىپ، قولىدىكى پىلجىكتورنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپلا، ئالدىراشلىق بىلەن ئىشتىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ،

ئۆرە تۇرغان پېتى توكۇر بۆرە سىيگەن يەرنى چەنلەپ سىيدى ۋە چوڭ بىر ئىشنى قىلغاندەك مەغرۇر ئىشتىنىڭ ئالدىنى ئەتتى ـ دە، ئانىسىغا قاراپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز قاراپ تۇرغان توكۇر بۆرىگە قاراپ تۇرۇپ «ئەمدى ماڭساڭ بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى يەڭگىل مىدىرلىتىپ ئىشارەت قىلدى. توكۇر بۆرىمۇ «ئەقىلگە ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇس» دېگەندەك، بالىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشەندى بولغاي، ئاسقاقلىغان پېتى ئالدىغا قاراپ راۋان بولدى. ئانا ۋە بالا غارنىڭ ئىچىدە قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى يىلان ئىزىدەك يوللاردا ماڭمىسۇن، هامان توغرا يۆنۈلۈشكە كېتىپ بارغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى ۋە هامان مەقسەتسىرى ئىلگىرلەۋاتاتتى. ئانا ۋە بالا ئەنە شۇ تەرىقىدە «توكۇرنىڭ يولى كۆپ، گاچىنىڭ ئېپى كۆپ دېگەندەك» دېگەندەك توختىماي يول ئېلىپ كېتىۋاتقان توكۇر بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، كەڭكەڭرى بىر جايغا چىقىپ قالدى. بۇ يەرنىڭ ئىچى ئىللىق، هاۋاسىمۇ ساپ ئىدى. توكۇر بۆرە بۇ يەرگە كەلگەندە، گويا «كېلىدىغان جايىمىزغا كەلدۇق، ئەمدى ئارام ئېلىۋېلىڭلار» دېگەندەك قىلىپ، كەڭ دائىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر جايغا كېلىپ تۇردى. ئەسلىدە بۇ يەر گويا چوڭ بىر قازانغىلا ئوخشاشىدىغان جاي بولۇپ، ئەتراپى تۆۋەندىن يۇقۇرغا قاراپ ئوخشاش بىر نىسپەتتە ئېگىزلىگەنىدى. ئۇشبۇ يەرگە شۇنداق قارىغا ئادەمگە قەدىم ۋىزانتىيەنىڭ تىياتىرخانىلىرىنى ئەسلىتەتتى. توكۇر بۆرە گويا تىياتىرخانىغا كىرىدىغان تاماشىبىنلارنىڭ بېلىتىنى تەشۈرگۈچى خادىمدەك

تۇرغان جايىدا مىدىر- سىدىر قىلماي تۇراتتى. ئانا ۋە بالا توختىماي بۆرە يورغۇسىدا يول ماڭغانلىقى ئۈچۈن چارچاپ كەتكەنىدى. بالا بىر چەتكە قويۇپ قويغان ئورۇندۇققا ئوشايدىغان بىر تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ، سومكىسىنى يەرگە قويۇپ ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە قولىدىكى پەلىيىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ياش خانىمۇ دەرھال ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى. يەردە ھېچقانداق چاڭ - توزان يوق ئىدى، گويا بىرلىرى كېلىپ تازىلاپ قويغاندەك تاشلارنىڭ ئۈستىدە پاك - پاكىز ئىدى. ياش خانىم توكۇر بۆرىگە قارىدى ۋە ئوغلىنىڭ يېنىدىن سەل يىراقلىشىپ، ئاستا توكۇر بۆرىگە يېقىنلاپ كەلدى، توكۇر بۆرىنىڭ تۇرغان يېرىدىن تۆۋەنگە قاراپ سوزۇل تار بىر يول باردەك قىلاتتى، بىراق ئۇ يەرھېچنېمىنى كۆرگۈنى بولمايدىغان دەرىجىدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇراتتى. ئاشۇ تەرەپتىن كېرىۋاتقان سوغۇق ساپ ھاۋا ياش خانىمغا بىر خىل  راھەتلىك بەخش ئېتىۋاتقانىدى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان يولنى كۆرگەن ياش خانىم ئىچىدە «بەلكى بۇ يول سىرتقى دۇنياغا تۇتىشىدىغان يىگانە يول بولۇشى مۇمكىن، بىز تۇرغان مۇشۇ يەر بولسا، دەل بىز قاراپ قاچقان ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. توكۇر بۆرە تۇرغان جايىدا مىدىرلىماي قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان پوستەك ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ تۇرغانىدى.  ياش خانىم قولىدىكى پىلجىكتورنى غارنىڭ ئاستىغا قاراتتى ۋە يەرنى سىنچىلاپ كۆزەتتى، بىرىنچى بولۇپ توكۇر بۆرە تۇرغان يەردە تۇرغان بىر پارچە تېرىگە كۆزى چۈشتى. مانا بۇ پارچە تېرە بولسا بۆۋىسىنىڭ

جۇۋىسىنىڭ كېسىلگەن پېشىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. تېرىنىڭ شەكلى جۇۋىنىڭ پۇچۇقىنىڭ شەكلىگە تامامەن ئوخشاش ئىدى، يۇڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى جۇۋىنىڭ يۇڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى بىلەن تەڭ ئىدى، بىراق تېرە ئۇپرىغان بولۇپ، ئاق يۇڭلىرى كىرلىشىپ كەتكەنىدى. ياش خانىم تېرىگە قاراپ تۇرغاندا، توكۇر بۆرە ئاستا كېلىپ شۇ تېرىنىڭ يېنىدىكى داخ يەرگە سوڭنى قويۇپ ئولتۇردى، ئارقىدىنلا ئېڭىكىنى ئالدى ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ ياتتى. دېمەك توكۇر بۆرىگىمۇ ھاردۇق يەتكەنىدى، يەنە بىر جەھەتتىن ئانا ۋە بالىغا «بۈگۈن كەچتە مۇشۇ جايدا تۈنەيمىز» دېگەن بىساھارەتنى بېرىۋاتقانىدەك قىلاتتى. توكۇر بۆرىنىڭ يېنىدا تاشلىنىپ تۇرغان جۇۋىنىڭ پارچىسىنى كۆرگەن ياش خانىم ئاجايىپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى. ئەنە شۇ تەڭدىشى يوق ھەيرانلىق ئىلكىدە ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇرغان پىلجىكتورنى ئوغلى بار تەرەپكە قاراتتى. بالىغا ئەمدى ھارغىنلىق يەتكەنىدەك قىلاتتى، ئۇ يېنىدىكى تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان پەلىيگە بېشىنى قويماقچى بولدى، ئوغلىنىڭ ھالىنى بايقىغان ياش خانىم دەرھال، ئوي - پىكىرلىرىدىن ئازات بولۇپ، ئوغلىغا قوسىقىغا ئازراق بىرنەرسە يەۋالغاندىن كېيىن ئۇخلاشنى ئېيتىپ، سومكىسىنىڭ ئاغزىنى دەرھال ئاچتى ۋە ئىچىدىن بىر تال شام بىلەن بىر قاپ سەرەڭگىنى ئالدى. شام بىلەن سەرەڭگە قېپى شۇنچىلىك سوغۇق ئىدى، ياش خانىم دەرھال سەرەڭگىنىڭ نەملىشىپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرىدى ۋە قولىدا بىر تال مۇز پارچىسىدەك تۇرغان سەرەڭگە قېپىنىڭ ئىچىدىن بىر تال سەرەڭگە تىلىنى

سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە سەرەڭگە تىلىنىڭ گۈڭگۈرتلۈق بېشىنى گۇمان نەزىرى بىلەن سىلاپ باقتى. دەرۋەقە، سەرەڭگە تىلىنىڭ گۈڭگۈرتلۈق قاپقارا بېشى قۇرۇق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى تىنجىغان ياش خانىم سەرەڭگە تىلىنىڭ بېشىنى سەرەڭگە قېپىنىڭ يان تەرىپىگە كۈچەپ سۈرتتى، سەرەڭگە تىلىنىڭ بېشى دەرھال ئوت ئېلىپ، ۋاللىدە ياندى، يالقۇنجاپ تۇرغان سەرەڭگە تىلىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن تەڭ ياش خانىمنىڭ كۆڭلىمۇ ۋاللىدە يورۇپ، ئىچىنى ئىسسىق خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئەسىر ئالدى. ئەمدى قولىنىڭ كۆيۈپ كەتمەسلىكىدىن ئېھتىيات قىلغان ياش خانىم چاققانلىق بىلەن قولىدىكى ئۈزلۈكسىز كۆيىۋاتقان سەرەڭگە تىلىنى يەنە بىر قولىدا تۇتۇپ تۇرغان مۇزدەك شامنىڭ پىلىكىگە تەككۈزدى، نىھايەت شامۇ يېقىلدى، سەرەڭگە تىلىنىڭ ئۆچۈشكە ئۈلگۈرۈپلا شامنىڭ يورۇقى سەرەڭگە تىلىنىڭ يورۇقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئەتراپنى تېخىمۇ يورۇتىۋەتتى. ياش خانىم بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمىدى، سومكىسىدىن يەنە بىر تال شامنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ياندۇردى، ئەمدى بالىنىڭ قولىدىكى پىلجىكتورنىڭ رولى قالمىغانىدى، شۇ سەۋەبتىن بالا قولىدىكى پىلجىكتورنى ئۆچۈرۈپ، ئانىسىنىڭ قولىدىكى شامدىن بىرنى قولىغا ئالدى، ئانا ۋە بالا قوللىرىدا تۇتقان شام بىلەن غارنىڭ ئىچىگە نەزەر تاشلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قانداق بىر يەردە تۇرىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق پەرق ئەتتى. ئىككى شامنىڭ كۆيۈشىنىڭ بەدىلىگە غارنىڭ ئەتراپىنى چۇلغاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى؛ يېنىپ تۇرغان شاملار ئۆزلىرىنىڭ نۇرىنى

پەۋقۇلئاددە يارقىن چېچىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان قاراڭغۇلۇققا بەنت بولۇپ ياتقان غارنىڭ ئىچىنى روشەن رەۋىشتە يورۇتىۋەتكەنىدى.

## 35

ئۇلار تۇرغان جاي ئەسلىدە ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەر بىلەن بېزەلگەن بىر يەر ئىدى. بالا زەيتۇنىدەك ياقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى غارنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان قىيا تاش رەسىملىرىگە تىكتى. ياش خانىم دەرھال ئۇغلى قاراپ تۇرغان تەرەپكە بۇرۇلۇپلا، ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئۇستا بىر سەنئەتكار سىزغان قىيا تاش رەسىملىرى كۆرۈپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ھەر ئىككىلىسى گويا ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان كولومبۇسىدەك شۇنچىلىك خۇش بولۇپ، ھەيرانلىق ئىچىدە قالغانىدى. غارنىڭ تاملىرىغا ھەرخىل رەسىملەر سىزىلغانىدى. ئانا ۋە بالا گويا چۆچەكلەر دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ئاجايىپ ھەيرانلىق بالقىپ تۇراتتى. ئۇلار گاراڭ ھالەتتە خىلە ئۇزاققىچە تامغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.ھازىر ئۇلارغا كېچىنىڭ قايسى چاغ بولغانلىقى نامەلۇم ئىدى. ئەتراپتا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى، يا سىرتىن يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرىدىغا بىر يوچۇقمۇ كۆرۈلمەيتتى. كۆرۈۋاتقىنى پەقەت غار تاملىرىغا سىزىلغان جانلىق ئادەملەردەك گەۋدىلىنىپ تۇرغان قىيا تاش سىزمىلىرىلا ئىدى. سىزىلغان رەسىملەردە ھەر خىل ئۇبرازلار جانلىق گەۋدىلەندۇرۇلگەنىدى. بۇ رەسىملەرنىڭ

بەزىكلىرى ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان ئوۋچىنىڭ سالمىنى پىقىراتقا پېتى تايغاننىڭ ياردىمۇ بىلەن قۇلان توپلىرى تەرەپكە چېپىپ كېتىۋاتقان مەنزىرىسىنى شۇنچىلىك جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ تۇرغان بولسا، بەزىلىرىدە تاغ تېكىلىرى، بۇغا ـ ماراللارنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى، يەنە بەزى رەسىملەرگە ئوۋ قوراللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇسۇل ئويناۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغانىدى. مانا بۇ رەسىملەر قانداق مەقسەتتە سىزىلغان بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، كۈچلۈك ۋە روشەن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلارنىڭ سەنئەتكار قوللىرى بىلەن روياپقا چىققان بىرىنچى قاتلام تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقى بولۇپ ھەسابلىناتتى. ھەر بىر رەسىم رېئال ـ ئەينەن، جانلىق ـ ھەرىكەتچان ۋە سىمۋوللۇق ئىپادىلەشتەك تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ئاساستا سىزىلغانىدى. بولۇپمۇ مەزكۇر قىيا تاش سىزمىلارنىڭ ئىچىدە ياش خانىم بىلەن بالىنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلغان رەسىم بولسا، يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق ئادەم ۋە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بىر ئايال بىلەن بىر بالىنىڭ رەسىمى ئىدى. مانا بۇ رەسىمدىكى مەيلى ئاتلىق ئادەم بولسۇن، مەيلى ئايال بىلەن بالا بولسۇن ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق، ناھايىتى ئوبرازلىق، ناھايىتى مۇكەممەل سىزىلغان ئىدى. ئۇشبۇ رەسىمنى سىزغان ۋە ياكى ئاشۇ غار تېمىغا ئويغان رەسسام، پەقەت رەسسام سىزىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئۈچۈن يارىتىلغان سەنئەتچىدەك قىلاتتى. دەرۋەقە، ئاشۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئوبرازىنى، ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، خوشاللىقى ۋە ھەسرەتلىرىنى

ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى. بۇلارنى گەۋدىلەندۈرگەن رەسىملەرنىڭ فىگۇرى ئاجايىپ يۇقۇرى ماھارەت بىلەن سىزىلىپلا قالماي، يەنە ھەربىر سىزىقتا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قاتقانىدى. ھەربىر سىزىق ئادەم ئاناتومىيەسىنىڭ ئېلېمېنتلىرىغا تامامامەن ئۇيغۇن شەكىلدە سىزىلغانىدى ؛ ئىگەكىم، ئايال ۋە بالىنىڭ قوللىرىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ئىنچىكە سىزىقچىلار كىشىدە ئاجايىپ بىر مۇھەببەت قوزغايتتى. چۈنكى ئۇلار ئاشۇ ئادەم ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن سىزىقلار ئىچىگە قاپسىلىپ قالماي، بەلكى تام ئەكسىنچە ئاشۇ سىزىقلار ئىچىدە ناھايىتى ئەركىن، ناھايىتى تەبىئىي، ناھايىتى جانلىق بىر شەكىلدە كىشى كۆز ئالدىدا تىرىك ئادەمدەك نامايەن بولۇپ تۇراتتى. يىراقتىن كېلىۋاتقان ئوۋچىنىڭ ئوبرازىمۇ ياش خانىم بىلەن بالىنىڭ كۆز ئالدىدا ئالاھىدە جانلىق نامايەن بولۇپ تۇرىۋاتقانىدى. گەرچە بۇ رەسىملەر ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن قاراڭغۇ غارنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەر بولسىمۇ، ھالبۇكى، ئەنە شۇ ئوۋچىنىڭ ئات ئۈستىدىكى مەغرۇر قىياپىتى بولسا، بەجايىكى ئۆزۈ ئوۋلىغان ئوۋلاردەك ئەركىن، جەسۇر ۋە ئوۋلىغان ئوۋلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ بەختكە چۆمگەن قىياپىتىنى روشەن رەۋىشتە نامايەن قىلىپ بەرگەنىدى. يەنە كېلىپ بۇ سىزمىلار تەبىئەت بىلەن پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇپ، مۇشۇ قاراڭغۇ غارنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. شۇداقلا قارىغان ئادەمگە بۇ رەسىم قولدا سىزغان ئەمەس بەلكى مۇشۇ غارنىڭ تاش تاملىرى بىلەن بىر پۈتۈم گەۋدە بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك شۇنچىلىك

جانلىق كۆرۈنەتتى. ۋاھالەنكى، رەسىملەر جانسىز ۋە تۇرغۇن نەرسە بولسىمۇ مەزكۇر رەسىمدىكى كۆزلەردە ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. خۇددى بۇ غارنىڭ ئىچىدىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋىرى باردەك، ئەسلىدە رەسىمدىن ھالقىغان جانلىق ئادەم ئەمەس بەلكى ئادەمدىن ھالقىغان بىر ئىلاھىي مەۋجۇداتتەك تىرىك تۇراتتى. غارنىڭ ئىچىدىكى رەسىملەر مۇشۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن يىراق ئىنسان ئايىقى باسمىغان غارنىڭ ئىچىدىكى سىرلىق قىيا تاشلارغا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە سىزىلغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ رەسىملەردىكى ھەممە نەرسىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھەربىر سىزىقلاردا مۇھەببەت بىلەن سۆيگۈ ۋە جۇدالىق بىلەن ھەسرەت، ئىرادە بىلەن جەسۇرلۇق جۇلانىنىپ تۇراتتى. بۇلار ئەسىرلەر بويى كۈن چۈشمەيدىغان غارنىڭ ئىچىدە بەھەيۋەت تۇرۇپ، مۇشۇ كۈنلەرگىچە يېتىپ كەلگەنىدى. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن مەزكۇر رەسىملەر ئىنسان ئېڭىدا سانسىزلىغان ئوي - پىكىرلەرنى ئويغۇتىدىغان ئويغاتقۇچى مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزدىن ھېسابلىناتتى. ئانا ۋە بالا شۇ دەمدە ئەنە شۇ رەسىم لەر گە قاراپ، ئەركىنلىككە بولغان ئارزۇسى، بەختلىك ئائىلىگە بولغان تەشنالىقى تېخىمۇ يۇكسەلگەن ئىدى. ئاشۇ رەسىملەر يەنە ئانا ۋە بالىنىڭ زېھنىدە ئاجايىپ ئويلارنىڭ ئويغۇنىشىغا سەۋەب بولىۋاتقانىدى. ياش خانىمنىڭ كۆڭلى بىردىنلا بىئارام بولدى، ئۇشبۇ رەسىملەرگە ئىنسان سۆيگۈسى، مۇھەببىتى، ياخشىلىقى، ۋىجدانى ۋە ئەخلاقى يوشۇرۇنغاندەك، ئەينى زاماندىكى

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەنە شۇ سۆيگۈ- مۇھەببەت قاتارلىق ئىنسان پەزىلىتىگە خاس ئالەمەتلەرنى مەڭگۈ ساقلاش ئۈچۈن، مۇشۇ سىرلىق غارنىڭ تاملىرىغا سىزىپ ساقلىغاندەك، شۇ ۋەجىدىن ئۇشبۇ توكۇر بۆرە مۇشۇ جاينى ئۆزى ياشايدىغان يىگانە ماكان قىلىپ تاللىغاندەك، ھەمدە ئۆزىدىكى ياخشى ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزگەرتمەي تا بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە ساقلاپ قىلىۋاتقاندەك، مۇبادا غارنىڭ ئورنى سىرتقا ئاشكارلىنىپ كەتسە، رەسىملەرنىڭ يۈزلىرى چوقۇلۇپ، گەۋدىلىرى بۇزۇلۇپ، ئەنە شۇ ياخشى ئىنسانغا خاس پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا يوق بولۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. دەرھەقىقەت، مەزكۇر غار تاملىرىدىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئىپتىدائىي مەزمۇنلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئوبرازلىق تەپەككۇر بولسا، يەنىلا ھازىرقىي زامان ئىنسانلىرىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىدا ئاجايىپ مۇھەببەت ۋە ھەسرەتلەرنى قوزغاتماي قالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەينى زاماندىكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر روھىيىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىنى چۈشەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلۈك ئۈچۈر بولۇپ ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى، نۆۋەتتە ئىنسالاردىكى سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ، ساداقەتنىڭ، ئەقلاقنىڭ گۈللىرى سولىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، سەنئەتنىڭ گۈللىرى مەڭگۈ پورەكلەپ تۇرىدۇ، مەيلى تام رەسىملىرى بولسۇن، مەيلى قول يازما خاتىرلىرى بولسۇن ۋە ياكى رومانلار بولسۇن ماڭگۇ ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈ تىرىك تۇرىدۇ ؛ مەيلى غاردا ۋە ياكى يورۇق دۇنيادا بولسۇن ئۆز گۈزەللىكىنى، ئۆز مەزمۇنى مەڭگۈ نامايەن قىلىدۇ. ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۆچۈرۈپ يوقۇتىۋېتىشكە

ھەرداقـداق بىـر زوراۋان كۈچنىـڭ قۇدرىتـى ئەبەدىـي يەتمەيـدۇ. يـاش خانىـم قولـىدا كۆيـىۋاتقـان شـامنىڭ پىژىلـداپ چىقىرىۋاتقان ئاۋازىنىـڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنـى بايقـىدى ۋە شـام ئېرىتمىسـىنىڭ قولىغـا ئېقىـپ چۈشـۈپ كېتىشـىدىن ئېھتىيـات قىلىـپ، شـامنى دەرھـال تاشـنىڭ ئۈسـتىگە قويـدى ۋە ئوغلىنىـڭ قولىدىكـى شـامنىمۇ دەرھـال ئېلىـپ سـەل نېرىراقتىكـى يەنـە بىـر تاشـنىڭ ئۈسـتىگە ئوبـدان جاشلاشـتۇردى. رېئاللىقىقـا دەرھـال قايتقـان يـاش خانىـم غىزالىنىـش ئۈچـۈن دەسـتىرخان تەييارلاشـقا تۇتـۇش قىلـدى. ئـۇ سـومكىنىڭ ئىچىدىـن كىچىـك بىـر پىلاسـتىك بولاقنـى چىقـاردى ۋە يەملەگلىـك ئېغىزىنـى ئېچىـپ، ئىچىدىـن بىـر تـال ھۆللەنگـەن ئاپئـاق سـالفېتكىنى سـۇغۇرۇپ ئېلىـپ قولىنـى پاكىـز سۈرتۈپ ئېيتتـى، ئانـدى يەنـە بىـر تالنى سۇغۇپ چىقىرىـپ ئوغلىنىـڭ قوللىرىنـى سۈرتى، ئارقىدىـن يەنـە بىـر تالنـى سـۇغۇرۇپ ئېلىـپ ئوغلىنىـڭ يۈزىنـى سۈرتى. ھۆللەنگـەن مـۇزدەك سـالفېتكا بالىنـى خېلـىلا سـەگىتىپ قويغـان ئىـدى، بولۇپمـۇ ئۇنىڭدىـن تارقالغـان مۇئەتتـەر بالىغـا خېلـىلا تەسـىر قىلغانـىدى. يـاش خانىـم ھۆللەنگـەن سـالفېتكا بولىقىنىـڭ ئېغىزىنـى مەككـەم ئەتكەندىـن كېيىـن، يەنـە سـومكىنىڭ ئىچىگە تىقىـپ قويـۇپ، سـومكىدىن بىـر تـال يېڭـى يېشـىل رەڭلىـك لۆڭگىنـى ئېلىـپ يەرگـە قويـدى ۋە ئۈسـتىگە يولـدا غىزالىنىـش ئۈچـۈن ئېلىۋالغـان ئىككـى تـال توقاچنـى، گـۆش سېلىنغان قاچىنـى ۋە بـوۋاي بەرگـەن قىـزا بـار خالتىنـى ئېلىـپ يېنىغـا قويـدى. سـەھەردە قاينـاق سـۇ قويـۇپ ئېلىۋالغـان ئىككـى تېرموسـىنىڭ بىرىنىـڭ سۈيى تۈگىگـەن بىلـەن، يەنـە بىرىـدە لىق قايناق سـۇ بـار ئىـدى. ئەنە شـۇ قايناق سـۇ بار تېرمۇسـىنىڭ

ئاغزىغا ئىلمان بولۇپ قالغان قايناق سۈنى قۇيۇپ، ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، يەنە بىر تېرمۇسنىڭ ئاغزىغا قۇيغان ئېلمان قاينا سۈنى ئاۋايلاپ يەرگە قويغاندىن كېيىن، ئىچى خېلىلا بوشاپ قالغان سومكىسىنى ئېلىپ ئاستىغا قويۇپ ئولتۇردى. ئانا بىلەن بالا هاردۇقلىرىنى چىقارغاچ غىزالاندى، گەرچە گۆش مۇزلاپ قالغان بولسىمۇ، ئاچ قوساققا بالدەك ياققانىدى. دەرۋەقە، مۇزلاپ قالغان سۇر گۆشتە كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدىغان ئاجايىپ بىر تەم بار ئىدى. مانا مۇشۇ يېشىل رەڭلىك لۆڭگىنىڭ ئۈستىگە تىزىلغان نىمەتلەر بىلەن قىلغان كېچىلىك غىزا ئۇلارنىڭ هاياتىدا ئاغزىلىرىغا تېتىغان ئەڭ لەززەتلىك غىزا بولۇپ قالدى. گەرچە ئانا ۋە بالىنىڭ ئىچكىنى ئېلمان قايناق سۇ بولغىنى بىلەن، گويا زەمزەم سۈيىدىنمۇ بەتەر شۇنچىلىك تېتىپ كەتكەندى ۋە يەۋاتقان توقاچلار بولسا بۇرۇن يېگەن هەرقانداق تەملىك توقاچلاردىن نەچچە هەسسە تەملىك تېتىغان ئىدى. ياش خانىم قوسىقى تويغاندىن كېيىن، بىر نەرسىنى ئەسكە ئالغاندەك دەرهال يېنىدىكى خالتىدىن پىشۇرۇلغان قېزىنى چىقىرىپ ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ توكۇر بۆرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بەردى. بىراق توكۇر بۆرىنىڭ قوسىقى توقمۇ قانداق، يېنىدا تۇرغان قېزىغا نەزەر - كۆزىنىمۇ سالماي، خۇددى سادىق جىسەكچىدەك بۇرۇنقى هالىتىنى هېچ ئۆزگەرتمەي، ئۇلار ئولتۇرغان تەرەپكە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ياش خانىم توكۇر بۆرىنىڭ قوسىقىنىڭ توقلۇقىنى پەرەز قىلىپ، كۆپ ئويلاشمايلا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. جىن چىراغتەك غۇۋا يورۇقلۇق تارقىتىۋاتقان شامنىڭ كۆيۈۋاتقان

ئۈچى دەممۇ ـ دەم لەپىلدەپ، غارنىڭ تاملىرىغا ئويۇلغان قىيا تاش رەسىملىرىنى چالغىتىۋېتىپ باراتتى، بۇنىڭدىن غارنىڭ ئاخىرقى ئۈچىنىڭ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان مۇساپىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. بەلكى توكۇر بۆرە ياتقان يەردىن ئانچە يىراقتا بولمىسا كېرەك. شۇنداقلا توكۇر بۆرە ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ياش خانىم بىلەن بالىغا يول باشلاپ مېڭىپ، خۇددى ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى يورۇق دۇنياغا چىقىرىپ قويغان كۆك بۆرىدەك ئۇلارنىمۇ ئەركىن دۇنياغا ئۇلاشتۇرىدىغان جايغا ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ بۇ ئىشلار بىزگە هازىرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، پەرەزلىرىمىز ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەس. ۋاقىت هامان توكۇر بۆرىنىڭ كارامىتىنى ئوتتۇرغا چىقارماي قويمايدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، تاڭ ئاتقىچە يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ تېخى ! شام كۆيگەنسېرى، ئېرىتمىلىرى تاشنىڭ ئۈستىگە يىغىلىپ، تېخىمۇ يالجىپ يېنىپ، شامنىڭ لىمپىلداشلىرى تېزلىشىپ، يورۇقى كۈچىيىپ، ئەتراپىنى تېخىمۇ روشەن رەۋىشتە يورۇتۇشقا باشلىغانىدى. هەتتا غارنىڭ تاملىرىدىكى هەرە خېنەككىدەك نۇرغۇن ئۈششاق تۆشۈكچىلەردىن تارتىپ يورۇتۇۋەتكەنىدى. قوسقى تويغان بالا بولسا، ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بېشىنى ئانىسىنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ مىلىق ـ مىلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئۇ گويا ئانا يۈرىكىنىڭ يۇمران چىملىرى ئۈستىدە ئۇخلىغاندەك شۇنچىلىك راهات، شۇنچىلىك خاتىرجەم، شۇنچىلىك ئۈمىد بىلەن ئۇخلاپ قالغانىدى، ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان كۆزلىرى ئۇيقۇغا پاتقان بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدەك يېقىملىق

ئىدى. ۋاھالەنكى، ياش خانىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇنچىلىك ھارغانلىق يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ئىدى. شۇتاپتا ئۇنىڭ ئوغلى تۇتقان قولدەك ئىسسىق بىر قولغا ئېھتىياجى بار ئىدى; بالا باش قويغان كۆكرەككە ئوخشاش خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان كۆكرەكنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىۋاتقانىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان، مەدەت بېرىدىغان ۋە كۆكرىكىنى راسلاپ بېرىدىغان يولدىشى يېنىدا يوق ئىدى. يولدىشىنىڭ ھالى ئانا ۋە بالىنىڭ ھالىدىن بەتەرئىدى. ئانا جەسۇر بولۇشى، قورقماسلىقى، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ بالىسى ئۈچۈن بۇ يەردىن ساق - سالامەت چىقىپ كېتىشكە مۇتلەق رەۋىشتە ئىشىنىشى ۋە سەۋر بىلەن تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتىشى كېرەك. شۇ ۋەجىدىن ئۇ بىر ئاز بولسىمۇ كۆزىنى يۇمۇپ، ئەرتە تاڭ ئاتقاندا قانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆرە تۇرغۇدەك ماغدۇر توپلاۋېلىش لازىم. ياش خانىم ئاغزى سۇت پۇراپ تۇرغان قوزىۋەدەك كۆزىنى يۇمۇپ شۇنچىلىك خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا مېھرىلىك باقتى، ئاندىن كۆكرىكىگە تېڭىقلىق تۇرغان بېشىنىڭ سىلكىنىپ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەم بىلەن، ئېھتىيات بىلەن گەۋدىسىنى ئازراق كەينىگە سۈردى ۋە دۈمبىسىنى ئارقىسىدا تۇرغان كىچىك بىر تاشقا راسلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئىككى تال شام چىرىسلاپ تاۋۇش چىقىرىشقا باشلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنى غارنىڭ ئىچىگە چېچىۋەتكەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا خىرەلەشتى ۋە ئاخىرىدا ئارقا - ئارقىدىن ئەبەدىي ئۆچتى. غارنىڭ ئىچى بىردىنلا قاپقاراڭغۇلۇق

ئىچىگە پاتقانىدى، ئەتراپتىكى ھېچقانداق نەرسىنى ئىلغا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، پەقەت يىراقتىن ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان بۆرىنىڭ بىر جۈپ كۆزى، داخىنىنىڭ ئەپسۇن ئوقۇپ سانجىپ قويغان ئىككى تال نوقچىسىدەك يېنىپ تۇراتتى. مانا بۇ پىنھان ماكان بولسا دۇنيادىن ئەڭ يىراق، ئەڭ قاراڭغۇ جاي ھېسابلىناتتى. ياش خانىم مۇشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، يولدىشىنى ئويلاپ ئويغا پاتتى «ئۇ مېنىڭ يالغۇز ئېرىم، سۆيگەن يىگىتىملا ئەمەستى، بەلكى يەنە سىردىشىم، سەپدىشىم، دەرتلىرىمىڭ شېرىكى، تۇرمۇشىمنىڭ چېرىغى، جۈملىدىن بارلىقىم ئىدى. بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمدا ئۇ يوق، بېشىمنى تېزىغا قويۇپ ئىچىمنى تۆكىدىغان يولدۇشۇم ئەمدى يوق. ئەمدى ئېرىمنى كۆرەلمەيمەن. بەجايىكى ئۇ مېنى پەقەت قەلبىدە كۆرگەنىدەك مەنمۇ ئۇنى قەلبىمدىلا كۆرەلەيمەن» ياش خانىم ئەنە شۇنداق ئويلار ئىچىدە گويا ئۇرۇق چېچىپ قويۇپ، بىخ چىقىرىشىنى سەۋر بىلەن كۈتكەن دېھقانىدەك تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ياتتى ۋە ئاخىرى ئۇزۇن تۈننىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆزىنىڭ قانىداق ئۇيقۇغا ئېلىنغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى.

## 36

ئىنسانلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا ئۇن مىڭ يىللار بولغىنى بىلەن، ئورمانلاردا ۋە غارلاردا ياشىغان ۋاقىتلىرىغا بەلكى مىليون يىللار بولغان بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن يەنىلا ئىنسانلارئۈچۈن تاغلار ۋە غارلار

ياد ئەمەس. بەلكى مۇنداق هاياتقا ماسلىشىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىيتىدە مەۋجۇت. شۇ ۋەجىدىن ياش خانىم بىلەن بالا ئەنە ئاشۇ ئەجداتلىرى ياشىغان تۇرمۇشقا قايتىپ كەلگەندەك، ئۇشبۇ غارنىڭ ئىچىدە ۋەهشى هايۋان قاتارىدىن سانىلىدىغان بۆرىنىڭ يېنىدا خاتىرجەم ئۇخلاپ، تاڭنى ساق ـ سالامەت كۈتىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كىچىچە ئۇخلىغان ئۇيقۇسىنى مۇشۇ كەمگىچە ئۇخلىغان ھەرقانداق ئۇيقۇغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانلار تارىخىدىن ئېيتقاندا ئادەملەرنىڭ ۋەهشى هايۋانلار ئارىسىدا ياشىشى ئاناچە ياد بىر ئىشمۇ ئەمەس. دائىم ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋەهشى هايۋانلار بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلانىڭ بۆرە بىلەن باغلىنىشلىقى بار بولغان نۇرغۇن رىۋايەتلەر، ئەپسانىلىرى بار ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار بۆرىنى ئۆزگە توتېم قىلىپ تاللىغان بىر مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق چوقۇنۇشىغا سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىل بولسا بۆرىدە باشقا هايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە مەنىۋى بويسۇندۇرۇش قۇدرىتىنىڭ بولغانلىقىدا. قەدىمكى زامانلاردىكى مەزكۇر ئۇلۇغ، مۇستەھكەم بۆرە توتېم روھى ئۇيغۇر قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى تۈرك مىللەتلىرى روھىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇشبۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋە خاراكتېرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار بۆرە روھىنى ئۆزلىرىنىڭ خارەكتىرىدە نامايەن قىلغان ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈشلەردە ئاجايىپ جەڭلەرنى قىلىپ، شانلىق ئىمپېراتورلۇقلارنى قۇرۇپ، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. بىر مىللەتنىڭ خارەكتېرى شۇ مىللەتنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ خارەكتېرى قەيسەر، ئىلگىرلەش،

ئىزدىنىش، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش، ۋاقتى كەلگەندە تەۋەككۈلچىلىك قىلىش روھىغا باي بولسا، شۇ مىللەت روناق تېپىپ، ئەركىن، ھۆر ياشايدۇ ۋە مەڭگۈ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ. زەيىپ خارەكتېرگە ئىگە مىللەتلەر دۇنيا مىللەتلەر قاتارىدىن شاللىنىپ كېتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ خارەكتېرىدىكى ئاجىزلىق جىمىكى بالا ـ قازانىڭ مەنبەسى.

تاڭ يورۇشقا باشلىغانىدى، ياش خانىم ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچقانىدى، كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ ياتقان ئوغلىنىڭ ئانىسىنىڭ مىدىرلىشى بىلەن تەڭلا ئويغاندى. بالا تازا ئۇيقۇغا قانغادەك قىلاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇنۇگۈنكى سەھەردىكىدەك يەنىلا پاقىراپ تۇراتتى. ياش خانىم ئۇ كۆزلەرنىڭ ئىچىگە سۆيگۈ ۋە ئۈمىد بىلەن باقتى. ۋاھالەنكى، توكۇر بۆرە ئاخشام ياتقان جايىدا كۆرۈنمەيتتى، يېنىغا قويۇپ قويغان قېزىمۇ يوق تۇراتتى. ياش خانىم سەل ئەجەپلەندى ۋە سىرتقا بىرەر نەرسىنى ئوۋلاشقا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى ۋە سەل جىددىلىشىپ ئورنىدىن دەرھال تۇردى. بەللىرى، پۇتلىرى، قوللىرى تىلىپ، كۆيۈشۈپ ئاغرىپ كەتكەنىدى. غارنىڭ ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭدى، ئەتراپقا قۇلاق سالدى، ھېچقانداق تاۋۇش ئاڭلانمايۋاتاتتى. ياش خانىم يەرگە قارىدى، يەردە يېشىل لۆڭگە يېيىقلىق تۇراتتى، ئۈستىدە قورۇق پېلاستىك قاچا، قاچىنىڭ ئىچىدە ئىككى تال قوشۇق ۋە پوملانغان سالفىتكىلار تۇراتتى. ياش خانىم ئويلۇشۇپ ئولتۇرمايلا، پىلاستىك قاچىنى يېشىل لۆڭگىگە ئوراپ سومكىسىغا سالدى ۋە يەرگە بىر قۇر قارىۋەتتى، يەردە يىڭنىچىلىك كىچىك بىر نەرسىمۇ كۆرۈنمەيتى. ئۇ

سومكىنى كۆتـۈرۈپ باقتى، دەرۋەقـە، سـومكا ھېلـىلا يەڭگىلـلەپ قالغانــدى. ئـۇ دەرھــال توكــۇر بــۆرە ياتقــان تەرەپكــە مېڭــىپ ئەتراپىنــى ســىنچىلاپ بىــر قېقتىــم كۆزەتتــى ۋە ئــۇ تەرەپتىــن ســىرتقا توتاشــقان بىــر تــار يولنىــڭ بارلىقىنــى پەملىــدى. يــاش خانىـم شـۇ ياققـا قـاراپ ئىختىيارسـىز ماڭـدى، گەۋدىسـى شـۇ تەرەپكـە يېقىنلاشقانسېرى، كۆزىگـە كۆرۈنىۋاتقـان تارتىچىـق بىـر يــول روشــەن رەۋىشــتە كۆرۈنۈشــكە باشــلىدى، مانــا بــۇ يــول ئۆلارنىـڭ چىقىـش يولـى ئىـدى، ئۇشـبۇ يول ئۆلارنـى ئەركىنلىككە مۇيەسسـەر قىلىدىغـان ئـەڭ ئاخىرقـى مۇقـەددەس يولـى بولـۇپ ھېسـابلىناتتى. يـورۇپ تۇرغـان يـول بولسـا يـاش خانىمنىـڭ روھىغـا تەسـىر قىلغانـدى، كاللىسـىنىڭ ئىچىـدە ئۆزىگـە ھـوزۇر بېرىۋاتقــان بىــر تۇيغــۇ پەيــدا بولــدى. ئــۇ تەبەسســۇم بىلــەن ئوغلىغـا قارىـدى ۋە ئۆشنەسومكىسـىنى دۇمبىسـىگە ئېسـىۋاتقان ئوغلىنىــڭ قېشــىغا يۈگــرەپ بېرىــپ، چىڭگىــدە قۇچاقلىــدى، مـۇزدەك يـۈز- كۆزلـىرى مېھـرى بىلـەن سـۆيدى. تـاڭ سـەھەردە ئانىسـىنىڭ چەكسـىز سۆيگۈسـىگە مۇيەسسـەر بولغـان بالىنىـڭ كۆزلىرىدە بەخت ئۇسۇل ئوينىدى. ئانا ۋە بالا چەكسىز ھاياجان ئىلكىــدە ســىرتقا تۇتاشــقان غــار تونىلىغــا كىــردى ۋە ســىيلاپ - سـىيپاپ ماڭـدى، ئـۇلار ئالدىغـا ماڭغانسـېرى يورۇقلۇقنىـڭ دەرىجىســى بارغانســېرى كۈچىيىــپ بېرىۋاتقانــدى، ئايدىڭلىــق ئۆلارنىــڭ كۆزلىرىگــىلا ئەمــەس، قەلبىگــە، روھىغــا تەســىر قىلـدى ۋە روھىـدا ئەركىنلىـك تۇيغۇسـى بالقىشـقا باشـلىغانىدى. ئۇشــبۇ يورۇقلــۇق ئۆلارنــى ماگىنىتتــەك تارتىــپ، قەدەملىرىنــى تېزلەشــتۈرۈپ، كۈيۈشــۈپ كەتكــەن بەدەنلىرىگــە قايتىدىــن جــان كىرگۈزگەنــدى. ئــۇلار گويــا ئۆســۈملۈكلەرگە ئوخشــاش

يورۇقلـۇق بولمىسا پولۇشـۇپ، ئۆلـۈپ، چىرىــپ كەتىدىغانــدەك شـۇ يورۇقلۇققا شـۇنچىلىك تەشـنا ئىـدى، يورۇقلـۇق ئۇلارنىــڭ ھاياتىنىــڭ مەنبەســى، ئەركىنلىكىنىــڭ ئۇمۇرتقۇســى ئىــدى. دەرۋەقـە، ئىنسـانلار يورۇقلۇققا مۇختاج، تاڭ قۇياشـىغا مۇختاج، تەڭــرى ھــەر كۈنــى تــاڭ ســەھەردە قۇياشــنى كــۆك يۈزىــدە پاقىرتىـپ، ئىنسـانلار ئۆزلىرىنـى بەختسـىز قىلغـان نەرسـىلەردىن قۇتۇلـۇش ئۈچـۈن لازىـم قىلىدىغـان ۋاقىتنـى ھازىـرلاپ تۇرىـدۇ. شـۇ ۋەجىدىـن ئىنسـانلار ئۇلـۇغ تەڭرىگـە ئـەڭ بولمىغانـدا ئاشـۇ بىـر تـاڭ ئۈچـۈن تەشـەككۈر ئېيتىشـنى بىلىشـمىز لازىـم. گەرچـە بـۇ كـۈن ئالدىنقـى كۈنگـە ۋە ئەرتىگـە ئوخشـىغاندەك قىلغىنـى بىلـەن، بـۇ كۈنگىمـۇ ئۆزگىچـە مۆجىزىلـەر يوشـۇرۇنغان بولىـدۇ. ئىگەكىـم، ھـەر كىمـدە بۈگۈنىنىـڭ قەدىرىگە يەتكۈدەك جاسـارەت بولسـا، قورقمـاي تەۋەككـۈل قىلىدىغـان كۈچلـۈك خارەكتىرگـە ئىگـە بولسـا، روھـى بىلـەن جىسـمى ھامـان قاراڭغـۇ غارلاردىـن قۇتۇلىــدۇ.

## 37

يـاش خانىـم بىلـەن بـالا سـاق ـ سـالامەت غارنىـڭ سـىرتىغا چىققانىــدى، ســوغۇق ســاپ ھــاۋا كېلىــپ ئۇلارنىــڭ يۈزىگــە ئۇرۇلـدى، نەپـەس يوللىـرى تـاغ ھاۋاسـىغا تولـدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ســەل ئېگىــزرەك بىــر يــەردە تۇرغانلىقىنــى بايقىــدى. تــۆۋەن تەرەپتىكـى تـاغ يولـى جەنۇپتىـن شـىمالغا قـاراپ سوزۇلغانىدى، يــەردە ئايــاق ئىزلىرىمــۇ بــار ئىــدى. مەزكــۇر ئىــزلار شــىمال تامـام ئۇزارغانىــدى. يـاش خانىـم ئەنـە شـۇ ئىزلارنـى بـويلاپ

شىمال قاراپ مېڭىشنى ئويلاپ، ئوغلىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، تۆۋەنگە ئاۋايلاپ چۈشتى ۋە يۇقۇردىكى غارنىڭ ئېغىزىغا نەزەر كۆزىنى ئاغدۇردى. تۆۋەندىن قارىغان ئادەمگە غارنىڭ ئېغىزى ئېنىق كۆرۈنمەيتتى، ئالدىدا يوغان بىر تاش قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يانلىرىنى بولسا كىچىك ـ كىچىك تاشلار ئوراپ ياتاتتى، ئۇشبۇ تاشلار قار ئىچىدە سەدەپدەك پاقىراۋاتاتتى. ئۇلار ئەتراپقا يېتىپقاپ قارىغاندەك نەزەر تاشلىدى، شەپەق شولىسى بىلەن جۇلالانغان قىيالار، قارلىق داللار، ئورمانلار ۋە كۆك يۈزى بەرق ئۇرۇپ چاقناپ، كېچىدە نۇر چاچىدىغان يالتىراق رەڭدار كرىستال تاشلاردەك گۈزەل كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتراپنىڭ موھىتى ياش خانىمنىڭ كۆزىگە ئۆزلىرى كەلگەن يەرلەرنىڭ موھىتىدىن پەرقلىنىپ بىلىندى ۋە ئىچىدىكى خاتىرجەملىك تۇيغۇسى يەنە بىر دەرىجىدە يۇكسەلدى. ئۇشبۇ غار بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئۆتىدىغان يول ئىكەنلىكى ئاخشام ئۇنىڭ ئەقلىگە زىبىز كەلمىگەنىدى. پەقەت بۇ يولنى ئاشۇ توكۇر بۆرىلا بىلگەچكە ئىنسانلار بۇ تەبىئىي يولدىن بىخەۋەر ئىدى. غارنىڭ ئاغزىغا كەلگەن ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ يەردىن باشقا بىر دۆلەتكە پاسپورتسىز ئۆتىدىغان بىر يولنىڭ بارلىقىنى ئەقلىگىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئەسلىدە ئىككى دۆلەتنى تۇتاشتۇرىدىغان نەرسىلەر پەقەت ئەنە شۇنداق غارلار، تاغلار، دەريالار، ئورمانلار بولۇپ، مانا بۇ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئىلتىپاتى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتى. ئىنسانلار دۆلەت چېگرالارىغا سىم توساقلارنى قۇرۇپ، سېپىللارنى سوقۇپ ۋە ئۇ يەرلەرنى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قورallıق ئەسكەرلەر بىلەن قوغدىسىمۇ، يەنىلا

تەبىئەتنىڭ ئالدىدا چارىسىز قالدۇ. تەبىئەت هامان ئىنسانلار ئۈستىدىن غالىپ ! بولۇپمۇ تەبىئەتكە دۈشمەنلىك قىلغانلار هامان مەغلۇپ بولدۇ. تەبىئەت ياش خانىم بىلەن بالىغا ئۆز شەپقىتىنى كۆرسىتىپ، بەجايىكى قاراڭغۇ كېچىنىڭ قوينىدىن كۈندۈزنى چىقارغىنىدەك، ئۆزىنىڭ قوينىدىكى كىچىككىنە بىر يول ئارقىلىق ئۇلارنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۈردى ۋە توكۇر بۆرە يول باشلىغۇچى بولغانىدى.

ئۇشتۇمتۇت تاغ جىلغىسىنى دەخشەتلىك بىر ئاۋاز قاپلىدى، مانا بۇ ئاۋاز توكۇر بۆرىنىڭ سوزۇپ تۇرۇپ «هۇۋۇ.. هۇۋۇ..» قىلىپ هۇۋلاۋاتقان ئاۋازى ئىدى. ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىك توكۇر بۆرە غار ئاغزىدىكى قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، بېشىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، ئۇلار تەرەپكە قاراپ هۇۋلاۋاتاتتى ؛ ئالتۇن قوڭۇر رەڭلىك قويۇق يالىسى قىشنىڭ سوغۇق شامىلىدا هەيۋەتلىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. گويا كۆڭلى تەسكىن تاپالماي تۇرغان بىر ئاتىدەك، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئانا ۋە بالىنىڭ قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان ئىزلىرىغا تىكىپ، ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغىچە جايىدا مىدىرلىماي تۇردى. ئانا ۋە بالا ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقانىدى. توكۇر بۆرىنىڭ هۇۋلاشلىرى ئەمىنلىكتىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. تاغدىكى بۇ قارلىق دالانىڭ سۈكۈناتىنى بۇزغان توكۇر بۆرىنىڭ هۇۋلاشلىرى ياش خانىم بىلەن بالىغا شۇنچىلىك مۆجىزىۋى خاتىرجەملىك بەخش ئەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بۇ ئالەمنىڭ مىڭ تۈرلۈك ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ زېرىكمىگەن، ئۇزاق ئەسىرلەر بويى كۇرمىڭ ئۇرۇش - جىدەللەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نى - نى كۆچ - كۆچ لەرگە شائىت بولغان گىگانت شۇڭقار

چوققىسى ماۋى ساماغا سانجىلغان ھەنجەردەك ھەيۋىسى بىلەن ياش خانىم ۋە بالىغا يىراقتىن نىگاھىنى ئاغدۇرۇپ تۇراتتى. گۈزەل تاغ - دەريالار، باغ - بوستانلار بىلەن نەقىشلەنگەن يۇرتىدىن، ئىشىك - دېرىزىلىرى كۆك سىردا سىرلانغان قورا - جايلىرىدىن، ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان خولۇم - قوشنىلىرىدىن، خىزمەتداشلىرىدىن، ئوقۇغۇچى ۋە ئۇستازلىرىدىن، بوۋىسىدىن، يولدىشىدىن ئايرىلغان ياش خانىم بولسا ئوغلىنى يېتەكلىگەن پېتى، ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان قىيا تاشلاردىن، قېلىن ئورمانلاردىن، توكۇر بۆرىنىڭ ھەسرەتلىك ھۇۋلاشلىرىدىن بارا - بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسمان يورۇق، يۇلتۇزلار يوق ئىدى، دوگىلەك ئاي كۈمۈش كوڭغىراق ھالقىدەك ئەرشى ئەلاغا ئېسىقلىق تۇراتتى. ياش خانىم بىلەن بالا ئالاھەزەل ئىككى سائەتكە يېقىن يول يۈرگەندىن كېيىن، نىگاھىغا شەرق تامام شىمالغا سوزۇلغان مۇز تۇتقان دەريا كۆرۈندى. ئۇلار ئاستا - ئاستا دەريا لېۋىگە يېتىپ كەلدى، دەريانىڭ قىرلىرىغا قار پەردىلىرى تارتىلغانىدى. مۇز تۇتقان دەريانىڭ ئۇقاتى ئالتۇن قىرغاقتەك يالتىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئانا ۋە بالىنىڭ ئىچلىرى شۇنچىلىك ئىسسىق بىر ھوزۇرغا تولغانىدى. گەرچە ئۇلار ناشتا قىلمىغان بولسىمۇ، قوساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزمىگەنىدى، قەدەملىرى يەڭگىللەپ، ئەركىن چامداۋاتاتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ مۇز تۇتقان دەريادىن ئۆتۈشكە سەۋر قاچىسى تاشقانىدى. روھىغا يېڭى بىر تۇپراقنىڭ ھىدى ئۇرۇلىۋاتاتتى ۋە ئەجداتلىرىنىڭ روھىنى كۆرگەندەك قىلاتتى. ئۇلار يېڭى بىر ھەقىقەتنىڭ يولىغا قاراپ ئىلگىرلەپ ماڭدى، ئۆزلىرىنى

سىرتقى كۆللەردە ياشاشتىن قۇتۇلۇپ، سۈزۈك دەريادا ئۈزۈۋاتقان بېلىقلاردەك شۇنچىلىك بەختلىك، شۇنچىلىك ئەركىن، شۇنچىلىك خاتىرجەم ھېس قىلىپ، ۋۇجۇدىدا ئەركىن بىر روھ ئۇسۇل ئويناشقا باشلىغانىدى. ئۇلار ئەمدى يېڭى بىر ھاياتقا قەدەم تاشلىغانىدى، مەزكۇر يېڭى ھاياتتا ئەركىنلىك بار ئىدى. بار بولغاندىمۇ ئەڭ يېڭىسى بار ئىدى. ئەنە شۇ ئەركىنلىكنى ئۇلار ئەركىن بىر روھ بىلەن قوچاقلىدى. ئەمدى قۇياش چىقىپ، جاھان يورۇغان ئىدى، كۆڭۈل تۆنۈگۈنكىدىن ئىللىق ئىدى، سوغۇقنىڭ كۈچى قايتقانىدەك قىلاتتى. دەرۋەقە، قۇياش ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۇلۇغ ! ناۋادا قۇياشنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن ئىسسىقلىقى بولمىسا ئىدى، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئىنسانلار ئىسمىنى بىلمەيدىغان نامەلۇم پىلانىتلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولار ئىدى ؛ قۇياش يورۇقلۇقى، ئىسسىقلىقى ۋە تال - تال گۈزەل نۇرلىرى، قىپقىزىل شەپەقلىرى بىلەن گۈزەل؛ ئۇنىڭ چىقىشىمۇ گۈزەل، ئولتۇرۇشى ئاندىن گۈزەل. مۇبادا قەبرىلەرنى ئېچىپ ئۆلۈكلەردىن كۆڭ نۇرىنى كۆرۈشنى خالاپ - خالىمايدىغانلىقىنى سورىسا، چوقۇم ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، كۆڭ نۇرى كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىشى مۇقەررەر. ئەي ئۇلۇغ قۇياش، ئەي ئۇلۇغ تاڭ نۇرى، سەن نېمە دېگەن گۈزەل! شۇ ۋەجىدىن سېنىڭ ئىسمىڭ قۇياش، قۇياش دېگەن بۇ نام نېمە دېگەن قۇتسال ئىسىم ھە! ئەگەر قۇياش بولمىسا تاڭ دېگەن بۇ سۆز بولمىغا بولار ئىدى. يەنە پۈتۈن جاھان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە بەنت بولۇپ، يەر شارىدىكى بارلىق مەۋجۇدات ئۆز گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىش

ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالار ئىدى ۋە ئالەمنى مۇز قاپلاپ، بارلىق جانلىقلار ھاياتلىقتىن مەھرۇم قالار ئىدى. ئەي سۆيۈملۈك قۇياش سەن بولمىغان بولساڭ مۇشۇ شۇنچىلىك پاك، شۇنچىلىك سەبىي، شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل، شۇنچىلىك مۇلايىم، شۇنچىلىك ئەقىللىق، شۇنچىلىك ئىرادىلىك، شۇنچىلىك تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي، شۇنچىلىك ئەركىنلىك روھىغا ۋە شۇنچىلىك جەسۇر خارەكتېرگە ئىگە ئانا ۋە بالىنىڭ قاراڭغۇ غارنىڭ ئىچىدىن چىقىشىغا نە ھاجەت ! ئالدىدا تۇرغان مۇز تۇتقان دەريادىن ئۆتۈشىگە نە ھاجەت ۋە ئەركىنلىكنى ئارمان قىلىشىغا نە ھاجەت ! ئەي نۇرلۇق قۇياش سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئۇلار ئەركىنلىككە قاراپ قېچىۋاتىدۇ، سەن مۇشۇ كۆك ئاسماندا چاقناپ تۇرىدىغانلا بولساڭ ئانا بىلەن بالا ھامان ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

قاراڭغۇ تاغلار ئاراسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئاجايىپ پارلاق بولۇپ، نۇرلىرى مۇز تۇتقان دەريانىڭ قىرغاقلىرىنى ئالتۇن رەڭلىك زەرلىك بىلەن بېزىگەنىدى. سۇزۇلىۋاتقان يېڭى تاڭنىڭ يورۇقى مۇز تۇتقان دەريا يۈزىدە ئەكس ئېتىۋاتاتتى، تاغ شاملى سىيپىلىپ مۇز تۇتقان دەريا يۈزىنى سىلاۋاتاتتى. قىرغاقلىرىدىكى قومۇشلارنىڭ دانە - دانە مۇز چوكىغا ئوخشاش توڭلاپ قالغان پۆپەكلىرى ئۈستىگە قونغان قارلار كامانچەدىن توزۇغان پاختىدەك ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرەتتى. دۆڭلۈكتىكى يېزا يولى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتاتتى. ياش خانىم ئەنە شۇ يولغا يېتىش ئۈچۈن مۇز تۇتقان دەريانىڭ ئۈستىدە مۇۋازىيەتىنى يوقىتىپ بەئەينى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەپەڭشىپ كېتىۋاتقان يەلكەنلىك كېمىدەك ئىككى تەرەپكە

تەۋرىنىپ، ئالدىغا، كەينىگە تىپىلىپ مېڭىۋاتاتتى. بالىنىڭ ئەپتىدە خەۋپسىرەشنىڭ ئىپادىسى كۆرۈلمەيتتى، ئۇ ناھايىتى مەغرۇر، پەرۋاسىز ئىدى، ئەمدىلا قانات چىقىپ ئۇچۇشنى ئۆگىنىۋاتقان قۇشلاردەك ئىككى قولىنى كېرىپ، تىمچەكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قاش - كىرپىكلىرىنى قىرو باسقان، كۆزلىرىنىڭ ئىچى ئۇمىدكە تولغانىدى. دەريانىڭ كۆكۈش مۇز تۇتقان يۈزىدە ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ، ھارۋا بىلەن چانىلارنىڭ ئىزلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدىكى ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان مۇز تۇتقان دەريا يۈزى ناھايىتى مەزمۇت بولۇپ، ھېچقانداق قاراسلىغان بىر ئاۋاز چىقارمايۋاتاتتى. ياش خانىم ئوغلىنىڭ جەزمدارلىقىغا قاراپ زوقلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار مۇز تۇتقان دەريانىڭ ئۈستىدە ئەنە شۇ تەرىقىدە مېڭىپ، بىردەمدىلا ئۇقاتقا ساق - سالامەت ئۆتۈۋالدى، ياش خانىم دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە كۆز يۈگەرتتى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ئۇلار ئۇچۇن قورقۇنچلۇق تۇيۇلمىدى، ئۇلار ئەنە شۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭلۈككە يامىشىپ چىقتى ۋە سەدەپتەك جېمىرلاپ تۇرغان قار باسقان دالاغا كۆز تاشلىدى. ئۇ تەرەپتە بولسا بىر يېزا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ياش خانىم ھېچ ئىككىلەنمەي ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاشۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. يەنە شۇنداقتىمۇ ئىچىدە ئەندىشە تۇغۇلدى، يېزىغا يېقىنلىغانسېرى، يېزا ئۆيلىرىنىڭ قاڭالتىرلىق ئۆگزىلىرى ۋە تۈڭلۈك پەنجىرىلىرىنىڭ مۇز تۇتقان ئەينەكلىرى كۆرۈندى، ئۆگزىنىڭ قاڭالتىرلىرى غۇلجا يېزا ئۆيلىرىنىڭ قاڭالتىرلىق ئۆگزىلىرىدەك قىزىل سىردا، پەنجىرىلىرىنىڭ

راملىرى بولسا كۆك سىردا سىرلانمىغان ئىدى. پەقەت قانداق سىردا سىرلانغانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايتتى، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنىڭ قاڭالتىرلىرى كونىراپ، دات بېسىپ كەتكەنىدى، پەنجىرە كىشەكلىرىنىڭ سىرلىرى ئۆڭۈپ، ئۇركۈپ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان هالدا كۆزگە چېلىپ تۇراتتى. ياش خانىم ئۆيلەردىكى بۇ خىل ئالاهىدە ئالامەتلەرگە قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ قازاغىستان تېررىتورىيەسىگە تەۋە يېزىلارغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى مۇتلەق رەۋىشتە جەزملەشتۈردى. ياش خانىمنىڭ ئىشلىرى ئويلىغىنىدەك ئوڭدىن كەلسە، دەرهال تۇتقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرهال چوڭ شەهەرلەرنىڭ بىرسىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا بېرىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بىرسىگە كېتىش ئىلتىماسىنى سۇناتتى ۋە ئىشنىڭ نەتىجىسى كۆتكەن يېرىدىن چىقىپ، پانالىق ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ قالسا، ياۋروپاغا كېتىشنى ئارزۇسى بار ئىدى. بۇ ئىشلار توغرىسىدا بۇرۇنلا ئويلاشقان ۋە قانداق قىلىش، نېمىلەرنى دېيىش ۋە قانداق ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇش قاتارلىقى بىر يۈرۈش رەسمىيەت بېجىرىشكە كېتىدىغان ماتېرىياللارمۇ يېنىدا هازىر ئىدى؛ كاللاسىدا ئۇلارغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن هېكايىلىرى تەييار ئىدى. مۇبادا ئەنە شۇ ئويلىرى ئەمەلگە ئىشىپ، ئىشنىڭ نەتىجىسى كۆتكەن يېرىدىن چىقسا، يەنە ئىككى ئايغا قالماي ئۆزلىرىنى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بىرىدە كۆرەتتى. دەرۋەقە، ياش خانىمنىڭ گېرمانىيەگە كېتىش ئارزۇسى بەكمۇ يۇكسەك ئىدى. مانا هازىر ئەنە شۇ ئاداققى ئارزۇ - ئۇمىدلىرىنىڭ تېزراق ئەمەلگە

ئېشىشى ئۈچۈن، ئوغلىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان ياش خانىم يېزىنىڭ قويىنىغا كىرىپ كەلدى. يېزا قورالىرىدىن غورازنىڭ چىللاشلىرى، سېغىزخاننىڭ شاراقلاشلىرى، تۈپ - تۈپ قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى، تۇرخۇنلاردىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان قويۇق تۈتۈننىڭ پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلماقتا ئىدى. تاڭ شاملى ئانا ۋە بالىنىڭ يېڭىلا خۇمداندىن چىققان كوزىدەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭسىزلىرىگە سوقۇلىۋاتاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاپئاق قارلاردەك يۇمشاق ھېس - تۇيغۇ چايقىلىۋاتاتتى. يېزىنىڭ جازىبەسى ئانا ۋە بالىنى ئەسىر ئالغانىدى. شۇ دەملەردە ياش خانىمنىڭ يۈرىكى مەنىلىك ئەركىن سىگناللارنى پۈتۈن بەدىنىگە يوللاۋاتاتتى، ئۇشبۇ سىگناللار ياش خانىمنى ھاياجانغا سالغانىدى، مانا بۇ ھاياجان ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ھەي ! بۈيۈك ئەركىنلىك، مۇبادا سېنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىڭ بولمىسا ئىدى، ئۇلار چېگرادىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن بولاتتى. ئەمدى ئۇلار سېنىڭ ئىنسان روھىغا روھ قاتىدىغان ئاجايىپ سېھرى كۈچىنىڭ بارلىقىنىڭ گۇۋاچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇلارنى سەن ئويغاتتىڭ، سەن قۇتقازدىڭ، سەن ئۆز قوينۇڭغا ئالدىڭ، سەن توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيدىغان ئىمكانىيەتنى سۇندۇڭ، سەن ئۈمىد بولدۇڭ، ئۈمىد بولمىسا ئىنسان ياشىمايدۇ - دە ! ياش خانىم ئۆزىنى ھېچ بىر زامان ھازىرقىدەك تاتلىق بەختلىك تۇيغۇغا چۆمۈلگەن ھالدا ھېس قىلىپ باقمىغانىدى، ئۇ «كاشكى، ئىچىمدىكى مۇشۇ بەختلىك تۇيغۇلىرىنى ئۆز پېتى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىلەن جۈملىلەرنى تۈزەلىگەن بولسام!» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تاۋۇشسىز پىچىرلىدى.

## 38

ئايروپىلاننىڭ تۆۋەنلىشىدىن پەيدا بولغان قاتتىق سىلكىنىش ياش خانىمنىڭ خىيال دەرياسىغا تۇتقان مۇزغا پالتا ئۇرغانىدى. دۇنيادىكى ئەڭ تېز نەرسە ئادەم تەسەۋۋۇرىنىڭ تېزلىكى بولسا كېرەك. ياش خانىم يۇقۇرى - تۆۋەن تەۋرىنىپ، بارغانسېرى پەسلەۋاتقان ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن لېرىك ئېقىۋاتقان مايىن دەرياسىغا قادىلىپ قالغان كۆزلىرىنى ئېلىپ، ئاسمانغا تىكتى، ئاسماندا ھېچقانداق بۇلۇت يوق ئىدى، ھاۋا شۇنچىلىك سۈزۈك، يەر يۈزىدىكى دەريادەك كۆپكۆك ئىدى؛ دەرۋەقە، شۇ دەمدە يەرمۇ كۆك، ئاسمانمۇ كۆك ئىدى. يۇقۇرى - تۆۋەن ھەممە تەرەپتە كۆك رەڭنى كۆرگەن ئانا ئۆزىنى شۇنچىلىك ئازادە ھېس قىلىپ، روھىدا ئەركىنلىك تۇيغۇسى تېخىمۇ جۇش ئۇردى. ياش خانىمنىڭ خىيالىغا دەرھال كۆك بايراق كەلدى، ئەينى چاغدا تۈركىيەگە ساياھەتكە چىققان چاغدا كۆك باراقنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ۋە بۈگۈنكىدەك روھىدا ئەركىنلىك تۇيغۇسى بالقىغانىدى. شۇنىڭدىن مۇقەددەم ياش خانىمنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رەڭگى كۆك رەڭ بولۇپ قالغانىدى ۋە كۆك رەڭنى كۆرگەن ھامان كۆڭلى يورۇپ، ئۆزىنى ئەركىن، ئازادە ھېس قىلاتتى. ئۇ ئىچىدە «كۆك رەڭ ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى، كۆك رەڭ دېمەك ئەركىنلىك دېمەكتۇر» دەپ پىچىرلىدى ۋە كۆزىنى دېرىزىدىن ئېلىپ ئوغلىغا قاراتتى. بالىمۇ ئۇيقۇسىغا قېنىپ كۆزىنى ئاچقانىدى ؛ ئۇنىڭ نازۇك بۇرۇنلىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇنچىدەك تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى، يۈزلىرى

ئانارنىڭ دانچىلىرىدەك قىزارغانىدى. بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ يۈزلىرى سوغۇقتىن ئەمەس، ئىچىدىن چىققان ئىسسىق ھارارەتتىن توقاش شاپتۇلدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ياش خانىم بالىنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىقنى، تەبەسسۇمغا، خاتىرجەملىككە قاراپ، ئوغلىنىڭ ئىچىدىكى قورقۇنچتىن ئىبارەت ئالۋاستىدىن پۈتۈنلەي ئازات بولغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە «گېرمانىيەگە كەلدۇق !» دېدى. ئانىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتقان بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان بالا ھەيرانلىق ئىچىدە ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسى تەرەپكە قاراپ بويىنىنى سوزدى، دەل مۇشۇ چاغدا ئايروپىلاننىڭ چاقى زېمىنغا تەككەنلىكتىن، بالىنىڭ نازۇك گەۋدىسى تەۋرىنىپ كەتتى. ئانا ۋە بالا ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا ئەمەس كۈلكىگە تولغانىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن يۈزلىرىدىن كېلەچەكنىڭ نۇرى، نۆلدىن باشلايدىغان يېپ - يېڭى ھاياتنىڭ جىلۋىسى ئەكس ئېتىشكە باشلىغانىدى. دەرۋەقە، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىش ئۇلارنى ئەركىن دۇنياغا مۇيەسسەر قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ روھى قايتىدىن تىرىلگەنىدى. ئانىنىڭ قەلبىدە بالىنىڭ، بالىنىڭ قەلبىدە ئانىنىڭ يۈرىكىنى سوغارغۇچى پۈتمەس تۈگىمەس ھاياتلىق بۇلىقى جىمىرلاۋاتاتتى.

بالا شۇنچىلىك بەختلىك ئىدى، ئىستىگەن، ئارزۇ قىلغان ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى ئانىسىنىڭ مايىن دەرياسىغا قاراپ قىلغان تەبەسسۇمدىن ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ ئىككى ئايدىن بېرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان بەخت تۇيغۇسى بىردىنلا بالقىپ، جۇشقۇنلاشقا باشلىغانىدى، ئەنە شۇ جۇشقۇ ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە، سۈزۈك يۈزلىرىدە

جۈلالىنىپ تۇراتتى. بالا ئۇشبۇ بەختنى مەڭگۈ ياشنىتىش
ئۈچۈن ئۈمىد بىلەن ياشىشى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قوينىدا
ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئۈمىدىدىن
ۋاز كەچمەسلىكى ئۈچۈن مەزكۇر يېڭى دۇنيا قوينىدا، مۇشۇ
دۇنيانىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇشۇ
دۇنياغا جۈملىدىن ئۆز مىللىتىگە پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن
بىر ئۆمۈر ئىزدىنىشى كېرەك. ئايروپىلاننىڭ ئىچىدىكى ئاقۇچ
چىراغ نۇرىدا بالىنىڭ خاتىرجەملىككە تولغان چىرايى گويا
ئۆرۈك چېچىكى بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياغقان يامغۇردا
چۆمۈلگەن چېچەك بەرگىسىدەك ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى.
ئۇنىڭ روھىدا گويا ئەركىنلىك كۆكسىدىن ئوغۇز سۈتىنى
ئەمگەنىدەك ھۇزۇر بىر تۇيغۇ كۈۋەجەۋاتاتتى. بالىنىڭ روھىي
ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن ياش خانىم ئوغلىغا
قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى. دەل مۇشۇ دەمدە خەۋپسىزلىكنىڭ
مەنبەسى بولغان مەزكۇر زېمىندا ئايروپىلان ئاستا - ئاستا
مېڭىپ ئاخىرى توختىغانىدى. ئايروپىلاننىڭ چاقى تەككەن
ئۇشبۇ زېمىندا ئەركىنلىكنىڭ، دېموكراتىيەنىڭ بۇلۇقى بار
ئىدى، مانا بۇ بۇلاق دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك غەزىنە. بىر
ئىنسان ئۈچۈن ئەركىنلىكتىن ئېسىل، ئەركىنلىكتىن تاتلىق،
ئەركىنلىكتىن قىممەتلىك يەنە نېمە بار دەيسىز؟ ھەممىدىن
مۇھىمى ياش خانىم ئويلىغانلىرىنى، بېشىدىن ئۆتكەن
كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەركىن تەپەككۇر قىلىپ،
ئەركىن قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ چىقالايدۇ ئەمەسمۇ! دۇنيادا
ئۆز ئويلىرىنى ئەركىن يېزىشتىن باشقا يەنە قانداق ئېسىل
ئىش بولسۇن ؟!